20 ـ

سان



AltunOq

# بۇلاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بۇلاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

8-يىل نەشرى

(ئومۇمىي 20-سان)

1987

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇلاق (ئومۇمى 20 - سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشىر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
1987 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى

ISBN7 – 228 – 00045 – 5/I·14

源 泉 （维吾尔文，丛刊，总第20期）

(ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
باسما تاۋىقى: 14.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1987 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1— 3,500 باھاسى: 1.45 يۈەن

# بۇلاق

بوستاندا

1987 - يىل ئومۇمىي 20 - سان

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

دىۋان شەۋقى ........................................ مۇھەممەد رەسۇل 1
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا، ھەبىبۇللا مۇھىدىن
تۇھفەتۇلئۇششاق ........................................ تـوختى ئاخۇنۇم 70
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتئىمىن تۇردى
ئارەزى غەزەللىرى ........................................ ئەلىخان موللاخۇن ئوغلى 92
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

غەزەللەر ........................................ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىر 113
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جـاپپار ئەمەت

## مەشھۇر كلاسسىكلار

ھاپىز شىرازى ـــشەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز...ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 136

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

تەسەۋۋۇپ ھەققىدە ........................................ ۋ. زاھىدوۋ 144

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

يالپۇزخان (داستان) ........................................ 165
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىلى سايىت

لەيلى بانۇم ۋە شىرىنبانۇم (چۆچەك) ........................................ 178
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مىجىت ئوسمان
رىۋايەتلەر ........................................................ 195
نەشرگە تەييارلىغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى
بېيىت - قوشاقلار ........................................................ 203
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم مەخسۇت
لاپلار ........................................................ 209
تەييارلىغۇچىلار: مۇھەممەد رەھىم، غاپپار ئەخمەت
ماقال - تەمسىللەر ........................................................ 214
رەتلىگۈچىلەر: ۋاھاپ قادىر، تۇراپ دايىم
چاغاتايچە لۇغەت ........................................................ 216
تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت

بۇ ساندىكى سۈرەتلەرنى سىزغۇچى— ئابلىمىت ئابلىز، مەھەممەت ئايۇپ.
تېتول ۋە خۇش خەتلەرنى ئىشلىگۈچى — تۇردى قادىر نازىرى.
كونچىكلار مەشھۇر رەسسام سېمىيان ئادولفوۋىچ مالت ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى — لىيۇپېيچىڭ.

**مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە:** شائىرە زىبۇننىسا شېئىر ئوقۇماقتا. رەسسام ق. بەشەرۇۋ. 1981 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «زىبۇننىسا، دىلشاد ۋە ئەنبەر ئاتىنلار شېئىرىيەتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

**2 - بېتىدە:** زەھىرىددىن بابىر مەسجىدتە (1493 - 1494 - يىللار) «بابىر نامە» گە بېرىلگەن قىستۇرما سۈرەت. 1956 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ھىندى سەنئىتى» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى.

**3 - بېتىدە:** ئىككى شەھزادە بابىرنى قارشى ئالماقتا. (1502 - 1503 - يىللار)، «بابىر نامە» گە بېرىلگەن قىستۇرما سۈرەت. «ھىندى سەنئىتى» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى.

**4 - بېتىدە:** خۇسرەۋ شىرىننىڭ ئوردىسىغا كەلدى. «خەمسەنىزامى» غا بېرىلگەن سۈرەت. 1440 - يىلى سىزىلغان. 1979 - يىلى ئىستانبولدا نەشر قىلىنغان «ئىسلام رەسساملىرىدىن پارچىلار» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن
مۇھەررىرلەر: نىجات مۇخلىس، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن.




## مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا
ھەبىبۇللا مۇھىددىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

«شەۋقى» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ بۇ قىممەتلىك مىراسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي خەزىنىسىگە يېڭى بىر مەرۋايىت سۈپىتىدە تىزىلدى ۋە XIX ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەلۇم بوشلۇقنى تولدۇردى.

«دىۋان شەۋقى» ناملىق قولىيازما يەركەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى يولداش ھەبىبۇللا مۇھىددىنىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى بىلەن تېپىلغان. بۇ قولىيازما 32 فورمات، 192 بەت بولۇپ، كۆچۈرۈلگەن قەغىزى ۋە مۇقاۋىلىنىشىدىن XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ئەتراپىدا قايتا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن، ئاپتور «دىۋان» دىكى «تارىخ» رادىفلىق بىر غەزىلىدە ئۆزى توغرىلىق تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

بەيان ئېتەي ھەمە ئۆمرۈم بەناسى ئان تارىخ
مىڭ ئىككى يۈز ئۆتتۈبان ھىجرەتى شىدھان تارىخ

ئۈچۈنجى يۈزدە تۇغۇلدۇمكى ئىشقىنىڭ باشىغە
باشىگە يەتمىش ئېرۈر ئۇشلاغان زەمان تارىخ

مۇسەننىف ئىسمى مۇھەممەد رەسۇل بەنامى رەسۇل
پەيەمبەر ئىسمىغە چۇن فەخر ئېتەر جەھان تارىخ

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتورنىڭ ئىسمى مۇھەممەد رەسۇل بولۇپ، ھىج-

www.uyghurkitap.com



رىبيە 1270 - (مىلادى 1853 - ) يىلى تۇغۇلغان. كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا كاتىپ تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان بىر پارچە قەغەزگە: «بۇ شەۋقى كىتابىنىڭ مۇسەننىفى گۇما قوشتاغلىق موللا مۇھەممەد رەسۇل بىننى موللا نەزەر ئەفىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئۇل كىشىنىڭ قەلەم رىشھەسىدىن يېزىلغان ئىكەنلەر» دېگەن قۇرلار يېزىلغان. ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمى توغرىسىدا ئېيىتقانلىرى بىلەن بۇ سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ئاپتورنىڭ يۇرتى گۇما ناھىيىسى «قوشتاغ» كەنتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

قولىيازما دىۋان شەكلىدە تۈزۈلگەن. دىۋاندا غەزەللەر ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. غەزەللەردىن باشقا رۇبائى، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەببەلەرمۇ بار.

شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا كۆپىنچىسى دىنىي تېمىدىكى شېئىرلار بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم قائىدە - يوسۇنلىرىنى شەرھلەيدۇ. لېكىن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلارمۇ، مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىر نوقۇل دىنىي تېما بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. بەلكى، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۇنىڭ نەزەرىدىن چەتتە قالمىغان. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى: «بۇ قولىيازما شائىرنىڭ ھەممە ئىجادىي ئەمگىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق توپلام بولماستىن، بەلكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلىرىلا تاللىنىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن. شائىرنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى، دىۋاننىڭ باشقا نۇسخىلىرى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

قولىيازمىدىكى ئەسەرلەر، پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ راۋانلىقى، قاپىيىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ئاپتورنىڭ ئەينى دەۋردە يېتىلگەن ئالىم ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. قولىيازما تەركىبىدە يەنە ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارمۇ خېلى ئۇچرايدۇ.

ئومۇمەن «دىۋان شەۋقى» خەلقىمىزنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك مەدەنىي بايلىقى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر نۇرلۇق مەرۋايىت.

بىز يېقىندىن تېپىلغان «دىۋان شەۋقى» ناملىق ئەسەرنى ۋە ئۇنىڭ ئاپتورىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە تۈركى تىل بىلەن يېزىلغان ئازغىنا بىرقىسىم غەزەللىرىنى تاللاپ كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا تەقدىم قىلدۇق.

## غەزەللەر

ئىبتىدا ئەيلەدىم بەنامى خۇدا،
رەمز كۇن بىرلە خەلق ھەر دۇ سەرا.

چۇن دەلىل سانىئى دۇ ئالەمگە،
سابىت ئولمىش ھەقايىقى ئەشيا.

ئەهلی هەق ئەيتتىلەر مۇنی بىشەك،
ئاڭا قىلمىش خىلاف سۇفسەتا.

ئىلمی تەھقىق بەر هەقىقەتی شەيئ
تۇتىئى جانفەزا ئىمىش گويا.

ئىلمی هاسىلغە ئۈچدۇر ئەسبابىن،
بىر هەۋاسی سەلىمە ئول ئەئزا.

خەبەری سادىق ئول بىری ئۈچىدىن،
يەنە بىر ئەقلدۇر ۋەزىرۇ شاه.

خارىج ئەتتی بىرىنی ئەللامە،
ئىلمی ئەسبابدىن بۇ پىری هۇدا.

چىقارىپ بارچەنی زەلالەتدىن،
ئەيلەدىلەر ئەقىدەنی بەرپا.

قائىل ئولدۇق هۇدۇسی ئالەمگە،
مۇهدىسی مەر هۇدۇس يىگانە خۇدا.

جىسمۇ جەۋهەر ئەرز مۇسەۋۋەردىن،
پاكدۇرلەر خۇدايی بىهەمتا.

ئىلمۇ قۇدرەت هەياتۇ سەمئۇ بەسىر
هەم كەلامۇ ئىرادە مەشيە بەقا.

ئەين ئەمەس غەير ئەمەس سىفاتی قەدىم،
مۇتتەسىف جۇملەگی بىزاتی خۇدا.

بىجەمىئی ئەقائىدی ئىسلام،
كامىل ئىمانىمىز بىهەمدی ئىلاه.

ئەي خۇدايی ئەهەد كەرىم، سەمەد،
سەن غەنی دەرگەهىڭدە بارچە گەدا.

www.uyghurkitap.com

ساقلا ئىمانىمىز بەئىن ھالات،
رۇز مەھشەردە قىلماغىل رەسۋا.

مەرھەمەت قىل گەدائى شەۋقىغە،
لۇتف تەۋپىق فەزلى بىرلە خۇدا.

*　　*　　*

دەلىلى سانىئى ئالەمگە ئىسباتى جەھان پەيدا،
خۇدايى مېھرىبانىم ئاشكاراۋۇ نىھان پەيدا.

جەھان ھادىسلەرىغە لازىم ئولماقدۇركى مۇھدىسدىن،
ئۆزىچە بولماغاندۇرلار زىمىنۇ ئاسمان پەيدا.

زىھى قۇدرەت ئەدەمدىن ئەيلەبان مەۋجۇد مۇئەددەەنى،
ياساپ سۈرەتلەرىن ھەررەڭ تەن ئىچرە تازە جان پەيدا.

كۆرۈنمىشلەر جەھان ئەيۋانى ئىچرە رەڭ ـ بەرەڭ گۈللەر،
ئاچىپ ئىبرەت كۆزۈڭ كۆرگىلكى ياخشى باغبان پەيدا.

قاراپ كۆرگىل تەمام ئۈنمەككە بىر ئۈندۈرگۈچى لازىم،
ۋۇجۇدى دانەئى گەندۇمغە ئىسباتى سەمان پەيدا.

جەھان رەئنالارى مەئشۇق ۋەسلىدىن ئۈمىد ئەتكەچ،
قىزىلگۈل ئەشكى خۇندىن سەفھە رۇخسارىغە قان پەيدا.

چۇنان ئاشىق ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن ئاررزۇ ئەتكەچ،
چىقىپ سەۋتۇ سەداسىدىن تۈمەن تۈرلۈك فىغان پەيدا.

تەرەننۇم ئەيلەگەيلەر گۈل يۈزۈڭ شەۋقىدە بۇلبۇللار،
كېلىپ قالغاي دېبان مەجنۇن، ئاراغە لەيلى جان پەيدا.

قۇياش رەڭگىغە ئەكسىدىن قىزارماق گاھى سارغارماق،
تەلەتتۇف بىرلە قەھرىڭدىن قىزارماق زەئفىران پەيدا.

ھەۋادىسىغە مەھەلسىز قايىم ئۇلماق مۇمكىن ئېرمەسدۇر،
مەكان ھاجەت ئەمەسدۇرلەر قەدىمىغە لامەكان پەيدا.

مۇيەسسەر ئۇلسەلەر جامى ئەزەلدىن كاش شەۋقىغە،
فەنا دەيرىدە كۆرگەيكىم ھەياتى جاۋىدان پەيدا.

* * *

زەھى لۇتفۇڭ نەسىمىدىن ئاچىلمىش بىرگۈلى رەئنا،
تەرەننۇم چەكتىلەركىم ھەرتەرەفدىن بۇلبۇلى شەيدا.

جەمالى شەمئىدىن سالمىش جەھانغە رەۋشەنالىقنى،
ئۆزىن ئۇردى ئوت ئىچرە ئاشىقى پەرۋانەلەر گويا.

مەزەللەت خاكىغە سۇرتۇپ يۇزىنى، يىغلابان مەجنۇن،
نىچۇككىم بولماغايلار سەن كەبى ئالەمدە بىرلەيلا.

چۇنان ئەۋۋارەيۇ سەرگەشتە دۇرلەر ۋامىقۇ فەرھات،
نىسار ئەيلەپ جانىن ھەردۇ ئەجەب شىرىن ئەجەب ئۇزرا.

زىلەيخانىڭ ۋۇجۇدىن كۆيدۇرۇپ كۆل قىلدىلار ئاخىر،
شەرارى ئىشقىدىن ئول شاھى كەنئان يۇسۇفى بەرنا.

گۇلىستانى ئىرەم ئىچرە ئەجايىب شەھپەرىدۇرسەن،
سەنەۋبەر گۇلپەرى ئىشقىدا بۇلبۇل ۋالەۋۇ شەيدا.

فىراقىڭ شىددەتىدىن قان يۇتۇپ سەيفۇلمەلىك يىللار،
بەلا دەشتىنى قەتئ ئەيلەپ كېچىپ جاندىن تاپىپ جانا.

سەدا كەلمىش ئەزەلنىڭ تۇتىسىدىن جانفەزا لەۋلاك،
تۇفەيلىڭدىن ياراتمىش ئەرشى كۇرسى جەننەتۇلمەئۋا.

يېتىشكەچ ئىلتىفاتى يا مۇدەسسىر يا مۇزەممىل قۇم،
بىمېئراجى ۋۇجۇدەش نەسسى سۇبھانەللەزى ئەسرا.

www.uyghurkitap.com



ئول ئاخشام بولدىلار ئاي كۈن يۇزلۇك خۇرشىدىدىن مەرھۇم،
ئۇرۇج ئەيلەپ مەقامىك قابى قەۋسەين تاكى ئەۋئەدنا.

سىنىك ھۇسنۇڭنى كۆرگەچ ئاي خىجالەتدىن بولۇپ پارە،
قىزارغاندىن قارالىقغە يېتىشكەچ داغ ئىلە بۇرجا.

رىكابىڭدا مەلائىك خەيلىدىن ھەر سارى يۇزمىڭ سەف،
سالىپ ھەرسەف شەياتىن مۇلكىگە تاراج ئىلە يەغما.

شىكاف ئەيلەپ فەلەكلەر سىينەسىنى دۇدى ئاھىدىن،
تىلەپ ئۇممەت گۇناھىن ئەشكى خۇندىن مەۋج ئۇرۇپ دەريا.

خىتابى يامۇزەممىل قۇم شەھىنشەھ گۇشۋار ئەيلەپ،
شەكەرخابىن بۇزۇپ ئولمىش ۋەرەم ئۇممەت غەمىدە پا.

بەيان ئولمىش يۇزلۇك خۇرشىدىدىن ۋەششەمسى تەفسىرى،
ساچىك سەۋداسىغە ۋەللەيلى سابىت ئەيلەمىش سەۋدا.

نىدا كويۇڭدا ئۇرمىش «سەۋفە يۇئتىكە فەتەرزا»نى،
رىزالىق ئىزدەبان مەئشۇق ھىمىن ئاشىق خۇداۋەندا.

ئەلەم نەشرەھ رىسالەت نۇرئىلە سىينەڭنى يازمىشكىم،
خەزىنە بەھرى رەھمەت گەنجى ئىرفان پۇر قىلىپ سەدرا.

كەرەم كۆرگۇز ئىنايەت ئەيلەبان يا ئەھمەدا قۇلغە،
سىنىك ئۇممەتلەرىڭدىن بىر قۇلى كىم رۇسىيا گۇمراھ.

نەسىمى ئىلتىفاتىڭدىن نەسىب ئولغايمۇ شەۋقىغە،
يېتىشكەچ ئۇمرى شۇبھى شام ئارا زۇلمەتدە ۋا شەۋقا.

* * *

پادىشاھا جۇرمى ئىسيانىم كەچۇرگىل خالىقا،
سەندىن ئولمىش ئەفۋى رەھمەت مەغفىرەت تۇرلۇك ئەتا.

يوق ئىدۇك بار ئەيلەدىڭ لۇتفۇڭنى ئىزھار ئەيلەدىڭ،
ئەۋۋەلا خەلق ئەيلەدىڭ نۇرى رەسۇلى مۇستەفا.

مۇلكۇڭ ئۇن سەككىزمىڭدىن ئۇشبۇ ئالەم بىر كېلىپ،
ئۇل بىر ئۆيلۈك قۇل ساڭا ئادەم ئاتا، ھەۋۋا ئانا.

جاھ بېرىپ جەننەتدە ئەسفەلگە تۈشۈرمەك خاھىشىڭ،
ۋەقتى ئاخىردا چىقارماق زاتى پاكى مۇجتەبا.

تىرگۈزۈپ ئۆلتۈردۈك ئىككى ئۆي مۇھەييا ئەيلەدىڭ،
بىردە گۈنا ـ گۈن ئەزابلار بىردە مىڭ تۈرلۈك ئەتا.

چارە يوقتۇر ئايرىلۇردىن ئىككى ئۆيگە ئەي دەرىغ،
ئىلتىفاتىڭ قايسى بىرگە بىلمەگەي مۇفلىس گەدا.

رەھمەتىڭ مەۋج ئۇرسەلەر ئاتەشنى گۈلزار ئەيلەسەڭ،
نە ئەجەب قىلساڭ خەلىل يەڭلىغ ئۇنى بوستان ئارا.

ھۇسنى لۇتفۇڭدىن گەھى ھەركىمگە بىر سەۋدا تۈشۈپ،
ئەھلى ئالەم ئىچرە غەۋغا ئول سەبەبدىن ماجەرا.

ئۇلفەتىڭ سەۋداسىغە تۈشكەي گەدايى مۇستەمەند،
كاش جەزبى شەفقەتىڭنى قىلماساڭ ئاندىن جۇدا.

سەن ئۇمىد بىرلە قەدەم قوي مەرھەمەت سەۋداسىغە،
ئول كەرىمدۇر تاپتىلار ھەر بىنەۋا ئاندىن نەۋا.

رەھم ئېتەر ھالىڭغە شايەد مېھرىباندۇر مېھرىبان،
مېھرىبان ئۇستازدىن، مۇشفىق ئاتادىن ھەم ئانا.

قايسى تىل بىرلە سېنىڭ ھەمدىڭنى ئىزھار ئەيلەگەي،
دېدىلەر خەيرۇلبەشەر ئۆزرىدە لا ئۇھسى سەنا.

نېئمەتى ئىمان زەۋالىدىن بەسى شەۋقى ھەزىن،
ئىلتىفاتىڭ بەس ئېرۇر ئاخىر نەفەس قىلساڭ نىگاھ.

www.uyghurkitap.com

* * *

ئايا مەھبۇب يولۇڭغە دۇررى ئەشكىمنى نسار ئەيلەپ،
تەسەددۇق ئەيلەسەم مۇڭلۇغ باشمنى خار - زار ئەيلەپ.

كەرىم سائىلنى مەھرۇم ئەيلەمەسلەر دەپ ئۇممىد بىرلەن،
كېلىپمەن دەرگەھىڭغە سەن ئەزىزنى ئىختىيار ئەيلەپ.

ئۇلۇغ خىزمەتلەرىڭ بەرجا قىلالماسلار ھەممىن ئاجىز،
ۋە لېكىن تاقەتى يەتكەنچە ئەمرىڭ گۇشۋار ئەيلەپ.

ئەزەل دېھقانى كەلگەيلەر زەمىنى شور ئۇزە شايەد،
ئىنايەتدىن بېرىپ ئىسلاھ زەھى كىم سەبزەزار ئەيلەپ.

ئۇممىددۇركىم سۇ بەرگەيلەر دەرەختى نەۋ نىھالىڭغە،
چۇنان دەريايى رەھمەتدىن زەھى كىم مېۋەدار ئەيلەپ.

ئېلىپ بارغىل ۋۇجۇدۇڭ رەختىنى بازارى مەھشەرگە،
كەساد ئولماسدا رەختىڭ ئانچۇنانكىم ئېئتىبار ئەيلەپ.

رىيازەت بۇتەسىن ئىچرە جەسەت زەڭگىنى مەھۋ ئەتكىل،
مۇسەققەل نۇرى ئىمان بىرلە جىسمىڭ شىشەدار ئەيلەپ.

فەنا دەشتىغە يۈز كەلتۈر بەقا ھاسىل ئۇممىد بىرلەن،
بارۇرسەن تاڭلا مەھشەر ئىززۇ نازۇ ئىفتىخار ئەيلەپ.

سەئادەت سەرنەۋشتى فەزلى ھەقدىن بەخت يار ئولسا،
كېلەر ئالدىڭغە جەننەت ھۈرۇ غۇلمان ئىنتىزار ئەيلەپ.

يېتەرمۇ بىر كەمىنە خەستەگە بۇيى ۋىسالىڭدىن،
دىگەچ شامۇ سەھەرلەر ئەشكى خۇندىن جۇيبار ئەيلەپ.

ۋەفاغە ۋەئدە بەرگەندۇر كەرىمدۇر جانى جانانىم،
ۋەفاسىغە خىلاف ئەتمەس غەرىبنى شەرمسار ئەيلەپ.

مۇھەببەت شەربەتىدىن بىر قەدەھ سۇنغىل ئايا ساقى،
ئۆزۈكىدىن ئۆزگەدىن ئۆزگىل ئۆزۈكگە بەر قەرار ئەيلەپ.

تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ دەپ يولۇڭغە كىردىلەر شەۋقى،
ئۈمىد ئەتكەچ ۋىسالىڭ خىلۋەتىدىن ئۆزنى خار ئەيلەپ.

* * *

جەھان بەقاسىغە يوقتۇر بۇ گۈلشەن ئىچرە سۇبات،
ئەجەب سەئادەت ئىرۇر چىقسە ياخشىلىق بىلە ئات

ئەخىر ئىشقۇ فەنادىن بەقا ئىرۇر ھاسىل،
ئۇلانىسەلەر دۇرى رەھمەتكە ئاندا ئابىھەيات.

گۇناھ باشغە قوشۇپ تۈتكى باشدىن ئىستىغفار،
ئۇلانىسەلەر دۇرى رەھمەتكە ئولدىلاركى نەجات.

مۇيەسسەر ئولسە ساڭا قەلبى يار ھەمدەمدىن،
چىقارمە قولدىن ئەگەر بولسا ئەقلۇ ئىدراكات.

ئەگەرچە قوي سەرى مەھرەمنى قەلب ھەمدەمگە،
كۆتەر كەرەم بىلە ھەمنى تاپىلغۇسى دەرەجات.

رىزا باشىنى سۇئالىڭغە ئەيلەسەڭ رەھبەر،
سۇئال ئىچىندە كۆتەر سەرۋى قامەتىڭنى پات.

مۇراد ھۇسۇلى كىرەك تاشلا گىردى راھەتدىن،
مۇراد چۆرەسىدىن ئۇشلا ئاندا دۇر سەمەرات.

يىتىشسە ھەرنە خۇدادىن قەنائەت ئەيلە بەجان،
ئەمان ئاياغىنى تۈت لۇقمە بىرلە ماددە ھەيات.

تەمەئ قىلۇر كىشى تويماس چۈنانچە ھەرفى تەمەئ
قەنائەت ئەھلى غەنى ۋەسفى بىرلە مەشھۇرات.

www.uyghurkitap.com



ئۇ جۇملەدىن بىرى يەتمىش باش ئىلە ئەللىك تەن،
ئاياغى يۈز بىر ئىبرۇر ئەمرى قەلبدىن بۇ نۇكات.

تەمەڭ باشنى ئۈزۈپ تاشلا ئەھرىمەن باشىغە،
ئۈزۈلسە قۇيرۇغى ئولغاي دىلىڭ ئەجەب مۇشكات.

تاشىڭنى سۇ بىلە پاكىزە ئەيلەگىل كى چۇنان،
ئىچىڭنى تەۋبە ئىنابەت سۇيى بىلەن ھەسەنات.

دىلىڭنى يادى خۇدا بىرلە ئەيلەگىل مەمنۇن،
تىلىڭنى ئىلمۇ ئەمەل سەفھەسىدە قىل ھەرەكات.

تەزەررۇڭ ئەيلە خۇدا دەرگەھىغە باش قويۇبان،
ئىجابەت ئەيلەسە شايەد كەرەم قىلىپ دەئۋات.

جەنابى ھەق سارى قىلغىل مۇدام ئىستىغفار،
تەرەھھۇم ئەيلەسە شايەد كۆتەرسەلەر زۇلمات.

مۇسەققەل ئەيلەسە لاتەقنەتۇ بىشارەتىدىن،
ۋۇجۇد زەڭگىنى مەھۋ ئەيلەبان قىلىپ مىرئات.

ئەجەب ئەمەس كەرەمىدىن ئەتايى شەۋقىغە،
خۇدايى رەببىيۇ ھەسبى قازىيۇل ھاجات.

* * *

تاشلابان قويدى جەھان زىندانىغە يارىل غىياس،
ناز ئىلە قىلماس نىگاھى چەشمى خۇمارىل غىياس.

تۇرفە يەڭلىغ بىۋەفالىغ شىۋەسىن كۆرگۈزدىلەر،
ساچى سۇنبۇل قەددى شەمشاد چېھرە گۈلنارىل غىياس.

رەھم قىلماسلار غەرىب بىچارەنىڭ ئەھۋالىغە،
سەرۋى ئەر-ئەر ئۇدۇ ئەنبەر مۇشكى تاتارىل غىياس.

ئىلتىفات ئەيلەپ رەقىبلەرگە ماڭا بىر باقمادىڭ،
ھەم رەقىبلەر ئۆلمادىلار مەن كەبى زارىل غىياس.

مېھرىبانلىق كۆرگۈزۈرسەن ئۆزگەلەرگە لۇتف ئىلە،
بولمىغاي بىر مەن كەبى بەختى قارا خارىل غىياس.

«بۇ مېنىڭ شۇم تالىئىمدىن يار باقمايدۇر ماڭا»①
ئۇشبۇ دۇرمۇ گۇلپەرىنىڭ شەنىگە كارىل غىياس.

ئىزدەسەڭ ئاخىر تاپارسەن بولماغىل ھەرگىز مەلۇل،
سىدقى ئىخلاسىڭغە لايىق ھەرنە تەييارىل غىياس.

سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى خار ئېتەلمەس ھېچكىشى،
سەن ئەگەر خار ئەيلەسەڭ ھەريەردە دۇر خارىل غىياس.

خىزمەتى شايەستە قىلغىل ھىممەتىڭ تۇتغىل بەلەند،
بىر كىفايەت جۇملىدىن مەقبۇلى جىدبارىل غىياس.

ماسەۋادىن ئۈز كۆڭۈلنى شەۋقى دائىم يىغلاغىل،
ۋەئدە بەردى ئەينە ماكۇنتۇم دىبان يارىل غىياس.

*　　*　　*

ئۆتكەسەن ئاخىر جەھاندىن يۈرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس،
كار قىلغىل خەير قىلغىل يۈرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

ئاخىرەتنىڭ مەزرەئىدۇر ئەسلى بىلسەڭ بۇ جەھان،
قۇللۇغۇڭنى سابىت ئەيلەپ يۈرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

ھەقنى ياد ئەتكىل ھەمىشە بولماغىل غافىل چۇنان،
كۆرگەسەن ئەجرىڭنى ئاندىن يۈرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

① بۇ مىسرا «دىۋان نەۋبەتى» دىن ئارىيە ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مېھرى دۇنيا قەيدىگە بەند ئولماغىل جەھد ئەيلەگىل،
ئۆز كۆڭۈلى ماسەۋادىن يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

باخەبەرسەن ئىلگەرى ئۆتكەنلە قايتىپ كەلمەدى،
ئىبرەت ئالغىل ئاچ كۆزۈڭنى يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

كەتتىلەر ئادەم سەفىدىن تامۇھەممەد مۇستەفا،
بارغۇمىز نەۋبەت ـ بەنەۋبەت يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

مېھرى دۇنيادىن ئۈزۈلمەي قولغە كەلمەس ئاخىرەت،
ئوت بىلەن سۇ جەمئى كەلمەس يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

جەمئى كەلمەس كۇفرى ـ ئىمان، كېچە كۇندۇز قىشۇ ياز،
ھۆسن قەبھۇ ئىلمۇ جەھل ھەم يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

كۇفرۇ ئاتەش سەردۇزەشتۇ جەھلى دۇنيا تەمسىلى،
زاھىرى خوب زەھر قاتىل يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

ئۇمرى نەقدىن بىۋەفا دۇنيا ئۇچۇن سەرف ئەتمەگىل،
بىر كىفەندىن ئۆزگە قالغاي يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

خاھىش ئەتسەڭ ئاخىرەتنى زۇھد تەقۋا ئەيلەگىل،
تاجىر ئول دۇنيالىق ئەتسەڭ يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

خالىساڭ دۇنيا بىلەن ئۇقبانى ئەي شەۋقى ھەزىن،
دىن ئۇلۇمىن ھاسىل ئەتكىل يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس.

* * *

بەقا يوقتۇر جەھان ئەھلىگە كۆرگىل كىم جەھان ھادىس،
ۋەفا يوقتۇر زەمان ئەھلىگە بىلگىل كىم زەمان ھادىس.

جەھانغە ئىئتىماد ئەتمە ھەزىن كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە،
خۇدا غەيرىنى ياد ئەتمە كېتەرسەن بىگۇمان ھادىس.

بۇ ئالەم خانەئى مېھمانۇ بىز مېھمانى ھەقدۇرمىز،
بۇلۇپ مېھمانى بەشكۈنلۈك كېتەرمىز جۇملە جان ھادىس.

ئۇمىد ئولدۇركى ساھىبخانەدىن ئەئزاز كۆرگەيمىز،
چەرا تەئزىمى مېھمان رەسمى ئادەت خۇيى شان ھادىس.

ئەمانەت قويدى بىزگە ئەمرىمەئرۇپ نەھيى مۇنكىردىن،
خىيانەت قىلماساق ئازار يەتمەسلەر چۇنان ھادىس.

خەراباتى ئۇمىد ئەتمە جەھان ئەھلى ۋەفاسىدىن،
نەھايەتسىز كۆرەرسەن ئىككى ئۇچكۈن ئىككى نان ھادىس.

ئىشەنمە خاتۇنۇڭغە ئەيماغىل سىررىڭنى سەن ھەرگىز،
خۇسۇسەن بىۋەفالىق بابىدا تەنها زىنان ھادىس.

مەئىشەت كەگرۇلىكدىن دەۋرى قىلغاي ئەھلى فەرزەندىڭ،
ئەگەر تەڭ كەلسە ھالىڭ باقماغاي نامېھرىبان ھادىس.

مەلال ئولماس تىلەكدىن ھەرنە مەقسۇد ئاندا ھاسىلدۇر،
تىلەپ ئالغىل چىقىپ كىدتىمدەستە تەندىن مۇرغى جان ھادىس.

بېرىپ رىزقى فەراۋان كىبرۇ تەرسا، ھىندى، كافىرغە،
قاچان مەھرۇم ئېتەر دوستلارنى خەللاقى جەھان ھادىس.

ئۇمىدىڭ قەتئى قىلغىل ماسەۋادىن زەۋق ئىلە شەۋقى،
ھەمىشە زىكرى مەيدانىدا ئويناتغىل زەبان ھادىس.

* * *

ئەرشى ئەزەم گەردى نەئلىڭدىن باشىغە قىلدى تاج،
ئارزۇ ئەتكەچ غۇبارى مەقدەمىڭدىن ئول رەۋاج.

خىزمەت ئەيلەپ چۇن رىكابىڭدا مەلائىك خەيلىدىن،
سەدرەدىن ئاشماقغە جەبرەئىل تاپمادى ھەرگىز ئىلاج.

www.uyghurkitap.com

سەن كەبى چىقماس نەبۇۋۋەت بەھرىدىن دۇررى يەتىم،
توغرا بولماس ئىككى ئالەمنىڭ خىراجىدىن خىراج.

بەرھەم ئۇردۇڭ سەف شەياتىنلەرگە مېئراج ئاخشامى،
نۇرى پاكىڭ شۇئلەسىدىن ھەر تەرەفكە قاچ ـ قاچ.

تۇرى پاكىڭ پەرتەۋىدىن بىزگە ئىسار ئەيلەدىڭ،
دىن ئۆيىگە تا قىيامەت نۇرى ئىماندىن سىراج.

جەھل ئارا ئۆلگەن ئۆلۈكلەرگە دەمـى ئىيسا بولۇپ،
ئىلمى ھەقدىن جۇملىگە يوللارنى قىلدىڭ سەن فىھاج.

ئاسىلار پۇشتى پەناھى ياشەفئەل مۇز نەبىن،
ھەددىن ئارتۇق ئاسى ئۇممەت ئۆزرىگە قىلدىڭ لەجاج.

ھەق تەرەفدىن ھەرنەكىم ئىزدەپ تاپىپ بەخشىش ئەتا،
ئەي زىھى سائىل، زىھى بازىل، زىھى رىفئەت نىھاج.

ئاسىلارگە مەغفىرەت دەرياسىدۇر بەيتۇلھەرەم،
پويە ئۇرمىش رەۋزە پاكىڭ شەۋقىدىن ئەھلى ھىجاج.

كۆز ئۇچى بىرلەن ئىگىردى شەۋقى نەئتىڭ رىشتەسىن،
جامە تەقۋا سەنسىزىن پۇتمەس بۇدۇركىم ئېھتىياج.

* * *

يوقنى كەلتۈرگۈچىنىڭ شەئنىدە قىلسۇن نە ئىلاج،
بەندە بىچارە جەھان مۇلكىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

كاشكى كەلمەس ئىدۇك، فىتنىدجەھان كۆرمەس ئىدۇك،
فىسق ئىلە ئۆلمەس ئىدۇك ھەشرىـدە قىلسۇن نە ئىلاج.

قەترەئى ناپاك سۇدىن سۇرەتىمىز [نى] خەلق ئېتىپ،
مادە ـ نەر، ھۇسنۇ قەبىھ رەڭگىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

كاشكى مۇرغى ھەۋا قىلسە ئىدى سۇنئى خۇدا،
بولماس ئىردى بۇ ھەۋا بەندىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

كاشكى بولسا غەنىم بىرلە بەقەر ئاھۇ بەرە،
بەھرە ئالۇر ئىردى جەھان زەبھىدە قىلسۇن نەئىلاج.

ياكى ئات بىرلە ئىشەك بولسە ئىدى تىز رەفتار،
مىنىبان ئۈستىگە ئەل سەيرىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

يا قوغۇن، ئالما، ئانار بىرلە ئۆرۈكۈ شەفتالۇ،
يا ئۈزۈم بىرلە بىھى رەڭگىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

بەھرە ئالۇر ئىردى يىبان ھەربىرىدىن ئەھلى جەھان،
رۇزى مەھشەردە نىھان غەمكىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

يا ئوتۇن بولسا ئىدى كۆيدۈرۈبان كۈل قىلغاي،
رۇزى مەھشەر ئوتىنىڭ شەررىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

مۇددەئا بىزلەرنى خەلق ئەتمەسە ئىردى ئىنسان،
ئۆزگە ھەيۋان سەفىنىڭ شەۋقىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

ئارزۇ ئەيلەمە كىم ئۆزگەلەنىڭ خىلقەتىنى،
تۇفراق ئولغاي توزۇغاي ھەشرىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

توزۇغايلار ھەمە دەۋزەخ ئوتىدىن بولغاي ئامان،
مۇشت خاكى بەشەر ئاتەشكەدە قىلسۇن نە ئىلاج.

خەۋف ساردىن ئۇمىد باش چىقارىپ ئەيتتى چۇنان:
«قورقماغىل بەندە ھامان ئەجزىدە قىلسۇن نە ئىلاج».

تەۋبە ئوت، رەھمەتى ھەق بىرلە ئوتۇن بارچە گۇنا،
تەۋبە رەھمەت ئوتىنىڭ شەرھىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

كۆيدۈرۈر بارچە گۇناھلارنى نىھان تەۋبە ئوتى،
بۇ تەسەللىنى كۆرۈپ ۋەھمىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

www.uyghurkitap.com

شەۋقى مەستانەنى گەھ قورقۇتۇبان خەۋف ئىلە بىيىم،
كى ئۇمىد بىرلە رىجا سۇلكىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

* * *

گۇناھ قىلدىڭ پۇشەيمان قىلمادىڭ ھېچ،
جەھاندىن ئەسلا ئىبرەت ئالمادىڭ ھېچ.

قاچانغىچە نەفسى پەرۋەرلىك قىلۇرسەن،
جەھان مۈلكىنى ئارقە سالمادىڭ ھېچ.

قايان باردى ئاتاڭ بىرلەن ئاناڭ ھەم،
بارۇرنى ئارقادىن سەن بىلمەدىڭ ھېچ.

كېتىپدۇر جۇفتى پاكىڭ نۇرى چەشمىڭ،
يانىپ كەلمەس، سوراغىن قىلمادىڭ ھېچ.

بۇ ئالەم ئاخىرەتنىڭ مەزرەئىدۇر،
زىرائەتگاھغە يۈز كەلتۈرمەدىڭ ھېچ.

بۇ ئىنسانلىغ رەۋشنى ھەيف ئېتەرسەن،
بەھايىملىق سۇفەتدىن قالمادىڭ ھېچ.

تۇرار جايىڭ ئەمەسدۇر ئۇشبۇ ھالا،
كېتەر جايىڭ ياراغىن قىلمادىڭ ھېچ.

كېتەرسەن خاھ ـ ناخاھ چارە يوقتۇر،
پۇشايمانلىغ كۆڭۈلگە ياد ئالمادىڭ ھېچ.

كېتەر ۋەقتىڭدە بولغاي خەۋف ئىمان،
زەۋال ئولماقدا ئىمان قورقمادىڭ ھېچ.

ئىنايەت قىلسەلەر خەللاقى ئالەم،
بېھىشت ئەنبەر سىرىشتدىن چىقمادىڭ ھېچ.

زەۋالى نېئمەتى ئسمان غەمىدىن،
خۇدايا شەۋقىنى يىغلاتمادىڭ ھېچ.

* * *

ھەق تەلەب سەن تىنمايىن ھەق سارى قاچ،
دۇررى گەۋھەرخانەگە دەرۋازە ئاچ.

بەرمەگىل قولدىن قەنائەت گەنجىنى،
بولغۇسى ئول گەنجى رەنجىڭگە ئىلاج.

ھەرنە يەتسە ھەق تەرەفدىن شۇكرى قىل،
جانۇ ئىمانىڭغە ئول بولغاي رەۋاج.

فەقر دەردىگە چۇنان سەبر ئەيلەگىل،
پادىشاھ ۋەيرانەدىن ئالماس خىراج.

بەردىلەر ئەلفەقرۇ فەخرىدىن خەبەر،
ساھىبۇل مېئراجى ئول لەۋلاك تاج.

گەنجى تاپساڭ تۇت ئانى ئەلدىن نىھان،
نەفسى شەيتان ئوغرىسىدۇر قاچ - قاچ.

بولماغىل كەجلەر ئىشگىدە گەدا،
راستلىقنى پېشە قىل ساھىب رەۋاج.

تەلمۇرۇپ تۇرغاندىن ئۆلگەن ياخشىراق،
ئەل قولىغە پارە نان بىرلەن ئۇماچ.

كەسب قىل كاسىب ھەبىبۇللاھ بېخان،
بەندە كاسىب ھەق سارىغە ئېھتىياج.

بەندە كەسب ئەيلەپ سەبەبكار ئولغۇسى،
فەزلى قىلغاي بەندە قىلغاندىن لەجاج.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



كەسىدىن رىزقىنى كۆرمەك كۇفرىدۇر،
ئىلمى ھەقدىن شەۋقى ياندۇرغىل سىراج.

* * *

بەھار كۆنلەرى كەلمىش كىتىپ زىمىستان چەرخ،
ساۋۇقنى شىددەتىنى يوق قىلىپ تابىستان چەرخ.

خۇدايى ھەردۇ جەھان خەلق ئىتىپ ئۇن ئىككى بۇرۇج،
ئەسەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشاماس بۇ دەۋران چەرخ.

تاپىپ كەۋاكىبدىن تەربىيەت فەۋاسىللەر،
ھەزار نەشئۇ نەما لالەزار بوستان چەرخ.

بۇ فەسل نەشئەسىدىن رەڭ ـ بەرەڭ تەماشالار،
جەھاننى سەفھەسىگە كەلتۇرۇپ نەمايان چەرخ.

ئىرادەئى ئەزەلىدىن بۇ چەرخ سەرگەردان،
سەرەشك ئەبرىسىدىن قەترە ـ قەترە باران چەرخ.

ھەمىشە يىغلاشىبان گۇل يۈزىگە بۇلبۇللار،
چەمەن ئىچىدە كۆرۈپ رەڭ ـ بەرەڭ گۇلىستان چەرخ.

ئوت ئىچرە سالمىش ئۆزىن خار ـ زار پەرۋانە،
جەمالى شەمئىسىدىن جىلۋەگەر شەبىستان چەرخ.

بىرەۋنى مەسنەد ئىززەتدە نازۇ ئىستىغنا،
بىرىنى قىلدى گەدا ۋۇ بىرىنى سۇلتان چەرخ.

بىرىنى ئەيلەدى جەمشىد، بىرىنى ئەفرىدۇن،
بىرىنى قىلدى ئىسكەندەر، بىرىن سۇلەيمان چەرخ.

بىرىنى ئەيلەدى فىرئەۋن، بىرىنى قەيسەرۇرۇم،
بىرىنى ئەيلەدى دارا، بىرىنى خاقان چەرخ.

بىرىنى ئەيلەدى رۇستەم، بىرىنى نۇشىرۋان،
بىرىنى ئەيلەدى هاتەم، بىرىنى لۇقمان چەرخ.

بىرىنى بۇ ئەلى سىنا، ئەرىستۇ، ئەفلاتۇن،
قىلىپ بۇلارنى هەمە دەردلەرگە دەرمان چەرخ.

خۇسۇس هەزرەتى ئادەم سەفى بىلەن هەۋۋا،
تەمام ئاندىن ئولۇپ كەلدى ـ كەتتى يەكسان چەرخ.

يېتىشتى دەۋر ــ بەدەۋر تا پەيەمبەرى ئافاق،
ئاخىرى قىلدى ئانى هەق سارىغە مېهمان چەرخ.

جەمال گەۋهەرى يەكتاغە مۇنتەزىر بولۇبان،
بېهشت هۇرى قەسۇر باغى ئالى رىزۋان چەرخ.

بىرىن ـ بىرىن هەمە ياران سەفەر كېتىپ بارامىز،
فەنا يولىدا بەقا ساهىلىغە غەلتان چەرخ.

فەنا يەلىگە ساۋۇرمىش ۋۇجۇد خىرمەنىنى،
تەمامى ئەلگە نەدامەت بىلەن پۇشەيمان چەرخ.

يول ئىككى ئايراشىغە هەشرىگاهدە يەتكەيمىز،
زەلالەت ئەهلىنى قىلغاي بۇ كۈندە هەيران چەرخ.

هەۋادىس ئالەمىدىن ئەندەكى بەيان ئولمىش،
خۇدانىڭ زاتىنى ئىسبات ئېتەرگە بۇرهان چەرخ.

ئېرانلار ئۆزىنى بەقا ساهىلىغە يەتكۈرمىش،
ئۇمىدى شەۋقى يېتەر ئۆزىن قىلسا ۋەيران چەرخ.

* * *

كېلىپ بىر گەۋهەرى يەكتا پەرى رۇخ،
نەبۇۋۋەت بەهرىدىن زىبا پەرى رۇخ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جەھانغە دىن ئۆيىدىن سالدى ئابات،
ھىدايەت نۇر ئىلە رەئنا پەرى رۇخ.

مۇھەممەد كىم مۇھەببەت كانى ئېردى،
نەبۇۋۋەت ئەھلىدىن ئەئلا پەرى رۇخ.

تۇغۇلمىش ئاندىن ئىمان بىرلە ئىسلام،
مۇسۇلمان ئەھلىگە مەئۋا پەرى رۇخ.

ئەجەپ سىمۇرغى سەن قافى بەدەنگە،
قەنائەت مۇلكىگە ئەنقا پەرى رۇخ.

ھەرەم ئۆزرە كېلىپ بەتنى شەرەفدىن،
قورەيشى مەدەنى بەتھا پەرى رۇخ.

تىلەپ مەقسۇد ئۇرۇج ئەتتى سەماغە،
ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقسا پەرى رۇخ.

ئېتىپ پەرۋاز سەدرە مۇنتەھاغە،
يېتىپ قەۋسەين ئەۋئەدنا پەرى رۇخ.

تىلەپ ئۈممەت گۇناھىن ھەرنە بەخشىش،
ئەتالار كۆردىلەر شەھلا پەرى رۇخ.

تۈزۈل ئەيلەپ سەمادىن يەر يۈزىگە،
بۇ سىرنى ئەيدىلەر دانا پەرى رۇخ.

ئاڭا شەك قىلدىلار بىر مەرد خامى،
ئانى مەسخ ئەيلەدى گويا پەرى رۇخ.

ئېرانلىك سۈرەتىنى قىلدى زائىل،
خاتۇنغە تەبدىل ئەيلەپ شاھ پەرى رۇخ.

تېگىپ ئەرگە تاپىپ بىرنەچچە فەرزەند،
نەچەند يىل ئۆي بولۇپ ئانھا پەرى رۇخ.

سۇ كەلتۆرمەككە چىقتى سۇ لەبىگە،
سۇغە چۆمدى يەنە هالا پەرى رۇخ·

ئۆزىن كۆردى كىلىپ ئەر هالەتىگە،
تەئەججۇب ئەيلەدى ناگاه پەرى رۇخ·

بۇرۇنقى ئۆيگە كەلدى كۆردى خاتۇن،
بالىقنى پارچەلاپ جانا پەرى رۇخ·

دىدى خاتۇنغە ئۆتكەن سەرگۆزەشتىن،
دەرىغا سەد هەزار دەردا پەرى رۇخ·

بالىق بەردىم چىقىپ مەن سۇ تەلەبدە،
چۆمۇپ كۆردۇم ئۆزۇم زىبا پەرى رۇخ·

تىگىپ ئەرگە تۇغۇپ فەرزەند نەچەند يىل،
كىلىپ ئەر هالەتىمگە تا پەرى رۇخ·

ئارادىن ئۆتتى بىزگە نەچچە يىللار،
بىلىق كەسمەكدە سەن بەرنا پەرى رۇخ·

دىدى: خاتۇن ئاگا بەختى قارا شۇم،
مۇهەممەدكە نە ئەيدىڭ كافىرى رۇخ·

دىدى: مىئراجغە مۇنكىر بولۇپمەن،
بۇ يەگىلىغ قىلدى هەق رەسۋا پەرى رۇخ·

يەگى باشدىن ئەقىدە تازە قىلدى،
خاتۇن ئەمرى بىلەن گويا پەرى رۇخ·

بويۇن ئارغامچى سالدى سۆدرەدىلەر،
رەسۇلۇللاه سارى رەئنا پەرى رۇخ·

تىلى ئىقرار كۆڭۆل تەسدىقىدىن جۇفت،
قىلىپ ئىمان گۇهەر بالا پەرى رۇخ·

www.uyghurkitap.com

ئوشۇلدۇر مۇئجىزاتىڭدىن بىرىسى،
تۈگەنمەس تا قىيامەتىغا پەرى رۇخ.

تىلىم قاسىر دىلىم ناقىس سۆزۈڭگە،
بۇ غەم ئىچرە ھەزىن جانىغا پەرى رۇخ.

خۇدا تەۋفىق ئىلە نەئىتىڭگە شەۋقى،
شۇرۇئ قىلمىش نەھەد ئەسلا پەرى رۇخ.

* * *

بەيان ئېتەي ھەمە ئۇمرۇم بەناسى ئان تارىخ،
مىڭ ئىككى يۈز ئۆتتۈبان ھىجرەتى شەھان تارىخ.

ئۈچۈنچى يۈزدە تۇغۇلدۇم كى ئىشقىنىڭ باشىغە،
باشىكى يەتمىش ئېرۇر ئۇشلاغان زەمان تارىخ.

ئۇمىد بىرلە بۇ ئۈچيۈز تەنگە يەتكەي دەپ،
ئاياغى يوقلۇقىدىن غەم بىلەن نىھان تارىخ،

يېتىشتى ئۇمر تەنگە ئاياغى يۈز باشىغە،
يىگىرمە ئالتە ئاياغدىن ئۆتتۈپ ھەمان تارىخ.

مۇقەررەر ئەيلەدى تەھرىر نەزمە تارىخىن،
ئاياغى كامىل ئەمەس نۇقس ئىلە چۇنان تارىخ.

كەمال ئولسە ئاياغ ئىشقىنىڭ ھوسۇلىدىن،
يېتىشسە ئېردى بىدارىل ئەمان تارىخ.

مۇسەننىف ئىسمى مۇھەممەد رەسۇل بەنام رەسۇل،
پەيەمبەر ئىسمىغە چۇن فەخر ئېتەر جەھان تارىخ.

يېتىشسەلەرچە ئەجەب پەرتەۋى شەفائەتدىن،
بىھەققى ھۇرمەتى نام پەيەمبەران تارىخ.

ئاياغى يۈز، تەنى ئۈچيۈز، باشى ئانىڭ يەتمىش،
تۈشەر يەرى دىلى ۋەيران خەراب جان تارىخ.

قاناتى بەشيۈز ئەللىك بىر ئولمىش ئول قۇشغە،
ئانىڭكى قۇيرۇغى تۆرت يۈز قىرىق ئول رەۋان تارىخ.

ئانىڭكى سايەسى تۈشمەس ئىزى بىلەن يەرگە،
بۇ قۇشنىڭ مەئنىسى مۇشكۈل ئەمەس ئاسان تارىخ.

بۇ قۇشنىڭ مەئنىسى ئاسان ئىرۈر بەسى مۇشكۈل،
كىم ئىزدەگەي ئانى زاھىر ۋەلى نىھان تارىخ.

تەخەللۇس ئەيلەدى ئۈشبۇ كىتابىغە شەۋقى،
بۇ قۇشنى شەۋقىدە ھەيرانۇ ئەرغۇۋان تارىخ.

* * *

گۇھەر ئورنىغە قالدىلار سەفال شەيخ،
تەنى مۇردار كۆزى ئەھۋەل شىغال شەيخ.

كۆرەلەر بىرنى ئىككى پىر گۇمراھ،
شەياتىن سەفلەرىگە زەردۋال شەيخ.

بۇ دەئۋا بىرلە چىقمىش بىر تەرەفدىن،
خاتۇنلار كەلتۈرۈپ ھەلقە رىجال شەيخ.

ئىرانلار بىرلە نامەھرەم خاتۇنلار،
ئانى جەمئ ئەيلەمىش ئەھمەق قوپال شەيخ.

ھەرامدۇر ئۈشبۇ فىئلى نارەۋالار،
شەرىئەت ھۆكمىدە چەندان ۋەبال شەيخ.

يەنە بىرسى چىقىپدۇر بىر تەرەفدىن،
باشى گۇمبەز، تەنى تاغۇ سەقال شەيخ.

www.uyghurkitap.com

مۇرىد ئەيلەپ جەھان ئەھلىنى ئۆزگە،
مەنەم سەيىيىد ئۆزۆم ئەئلا كەمال شەيخ.

مەنەم دەريا دىگەر ئۆستەك ئارىقچە،
بۇ يەكلىغ مەئرىفەت ئەيلەر جەۋال شەيخ.

تەيەممۇم ئۆزگەلەر تەھارەت ئۆزۆم مەن،
كەمالۇكىبرىدىن ئەيتۇر جەھال شەيخ.

ئەزازىل قىسسەسىنى ئىشتمەگەندۇر،
ئەنا نىيەتدە مەلئۇن بولدى قال شەيخ.

تاشى مۇرشىد، ئىچى دۇنيا تەلەبدۇر،
خەلايىق پۇللاردىن قەستىدە هال شەيخ.

پىرى بولسە شەرىئەتكە مۇۋافىق،
ئاچارلار جانۇ دىللارگە جەمال شەيخ.

پىرى ئىلمۇ ئەمەلدە بولسە كامىل،
ئانىڭ ئەمرىگە ۋاجىب ئىمتىسال شەيخ.

تەلەبدىن قالما شەۋقى ئىزدە رەبدىن،
دەرى رەھمەت ئاچىلغاي ئىرتىھال شەيخ.

* * *

دەرىغ ئۆمرى ئەزىزىڭنى ئەيلەدىڭ بەرباد،
كېيىنگە يانماغۇسىدۇر نە سۇد ئاگا فەرياد.

بەھار كۆنلەرى كەتمىش يېتىپ بۇ پەسلى خەزان،
دەرەختى ئۆەردىن يۇلماقغە بىخ ئىلە بۇنياد.

تەن ئىچرە تاپمىش ئورۇن ئىككى دۇشمەن بەدكارە
چىبكەرەمىز ئەرتەۋۇ ئاخشام ئانىڭ قولىدىن داد.

بولۇپ بۇ نەفس ھەۋاسىغـە دائىما مەغرۇر،
كېتەر باشىڭ بۇ قەدەر تاكى يەتسەلەر ھەشتاد.

جەھان يۈزىگە يامان قۇلىدىن ئوخشە بىر كەلمىس،
خۇدانى رىزقىنى يەپ غەيرىنى قىلۇرسەن ياد.

خۇدا جەنابىغە كۇفرانە نىئمەت ئەيلەرسەن،
پەيەمبەرىڭ بىلە ئەسھابلار قىلىپ ناشاد.

خۇدانى زىكرىنى تەرك ئەيلەبان زەھى غافىل،
ئوقۇرسە نەفسىڭ ئۈچۈن رىزقى بابىدىن ئەۋراد.

قاچانغە تەكرۇ بۇ نەفسىڭگە خىزمەت ئەيلەرسەن،
نە يەردە تائەت ئول خالىق جەھان ئاباد.

جەھانغە كەلمەگۇ كەتمەك بۇ بىزلەگە مىراس،
بابايى ئادەمىدىن سەن ئېرۇرسەن ئادەمزاد.

كېتەر يولۇڭغە نەلازىم كۆزۈڭنى ئاچ غافىل،
نەدۇركى تۇشەئى راھىڭ ئاخىرنى قىلغىل ياد.

ئەگەر يېتىشسە ئەجەل بىر نەفەس ئەمان بەرمەس،
خىتاب زائىقەتۇل مەۋت ئىلە لەبىل مىرساد.

كىشىكى باخەبەر ئولدى بۇ يول خەتەرلەرىدىن،
فەنا يولىدا بەقانىڭ ئۈمىدىدە جان داد.

نە ئىش ئۈچۈن كېلىپ ئېردىڭ جەھانغە ئەي غافىل،
يىغىپسە مال خەسىس جەھان بىلەن ئەۋلاد.

ئەجەل شارابىنى ئىچمەسكە چارە يوق شەۋقى،
ئەجەب ئەمەسكى بۇ قۇلنى خۇدايى قىلغاي شاد.

www.uyghurkitap.com

* * *

كۆكۈل مېھرابىنى ۋەسل ئەھلى ئەتمىش قىبلەئى مەقسۇد،
دىلى ۋەيران ئارا گەنجى ھەقىقى ئىزدەسەڭ مەۋجۇد.

چەراكىم دىل نەزەر گاھى خۇدا مەھبۇب سۇبھاندۇر،
تۇزۇل ئەتكەي جەمالى جىلۋەسىدىن پەرتەۋى مەئبۇد.

مۇنى بىلگىل خۇدا بۇ مەئنى بىرلە نىكىم خۇد ئايەندە،
كېلىپ شاد ئەتمەسە غەمكىن كۆكۈلنى ئۆزگەدىن نەسۇد.

مەيى ۋەھدەت ئەگەر ساقى ئەزەلدىن جامى دىل ئىچرە،
يېتىشسە ئول كىشىنىڭ بولغۇسىدۇر تالئى مەسئۇد.

كى ئول شادابى رەھمەتدىن قۇرۇغ جىسمىغە يەتكەيمۇ،
ياشارماق بىرلە سالغاي ھەر تەرەفكە سايەئى مەمدۇد.

ئۈمىد ئەيلەپ يۈزۈم سۈرتۈپ كېلىپ مەن ئاستانىڭگە،
خۇدايا ئاسى قۇلنى دەرگەھىڭدىن قىلماغىل مەردۇد.

ئىنايەت ئەيلەبان بىرلەرنى كەلتۈردۈڭ جەھان ئىچرە،
كەرەم ئەيلەپ ئاخىرى كارىمىزنى قىلغاسەن بىھبۇد.

ئۆزۈڭ قىلغان ئىمارەت بۇزماغايسەن لۇتق ئىلە شايەد،
خەلىل يەڭلىغ ئانىكىم ساقلاغايسەن ئاتەشى نەمرۇد.

خۇدايا ساقلا بىز مۇئمىنلەنى ئىمان زەۋالىدىن،
كېتەر بولساق جەھاندىن دەرگەھىڭدىن قىلماغىل مەترۇد.

بۇ دەۋلەت بىزگە يەتمەسمۇ مۇھەممەد ئۈممەتى قىلدىڭ،
شەفىئ ئەيلەپ شەفائەتخاھىمىزنى ئاقىبەت مەھمۇد.

بىھەققى ھۆرمەتى «تاھا» ۋە «ياسىن» ھەزرەتى ئەھمەد،
غەرىب ئاجىز قۇلۇڭغە راھى ھەقنى قىلماغىل مەسدۇد.

كۆكۈل قەسرىنى رەۋشەن قىل چىراغى ئىشقىدىن شەۋقى،
ئەجەب ئېرمەس كۆرۈنسە يار ئەكسىن قەسر ئارا مەۋجۇد.

* * *

ۋۇجۇدۇڭ گەۋھەرى دەريايى رەھمەتدىن ئېرۇر مەئخۇز،
سۇجۇدۇڭ جەۋھەرى ئەئلايى ئۇلفەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

مەقامىڭنى تەمام ئالەم ئىچىندە سەربەلەند ئەتمىش،
ئۇلۇغلۇق بارچەدىن بىسيار قۇربەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

جەمالىڭ شەمئى بىرلەن جىلۋە بەردىڭ ئالەم ئەھلىگە،
چىراغى ھەردۇ ئالەم نۇرى ۋەھدەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

مۇھەييا ئەيلەمىشلەر زات پاكىڭ مۇشكى ئەز فەردىن،
گۇلابۇ ئۇد، ئەنبەر، ئەترى جەننەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

رىيازەتنى ئاشۇرمىشلار پەيەمبەرلەر تەمامىدىن،
مەقام ئاشماق بىلەن بۇ ئالى ھىممەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

ھەمىشە يىغلاماق بىرلەن تىلەپ ئۇممەت گۇناھىدىن،
بۇ رەڭ ئولماق كەمالى مېھرى شەفقەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

شەفائەت بەھرىدىن بىر قەترە بەس لەب تەشنە ئۇممەتكە،
تەرەھھۇم ئەيلەمەك ئۇممەتكە ھەزرەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

بۇ دەۋلەت بىزگە يەتمەسمۇ مۇھەممەد ئۇممەتى قىلدى،
ئەتايى خالىقىل ئەشيائ بۇ دەۋلەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

كىشىگە يەتسەلەر جانان سارىدىن ئىشق سەۋداسى،
مۇنىڭ ئەسلىنى بىل دىدارى نىئمەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

دۇرۇد ئەيغىل مۇھەممەد جانىبىغە تىنمايىن شەۋقى،
ئۇمىدى ۋەسل ئىلە قورقۇنجى فۇرقەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

* * *

دەرىغا! قاسىدى كەلتۈرسە يارىدىن نىشان كاغەز،
تەلەتتۇف بىرلە مېھر ئەيگىز سەۋادىدىن بەيان كاغەز.

www.uyghurkitap.com



دەرىغا! ھېچكىم بىلمەس ئېسە ئەفتادە ھالىمنى،
نىگارىم لۇتفۇ قەھرىدىن ئۆزۈم كۆرسەم ئەيان كاغەز.

نىگارىم ئىلتىفاتىدىن تۈمەن تۈرلۈك ئۈمىد ئەتكەچ،
يېتەر دەپ ئۇك قولۇمدىن تۇرفە خوشلۇق ناگىھان كاغەز.

قەدەمبۇسۇڭغە چەشمى دىلفىگارىم ئىنتىزار ئولغاچ،
مۇيەسسەر بولسە ۋەسلىڭ دەۋلەتىدىن ئەلئەمان كاغەز.

كەرەم ئەيلەپ نىگارىم سەتر قىلغان ئەيبۇ نۇقسانىم،
ئۆزىدىن ئۆزگىگە كۆرسەتمەگەيلەر دەپ نىھان كاغەز.

نېچۈك قىلغاي ئىشىكدىن قوغلاسە ئىتلارنى دەربانىم.
بۇ غەم بىرلەن يۈزۈم ئەكسىدىن ئولغاچ زەئفىران كاغەز.

خىجالەت بابىدىن ھەر كۈندە مىڭ تۈرلۈك ئاچىلمىشدۇر،
بۇ رەڭگىمنى كىشى كۆرگەي دىگەيلەركىم سەمان كاغەز.

ئۈمىد ئەتكەچ تۈشەر دەپ تارى زەررىن تىيرە كۈلبەمگە،
جەمالى ئافتابىدىن سەفايى ئاسمان كاغەز.

ئەجەب ئېرمەس تەرەھھۇم قىلسە مەھبۇب شەۋقى ھالىغە،
نەسىب ئولسە جەمالۇللاھ ھەياتى جاۋىدان كاغەز.

* * *

خۇدا ۋەسفىڭنى قۇرئان ئىچرە بىسيار ئەيلەمىش مەزكۇر،
سىفاتىڭ جۇملەسى تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ئارامەستۇر.

كىشى پەرۋانە يەڭلىغ ئاتەشى ئىشقىڭدىن ئۆرتەنمىش،
جەھان ئىچرە مۇھەممەد مۇستەفا دەپ ئىزدىگەيلەر نۇر.

ۋىسالىڭ ئارزۇ ئەتكەچ تەرەننۇم ئەيلەگەي بۇلبۇل،
نىھانۇ ئاشكارا گۈل يۈزۈڭ شەۋقىدىن ئول مەخمۇر.

زەمىن ئىچرە مۇھەممەد دەپ سىنى ياد ئەيلەمىش دائىم،
چۇنانكىم ئاسماندا ئەھمەدا ئىسمىڭ بىلەن مەشھۇر.

زىھى دەۋلەت قىلىپ بىزلەرنى ئۇممەت زات پاكىڭغە،
ئەجەب ئىرمەس تۇفەيلىڭدىن كى ئۇممەت ئولسەلەر مەغفۇر.

زىيارەتكە سەبەبدۇر نىئمەتى كۇبراغە شۇكر ئەتمەق،
بەسەندەست «ئۇممەتۇن مۇزنىبەتۇن رەببۇن»غە فۇر مەزكۇر.

دۇرۇد ئەيتماق بىلەن ئاجىزلىقىم تۇھفە ئەيلەسەم شايەد،
تەمەننادۇر قەبۇل ئەتكەي ئۇ شاھقە ئولسەلەر مەنزۇر.

ۋۇجۇدى زات پاكىڭ رەھمەتەن لىل ئالەمىن دۇرلار،
بۇ نىئمەت بىزگە بەستۇر شاكىر ئولغىل دائىما مەشكۇر.

ئىئانەت ئەيلەگەيسەن ئەھمەدا بىز ئاسى ئۇممەتكە،
خۇدادىن ئۆزگە سەندىن ئۆزگە يوقتۇر ناسىرى مەنسۇر.

ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن قىلماغايسەن بىزلەنى مەھرۇم،
جەمالىڭ ئافتابى پەرتەۋىدىن قىلماغىل مەھجۇر.

تەمەننادۇر شەفائەت ئەيلەسەڭ ئەرزىم شۇئۇد ئەتكەي،
جەنابى ھەق سارىغە ئەرزى ھالىم بولمىغاي مەستۇر.

كەرەم ئەيلەپ غەرىب ئۇممەتكە لۇتفۇڭدىن نەۋا بەرسەڭ،
مۇيەسسەر ئولغوسىدۇر جانۇ دىللارغە بەسى مەسرۇر.

بىھەققى ھۇرمەتى «تاھا» ۋە «ياسىن» ئەھمەدى مۇختار،
خۇدايا ئاسى قۇۋانى نەفسى بەدكە قىلماغىل مەغرۇر.

شەفائەت ئەيلەبان تۇتغىل قولۇمنى يارەسۇلۇللاھ،
ھىدايەت مەنزىلىغە ئانچىنانكىم قالمادى مىقدۇر.

خۇدايا مەن زەئىف ئاسى قۇلۇڭ ھالىغە رەھم ئەتكىل،
ھەبىبىڭغە شەفائەت بەھرىدىن بەر ئىزنى ئىلە دەستۇر.

ھەببىك ھۇرمەتىدىن شەۋقى ئىمانىنى مەھكەم قىل،
ئۆلەر ۋەقتىدە شەيتان غارەتىدىن قىلماغىل رەنجۇر.

* * *

دىلبەرا كويۇڭدا مەندەك ئاشىقىڭ بىسيارىدۇر،
كىم مېنىڭدەك فۇرقەتىڭگە مۇبتەلاۋۇ زارىدۇر.

گۇل يۈزۈڭ شەۋقىدە چۇن بۇلبۇل تەرەننۇم ئەيلەسەم،
باغرىمە زەخم ئەيلەمەككە خەنجەرىڭ گۇلخارىدۇر.

چۆرۈلۈپ پەرۋانەدەك شەمئى جەمالىڭ چۆرىسىن،
ئوتغە ئۇرماق قەستى بىرلەن ئۆزنى ئول ئەۋۋارەدۇر.

لەيلىجانىنىڭ بادەسىدىن ئىشقى مەجنۇن ئۆرتەنىپ،
بىيد مەجنۇندەك ھەمىشە تولغانۇرغە زارىدۇر.

تاغ ئارا زەخم ئەيلەدى فەرھاد شىرىن ئىشقىدا،
جان فىدا ئەيلەرگە ئىسمائىل كەبى تەييارىدۇر.

شاھى كەنئان ئىشقىدا ھەمچۇن زىلەيخا نەچچە يىل،
يۇسۇفىم دەپ رۇزۇ شەب قان يىغلابان بىدارىدۇر.

ۋامىق-ئۇزرانىڭ شەرارى ئىشقىدىن ئۆرتەندىلەر،
ھەم سەنەۋبەر گۇل پەرى ئىشقىدا چەندان خارىدۇر.

ھەجر سەھراسىنى كەزمىش نەچچە يىل سەيفۇلمەلىك،
شاھ پەرىغە ۋەسل ئولۇپ مەقسەد ئارا دىلدارىدۇر.

ئۆرەلۇر ئىشقى مەجازىدىن ھەقىقىغە ھەمىن،
ئىشقىنى ھەرف ئەيلەبان ئۆز جايىغە سەردارىدۇر.

«سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى خار ئېتەلمەس ھېچ كىشى،
سەن ئەگەر خار ئەيلەسەڭ ھەر يەرگە بارسا خاردۇر.» 1)

1) بۇ مىسرا مەشرەب غەزىلىدىن ئارىيە ئېلىنغان.

ئشق ئەهلی ئختیار ئەتمەس بۇ ئالەم راهەتن،
مۇدەئاۋۇ ئارزۇیش نیئمەتی دیداردۇر.

بیئەدەبلك هەددن ئاشتی ئشق دەئۋاسن قلپ،
ئۇشبۇ یالغان برله بارسام خالقم جەببار دۇر.

تەۋبە قلغل یغلاغل قلغان گۇناهڭ بیهساب،
مەغفرەتكە ۋەئدە بەرگەن مهربان غفار دۇر.

ئەي خۇدایا رۇز مەهشەر قلمە رەسۋا خەلق ئارا،
شەۋقی ئەیمن مەهۋ ئیتەرگە سەن كەبی سەتتار دۇر.

*　　*　　*

تەلەبدە بولساڭ ئەگەر یاخشی رەهنەما ئۇچرار،
كۇڭلنڭ زەڭگنی ئاچغۇندەك ئاشنا ئۇچرار.

كشكی بولسە ئەگەر شەرئی برله ئاراستە،
ئنایەتی ئەزەلدن جەهاننەما ئۇچرار.

تەلەبدە هەمرەه خزری ئسكەندەر ئابەدیات،
بۇ یەڭلغ بولسە كشی دەۋلەتی بەقا ئۇچرار.

یەقنلق ئەیلەمەگل ئەسلا پری ناقسغە،
كی نم دانە تاپالماي قولۇڭغە كاه ئۇچرار.

تەلەبدە مۇسیی ئۇمران كەبی تەجەللدن،
نشانە تور جۇدۇڭغە رەۋشەنا ئۇچرار.

سەبائدا! مۇرغی سۇلەیمان كەبی سەبا یۇرگل،
مەسائدا مەتلەبی جان ئەینی مۇددەئا ئۇچرار.

تەلەبدە هەمچۇ زلەیخا سەبت قەدەم بولغل،
مەدەد ببردلسە بۇ بەختڭگە مسر شاه ئۇچرار.

رىزا، قەزاغە بەلاسىغە سەبرى كەلتۈرگىل،
كى ھەمچۇ يۇتۇسۇ ئەييۇب زىھى دەۋا ئۇچرار.

تەلەبدە ئىزدەسەلەر ھۇسنى لەھنى داۋۇددىن،
زەبۇر كەلامىدىن ئول جانفەزا سەدا ئۇچرار.

باشىڭنى بەرسەڭ ئەگەر نىشى ئەررە زەربىغە،
چۇ مۇرسەلى زەكەرىيا زىكرى مەرھەبا ئۇچرار.

شەھىدى ئىشق بولۇپ باش بىرىپ چۇ يەھيادەك،
ۋىسال دەۋلەتىدىن نىئمەتى لىقا ئۇچرار.

تەلەبدە فىقر ھەقىقىنى ئىختىيار ئەتسەڭ،
مەسىھ كەبى نەفس ئەيىن كىميا ئۇچرار.

شەفائەتى نەبىۋىيدىن ئەگەر ئۇمىد ئەتسەڭ،
دۇرۇدنى زەۋق ئىلە ئەيتقىل كى مۇستەفا ئۇچرار.

ئۇمىد ئەيلەسەڭ ئاخىر شەفائەتى ئەخيار،
چەھار يارى نەبى ئالى باسەفا ئۇچرار.

تەلەبدە زىكرى خۇداۋۇ رەسۇل بىلەن شەۋقى،
خۇدا تەلەب كىشىگە ئاخىرى خۇدا ئۇچرار.

* * *

قاراڭغۇ گور ئارا بىر كۇن كىرەر مۇڭلۇغ باشىڭ يالغۇز،
خەراب ئەيلەپ ۋۇجۇدۇڭ شەھرىنى سۇلتانى دىل ئەفرۇز.

قالۇرلەر ئەھلى فەرزەند يىغلاشىپ قەۋمۇ قېرىنداشىڭ،
كىم ئولغاي مۇندا يولداشىڭ نەماز - رۇزە ئىلە دىلسۇز.

تىلاۋەت ئەيلەسەڭ دائىم ئاقىزىپ ئەشكى خۇنبارىڭ،
گور ئىچرە شەمئى تابانىڭ تەبارەك فاتىھە شەب - رۇز.

دىلۇ جانىڭنى رەۋشەن ئەيلەگەيسەن يادى ھەق بىرلەن،
ھەمىشە قۇتب يەڭلىغ ئىستىقامەتدىن بولۇپ مەركۇز.

بەلا ئالدىڭدا دۇرلار شادلىقنى پېشە ئەيلەرسەن،
نېچۇككىم بولماغايلار پۇلسىراتدىن ئۆتمەيىن نەۋرۇز.

چۇنانكىم نۇھ يەڭلەغ يىغلا «ۋەلىيەبكۇ كەسىرەن» دەپ،
ئەجەپ ئېرمەس گۇنەھ غەرقابىدىن رو بەرسەلەر فىرۇز.

شەفائەت بىرلە ھەق دەريايى رەھمەتدىن ئۇمىد ئەتسەڭ،
تەكەببۇر قىلماغىل شەۋقى ئۆزۈڭنى ئەيلەگىل مەئجۇز.

* * *

تۇلۇڭ ئەتمەس قوياش سەندەك نەبۇۋۋەت چەرخىدىن ھەرگىز،
گۇھەر كىم سەن كەبى چىقماس شەفائەت بەھرىدىن ھەرگىز.

مۇناسىب كۆردىلەر سەرۋى قەدىڭگە خىلئەتى لەۋلاك،
بۇ يەڭلىغ كەلمەگەيلەر سەرۋى قەد شەمشادىدىن ھەرگىز.

جەمالى ئافتابىڭ شەرھىدۇر ۋەششەمسى تەفسىرى،
جەھان خۇشبۇلارى ئۆتمەس ساچىڭنىڭ بۇيىدىن ھەرگىز.

جەھان ئەيۋانى ئىچرە باش چىقارمىش رەڭ-بەرەڭ گۇللار،
سېنىڭدەك چىقماغاندۇر ھېچ بىرى گۇلبەرگىدىن ھەرگىز.

يېتىشمەس ھېچ نەبىيلەر قۇربى ھالى زات پاكىڭگە،
دېگەي نەفسى قىيامەت كۈن دىمەسلەر ئۆزگەدىن ھەرگىز.

دېگەيلەر ئۇممەتى رەفرەف سەۋارىم رۇزى مەھشەردە،
ئۇمىددۇر بىنەسىب ئەتمەس شەفائەت رەمزىدىن ھەرگىز.

تۇغۇلمىشدۇر مۇھەببەت ھەق سارىغە شۇئىبى ئىماندىن،
تەلەبدىن قالماساڭ ئىخلاس ئىلە بۇزىكرىدىن ھەرگىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



رەۋاجى ئىزدەسەڭ بازار مەھشەرنىڭ مەتائىدىن،
ھەممىشە زاكىر ئۇل شەۋقى نەشرىدىن زىكرىدىن ھەرگىز.



* * *

جەراھەت ئەيلەدى كۆڭلۈمنى يار مۇبتەلاسى ھەنۇز،
جىگەر قانىن ئاقىزىپ غەمزە ئوقى بەلاسى ھەنۇز.

يەزىدى ئىشق يېتىشتى شەھىد قىلدى مېنى،
قانىمغە نالە قىلۇر دەشت كەر بەلاسى ھەنۇز.

جەھاندىن ئۆتكەلى مەجنۇنغە بولدىلار مىڭ يىل،
ئانڭغا! كەتمەگۈسى لەيلىنىڭ جەفاسى ھەنۇز.

جاننى شىردىن ئۇچۇن قۇربان ئەيلەمىش فەرھاد،
نە ئىشق دەردىگە مەئشۇقدەك دەۋاسى ھەنۇز.

كەلدى ئىشق بەدەست خەزائىنى مەئشۇق،
ئاچار كىشى يۈزىگە دەۋلەتى بەقاسى ھەنۇز.

ئىنايەتى ئەزەلدىن مۇيەسسەر بولسە ئەگەر،
نەفەقر مەنسەبى مانىئ نە رەڭ غىناسى ھەنۇز.

ياراتتى قويدى، يارانىمىش ئۆزۈگدە ئەي شەۋقى،
ئەجەب ئەمەس كەرەمىدىن قەبۇل دۇئاسى ھەنۇز.

* * *

خۇدا خەزىنىسىدىن ئىشق دەردى كەم بولماس،
خۇدادىن ئۆزگە ئانىڭ جانۇ دىلدە غەم بولماس.

مۇھەببەت ئەھلىنى كۆرگىل كەمالى غەيرەتدىن،
بىغەيرى ئەھلى خۇدا گەردەندە خەم بولماس.

گىياھى چەشمەسىگە ژالەلەر تۆكەر ئاشىق،
كىشىكى ئاشىق ئەمەس كىرپىگىدە نەم بولماس.

نىگار لەيلى ۋىسالى خىيالىدىن مەجنۇن،
فىراق شىددەتىدىن ئۆزگە ھىچ ئەلەم بولماس.

شىكەستە زەرف دىلىڭگە مەيى مۇھەببەتدىن،
قويۇلماغۇنچە بۇ گىتى نەما بەھەم بولماس.

نە ياخشى مەيكىم ئاڭا زەرف ئولۇر شىكەستە سەفال،
گەدا سەفىگە قوشۇلماي بۇ جام جەم بولماس.

www.uyghurkitap.com

كېرەككى ھەردۇ جەھاننىڭ ھەۋاسىدىن ئۆتمدي،
فەنا بەقاۋۇ مەقامۇ كەلام تەم بولماس.

ھەۋايى ئىشقى دىلۇ جانغە ئۇرمايىن تەھقىق،
ئانىڭ فىغانو سەداسىدا زىرۇ بەم بولماس.

يامانۇ ياخشىغە ئەفسانە بولمايىن ھەرگىز،
ئانىڭ ۋۇجۇد خەرابىدا مەدھۇزەم بولماس.

بۇ نەقدى ئۇمرى ئەزىزىڭنى بەس غەنىمەت بىل،
دەمى بەيادى خۇدا ئۆزگە دەمدە دەم بولماس.

باشىم كېتىپ بارادۇر يانماغاي بۇ سەۋدادىن،
ۋۇجۇد سەفھەسىگە ئىشقىدىن رەقەم بولماس.

شىكەستەلەرگە نەزەرقىل بىھەققى بىسمىللاھ،
بىھەققى لەۋھۇ قەلەمدىن ئۇلۇغ قەلەم بولماس.

بىھەققى مەككە مەدىنە دىل شىكەستە ھەزىن،
ۋۇجۇد شەھرىگە دىلدىن بۆلەك ھەرەم بولماس.

بىھەققى سەييىد كەۋنەيىن ئەھمەدى مۇختار،
چەھاريار كەبى مۇھتەشەم ئۇمەم بولماس.

بىھەققى ئالى نەبى ھۇرمەتى سەھابە كىبار،
رەسۇلغە ئوخشە يەنە ساھىبۇل ئەلەم بولماس.

لىۋائى ھەمدى ئەلەم بىرلە ئەرش سايەسىدىن،
بۇلاردىن ئۆزگە يەنە سايە مۇھتەشەم بولماس.

ئۇمىد شەۋقى خۇدادىن بۇ سايە راھەتدىن،
شەقاۋەت ئەھلىگە مەھشەردە ھېچ كەرەم بولماس.

* * *

رىزقىنى تەڭرىم بىرۇر بەرمەكلىكى يەردىن ئەمەس،
قىز-ئوغۇل فەرزەند تاپماق يا خوتۇن ئەردىن ئەمەس.

قاراغىل شامۇ سەھەر پەرسىز ئۇچارلار شەبپەرەڭ،
جۇملەسى مۇرغى ھەۋانىڭ ئۇچماغى پەردىن ئەمەس.

ئۇچسە ئۇچغاي ئىردىلەر تاكىم قەناتىنىڭ زورىدىن،
ھالى مەكيانۇ خۇرۇسنىڭ مادە ۋۇ نەردىن ئەمەس.

ئۇچسەلەر قۇدرەتدىن ئۇچغاي پەر بىلەن يا ئۇچماغاي،
ئۇچماقى ئۇچماسلىقى يا خۇشكۇۋۇ تەردىن ئەمەس.

سەبزە زار ئولغاي بەيابان سۇ ئارا قۇرغاي دەرەخت،
ھۆل-قۇرۇغنىڭ كارۇ بارى بەھرى ۋۇ بەردىن ئەمەس.

غەرقى دەريا بىرنى ئەتمىش، بىرگە مەئۋا ئەيلەمىش،
زىكرى مۇسا قىسسە فىرئەۋن ئىشىتكەن ئەل كەردىن ئەمەس.

سۇنى فىرئەۋن كافىرىغە ئەيلەمىش نارى جەھىم،
ئوتنى ئىبراھىمغە بوستان لۇتفىدۇر شەردىن ئەمەس.

دەرھەقىقەت لۇتفۇ قەھرى ھەر يەكى ھەقدىن ھەمان،
ئۇشبۇ يەكلىغ مىڭ ئەجايىپ ھىچ ئەر ئەردىن ئەمەس.

قەۋمى ئادىنى ھەلاك ئەتمىش ئۇشول قەھرى خۇدا،
ئەسلى بىلسەڭ ئۇشبۇ سۆزنى باد سەرسەردىن ئەمەس.

لۇتفى ھەقدىن ئوت گۇلىستان چۆللە بوستان ئولغۇسى،
قەھرى كۆيدۇرگەي جەھاننى كۆيمەكى ھەردىن ئەمەس.

قۇربى ھەقدىن ئىزدەسەڭ ئىلمۇ ئەمەل زۇھد ئەيلەگىل،
دەۋلەتى دۇنياۋۇ ئۇقبا سىيم ئىلە زەردىن ئەمەس.

خەيرۇ شەررۇ رىزقۇ ئۇمرۇ خارۇ ئىززەت جۇملەسى،
شەۋقى بىلسەڭ ھەقدىن ئۆزگە ھىچ رەھبەردىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

* * *

قىلماغىل بىھۇدە ئەي ئاسى ھەۋەس،
يادى ھەقدىن بەس غەنىمەت بىر نەفەس.

گەر بەلا دامىغە تۈشسەڭ سەبر قىل،
ھەقدىن ئۆزگە يوقتۇر ھىچ فەريادەرەس.

ئېئتىبارى شەھرى ھالا ئوغرىيۇ كەززابلار،
زالىمۇ بەدكارلار غەفلەتدە ئول بىدار ئەمەس.

تا تۈگەنمەسلەر قىيامەت بۇ جەھاننىڭ شىكۆەسىن،
ئاخىرەتكىم بۇ جەھاندەك ئەسلى كەجرەفتار ئەمەس.

شەۋقى ھالىڭغە رۇجۇئ قىل ،بولماغىل ئەفسانە گۇي،
ئىشق بىرلەن زىكرى ھەقدىن ئۆزگەسى پۇركار ئەمەس.

* * *

سەھەر ئالتۇن ئەلەم بىرلەن جەھان ئەفرۇز رەۋان ئولمىش،
سىياھپۇشلار قاچىپ شەب پەردەدىن رەۋشەن جەھان ئولمىش.

خىجالەتدىن بولۇبدۇر مۇزمەھىل ئول لەشكەرى ئەنجۇم،
ئانىڭكى نۇرى تابىدىن چۇنان رەشكى زەبان ئولمىش.

مۇئەززىنلەر چالۇرلار ھەر تەرەف نەققارە نەۋبەتنى،
سەداسىدىن ئانىڭكى راھەتى دىل بىرلە جان ئولمىش.

جەھان ئەيۋانىغە كەلمىش بۇ رەڭ خەيلى ھەشەم بىرلەن،
ئىتائەت ئەيلەگەنلەر جايى مەئۋاسى جىنان ئولمىش.

چىقىپ مەشرىق ساردىن باردىلاركىم مەغرىبىستانغە،
خۇرۇجى لەشكەرى زۇلمەتدىن ئەل تۈرلۈك نىھان ئولمىش.

كىرىپ پۇشىدە بولمىش مەغرىبىستانغە جەھان ئەفرۇز،
جەھان ئەھلىگە تۈرلۈك دىن كەمالىدىن زىيان ئولمىش.

جەھانغە نۇر تابانى جەمالى جىلۋەگەر ئۇلغاچ،
ئانىڭكى پەرتەۋىدىن ئەھلى ئالەم شادمان ئولمىش.

دەرىغا ۋەقتى ئاخىر بولدى گويا فىتنەئى مەھشەر،
خەراب ئەيلەپ جەھاننى زۇلمەت ئەھلى ھەر زەمان ئولمىش.

يېتەرمۇ شەۋقى جانغە پەرتەۋى خۇرشىد ئافاقى،
ئۈمىد بىرلەن بۇ ھەيرەتدىن چىرايىم زەئفىران ئولمىش.

* * *

ئەدەم مۇلكىدە مەن ئاسۇدە ئېردىم مۇندە كەلتۈرمىش،
كۇدۇرەت جىسمىدىن پاكىزە ئېردىم مۇندە كەلتۈرمىش.

نەيىستانى ئەدەمدىن قوزغادىلار تۇرفە جانىمنى،
جەھان زىندانى ئىچرە تاشلاماقدىن مۇندە كەلتۈرمىش.

ئۆزۈمچە كەلمەگەن ئېردىم قەزا كەلتۈردى چارەم يوق،
ھەمىن غۇربەت ئارا مېھنەت دەرىغا مۇندە كەلتۈرمىش.

قالىبدۇر ئۈچ قاراڭغۇ ئورتاسىدا بۇ ھەزىن جانىم،
بىرى جىسمۇ بىرى زىھدان بىرى گور ئىچرە كەلتۈرمىش.

تۇغۇلماق بىرلە زىھدان زۇلمەتدىن فارىغ ئولمىشدۇر،
قاراڭغۇ جىسمۇ گور ھەيرەت ئارا ھەيرەتدە كەلتۈرمىش.

خەلاس ئولماق ئۈمىد ئەتسەك بۇ ئىككى پەردە زۇلمەتدىن،
شەبىستانى ۋۇجۇدۇڭغە ئىبادەت شەمئى كەلتۈرمىش.

چىراغى ئىلم ئىلە ئەئمالۇ ئىخلاس بىرلە تەقۋادىن،
گورۇڭغە نۇرى ئىمان رەۋشەنالىق تازە كەلتۈرمىش.

خىلافى نەفس قىلساڭ زۇلمەتى تەندىن قۇتۇلغايسەن،
ۋۇجۇدۇڭ نەخلىسىگە بارە-بارە مېۋە كەلتۈرمىش.

www.uyghurkitap.com



بەلا كويىغە سالمىش شەۋقىنى بۇ نەفسى ئەممارە،
قۇتۇلماغلىق بەسى مۇشكۇل ئانىڭدىن شىكۋە كەلتۈرمىش.

* * *

قاچان ئۆلسەم لەھەدكە كىرسە مۇڭلۇغ خار يالغۇز باش،
ئۇشۇل غۇربەت ئارا ۋەھشەتلىك ئۆيدە كىم بولۇر يولداش.

قۇتۇلغايلار جەھان بىرلەن جەھان ئەھلى يامان قۇلدىن،
قالۇرلار خانىمانۇ ئەھلى فەرزەند بىرلە ئەقرىنداش.

زىھى مۇردار تەنىمنى ئۆزگەلەردەك ئىززەت ئەتمەگىلەر،
كەل ئەي ئەھبابلار ئاتقىل جىنازەم ئارقاسىدىن تاش.

ئەگەر ئۆلسەم ئاياغىمدىن تۇتۇپ سۆدرەڭ لەھەد ئىچرە،
بۇ يەڭلىغ نەفسى كافىر شۇملىغىنى ئەيلەڭىزلەر فاش.

ۋەلېكىن رەھم شەفقەت بىرلە بىر خالىس دۇئا ئەيلەپ،
قىلىڭلار خەتمە قۇرئان باز نەزرىللاھ بېرىڭلار ئاش.

ھەن ئۆلسەم ھەر نېچۇكدۇر خەلق ئارا ئەيىبىمنى ئاچماڭلار،
ئەمەل ئەيلەپ ھەدىسى نەقشى پاكى ھەزرەتى نەققاش.

دېدى:«لاتەزكۇرۇ مەۋتاكۇمۇ ئىللا بىخەيرىن» نى،
ئۇشۇل شەھنىڭ رىكابىدا ئىدى روھىل ئەمىن پىرراش.

نەبىنىڭ قەۋلۇ فىئلىدىن تەجاۋۇز قىلماغىل شەۋقى،
شەرىئەت ئەمرىنى بىزلەرگە جارى ئەيلەگەن سىرداش.

* * *

يېتەرمۇ فىقرىغە زىھى بادەنۇش،
چىقار ھەر زەمان خەستە جاندىن خۇرۇش.

زىھى سۇبھى ئۇمرۇم يېتىپ شام ئارا،
بۇ سەۋدا بىلەن قالمادى ئەقلى ھۇش.

نگارىم ماڭا بىر قىيا باقمادى،
ئىچۆردى بۇ شۇم تالىئىم زەھرنۇش.

فىغانۇ سەدا ئەيلەسەم ھەر زەمان،
ماڭا سالمادى كۆز ئۇچى بىرلە گۇش.

فەلەك جەۋرىدىن ھەر نەكىم يەتسەلەر،
قەزاۋۇ قەدەر بىرلە بولغىل خەمۇش.

قومارغاي گۇنەھ تاغـلاردىن بىخىدىن،
چۇ سىلابى رەھمەت ئەگەر ئۇرسە جۇش.

گۇناھدۇر ئوتۇن تەۋبە ئوت بىرلە ياغ،
يوق ئەيلەر گۇنەھ سەفھەسىدىن نۇقۇش.

تەكەببۇر قىلىپ سەرەفراز ئولماغىل،
سىنى پايمال ئەيلەگەي چۇن قەمۇش.

رىيادىن ئەمەللەرنى پاك ئەيلەگىل،
چۇ باتىل سوفى بولما تائەت پۇرۇش.

نەكىم يەتسە لەر قىسمەتى شاھدىن،
قەنائەت بىلەن ئەيلە ۋەقتىڭنى خۇش.

سەبەبدۇر زىيارەتكە شۇكر ئەيلەگىل،
«شەكەر تۇم ئەزىدەننەكۇم» نان خۇرۇش.

قولۇڭچە ئەگەر كەلسە دۇنيا مالىن،
ئانى جايىغە سەرف قىل بولمە مۇش.

ۋەفادار كىمدۇر خۇدا ۋە رەسۇل،
مۇھەببەت ئاڭا ئەيلەگىل تىيز ھۇش.

ۋەفا ئىزدە شەۋقى ۋەفاداردىن،
كۆڭۈل بەرمە دۇنياغە ئول زەھرە تۇرش.

www.uyghurkitap.com

* * *

جەھان غەمىن يىمەگىل نەفس كافىرى بەدكىش،
بەلايى خانىمە ئۇلدۇك جەھاندا بەد ئەندىش.

ئەزەلنىڭ قىسمەتى قەيدىدىكگە مۇبتەلا قىلمىش،
قۇتۇلمايىن بۇ بەھار ۋەقتىمە خەزان ئۇلمىش.

ئىشىك ھەمىشە يىمەك ـ ئىچمەك ئىلە ئىشرەتدە،
بىرۇز مەھشەر كۇبراغە ئەسلە يوق غەمى خىيش.

ھەمىشە زۇلمى ئىيتىپ خەستەجان بىلەن دىلغە،
ئۇرارسەن تىغى گىنە زەھرى بىرلە چەندان نىش.

غەمىكى دىن غەمدۇر ئەسلى غەم ئەگەر بىلسەڭ،
چۇنانكى خوب قارا ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن پەسۇپىش.

كۆتەر باشىڭنى ھەمان پەردە خاب غەفلەتدىن،
ئىنايەتى ئەزەلدىن كىبرەك ئىپسەكۇم بىش.

ئەگەرچە لازىم ئىپسە دەۋلەتى ۋىسالىدىن،
ئىتائەت ئەيلە كىچە، كۈندۇز ئىلە يازۇ قىش.

تىلاۋەت ئەيلە ئۇشول سۇرە «كەھف» ئاخىرىدىن،
«لىقا ئەرەبىبىھى فەلىيەئمەل ئەمەلەن» دۇر ۋىش.

قۇلىكى خاجەسىگە خىزمەت ئەتمەيىن ھەرگىز،
نەزەردىن ئۈتمەگۈسى خىزمەت ئىلە جان پەرۋىش.

خىلافى نەفس قىلىپ چوك غەزاتغە يۈز قويماي،
مۇيەسسەر ئۇلماغۇسى قۇرب ھەقدىن ئەي دىلرىش.

تەۋەككۇل ئەيلە خۇدا دەرگەھىغە باش قويغىل،
باغىر قانىن ئاقىزىپ ئىشق بىرلە جان سۇزىش.

مۇھەببەت ئەيلەمەيىن ھەق سارىغە ئەي شەۋقى،
كېلەرمۇ گەۋھەرى مەتلۇب قۇلۇڭغە بىتەشۋىش.

* * *

مۇھەررەم يەۋمى ئاشۇرا بىلەن ساھىبقىران كەلمىش،
سەفەرغەمدىن رەبىيەل ئەۋۋەل ئاخىر شادمان كەلمىش.

ھەرام ئېردى مۇھەررەم ئىچرە جەڭ قىلماق جەھالەتدە،
بۇ بائىسدىن ئەرەب ئىچرە مۇھەررەم ئات بىلەن كەلمىش.

سەفەر ئىچرە كېسەللەرنىڭ بەلاسى ئارىز ئولماقدۇر،
كېسەلدىن سارغارىپ يۈزلەر سەرىغلىق ئات بىلەن كەلمىش.

رەبىيەل ئەۋۋەل ئاخىر چۈن خەرىفەل ئەۋۋەل ئاخىرغە،
مەسادىفدۇر، مەقابىلدۇر بۇ يەگىلىغ نامى شان كەلمىش.

جەمادىل ئەۋۋەل ئاخىر ئات قويۇش سۇ مۇزلاغاندىن سوڭ،
بۇ ئاي ئىچرە ساۋۇقنىڭ شىددەتى بىسيارجان كەلمىش.

رەجەب تەئزىم مەئنى بىرلە شەھرۇللاھ ئەسەمدۇرلەر،
كىشى جەڭگۇ جېدەلنى ئېشتمەگەندىن ئەلئەمان كەلمىش.

مۇنى بىلگىل بۇ مەئنى بىرلەن شەئبان شۇئبەدىن مۇشتەق،
ئانى شەھرۇررەسۇل دەرلەر رەجەبكە تەۋ ئامان كەلمىش.

چىراكىم خەير بىسيار ھاسىل ئولغايلار بۇ ئاي ئىچرە،
مۇبارەك رەمىزانىنىڭ جابدۇغىدىن يېڭى جان كەلمىش.

مۇھەييا ئەيلەگەيلەر ئانچۇنانكىم ئابۇ نېئمەتدىن،
ئۇشول رەھمەت ئىلە ماھى مۇبارەك رەمىزان كەلمىش.

كۆرۈڭ بۇ ئىلتىفاتى ھەقنى مۇئمىنلەرگە سۇلتانىم،
ئىزافەت بىرلە شەھرىل مۇئمىنىن ئاندىن بەيان كەلمىش.

www.uyghurkitap.com

ئىكىنجى ئون ئېرۇرلەر مەغفىرەت ئەۋۋەلقى ئون رەھمەت،
ئۈچۈنجى ئوندا ئازادلىق خەتى بىرلەن نىشان كەلمىش.

بۇ مەئنى بىرلە بىلسەڭ رەمزانىڭىم رەمزىدىن مۇتلەق،
گۇنەھ تاغىنى كۆيدۈرمەككە ياخشى ناردان كەلمەك.

خۇدا زىينەت بېرىپ ئايلارغە شەھرى رەمزان بىرلەن،
چۇنانكىم جۇمئە كۈن كۈنلەرغە سەييىد مېهتەران كەلمىش.

رەسۇلۇللاھ بىلەن زىينەت بېرىپ ئول ئەنبىيالارغە،
تەمامى ئەھلى جەننەتلەرگە سەرۋەر باغىبان كەلمىش.

ئەشەلتۇل كەلبە ئەي ئەرسەلتەدىن مۇشتەق ئېرۇر شەۋۋال،
«قەبائىلۇل ئەرەب فىھى تەشۇلۇ تەبرىهان» كەلمىش.

«تەشۇلۇفىھى» يەئنى «تەبرەھۇ مىن مەۋزىئىن شەخسۇن».
كىشى ئۆز جايىدىن قەسدى شىكار ئەيلەپ رەۋان كەلمىش.

ئاتالمىش شەھرى زۇلقەئدە قۇئۇد ئەيلەپ ئەرەب جەڭدىن،
ئاتالمىش شەھرى زۇلھەججە چىراكىم ھاجىيان كەلمىش.

بەيان ئەيلەپ بۇ ئايلار مەئنىسىدىن ئەندەكى شەۋقى،
گۇناھ دەردى بىلەن خەۋفۇ رىجادىن زەئفىران كەلمىش.

* * *

بەندە ئاجىز رۇسىيەھدىن شاھى خۇبانىمغە ئەرز،
مەغفىرەتلىك مەرھەمەتلىك زات سۇلتانىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىز مۇبتەلادۇر نەفسى شەيتان دامىگە،
قۇتقارىپ ئالساڭ نە بولغاي شۇم ئەھۋالىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىز يىغلاماقدىن ئۆزگە يوقتۇر چارەسى،
رەھم ئېتىپ ھالىم نەزەر قىل چەشم خۇنبارىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىزنىڭ ئاغىر تاغدىن گۇناھى بىھېساب،
رۇزى مەھشەر خار قىلغان فىئلى بەدكارىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىز دائىما خەۋفۇ رىجانىڭ ئۇستىدە،
ھەق بىلۇر، مەن بىلمەگەيمەن ئاقىبەت كارىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىز جان بېرۇر ھالەتدە ھازىر سەن ئۆزۈڭ،
ساقلاغىل ئىمانىمە تاخەۋف ئىمانىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىز گورقاراڭغۇ ئىچرە يالغۇز كىرسەلەر،
ھەمرەھى ئىمان بىلەن شەمئى شەبىستانىغە ئەرز.

بەندە ئاجىزدىن سوئال ئەتسە ئۇشول مۇنكىر ـ نەكىر،
ھەق جەۋابىن بەرگۈچى بەردۇرگۈچى شاھىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىزغە قەزادىن گور ئەزابى يەتسەلەر،
رەھم ئېتىپ دەفئ ئەيلەگەن سۇلتانى غەففارىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىزغە يېتىشسە نامە ئەئمال ئوڭ تەرەف،
چەپ تەرەفدىن ساقلاغان سۇلتانى رەززاقىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىزغە ئاغىر كەلتۈرسە مىزان پەللەسى،
ياخشى ئەئمال بىرلە شايەد زات رەھمانىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىز فۇلسىرات مۇشكۈلنى ئاسان ئەيلەگەي،
ساقلابان دەۋزەخ ئوتىدىن شاھى دەۋرانىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىز تۇھفە كەلتۈردۇم گۇناھى بىئەدەد،
تۇھفە ئاجىزلىق بىلەن كەلدىم بۇ دىلدارىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىز ھەق يولىغە رەھنەمادۇر مۇستەفا،
ئول شەفىئ رۇزى مەھشەر شاھى خوبانىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىزغە شەفائەت ئەيلەگەيلەر چاريار،
فاتىمە زۇھرا، ھەسەن بىرلەن ھۇسەين جانىمغە ئەرز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەندە ئاجىزغە شەفىئ شايەدكى ئەسهابى رەسۇل،
تابىئىنلەر سەرۋەرى ئول شاھ نۇئىمانىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىزغە تەلەتتۇف قىلسە مەھبۇبى خۇدا،
غەۋسىل ئەئزەم لايىقىدۇر شاھ جىلانىمغە ئەرز.

بەندە ئاجىزغە مەدەد كۆرگۈزسە شاھى نەقشىبەند،
ئەۋلىياۋۇ مۇجتەھىدلەردىن مەدەد خاھىمغە ئەرز.

شەۋقى غەمكىن بولماغىل شايەدكى ئىمانىڭ قەبۇل،
نىئمەتى ئىمان جەزاسى باغ رىزۋانىمغە ئەرز.

*        *        *

كىچەلەر بىدار ئەمەس سەن ئىشق دەئۋايىڭ غەلەت،
رەڭگى زەردۇ چەشم تەر يوق ئىشق سەۋدايىڭ غەلەت.

ئەمرى مەئرۇف نەھيى مۇنكىرنى بەجا كەلتۇرمەيىن،
جەھد ئەيلەپ پىشە قىلغان ياخشى ئەئمالىڭ غەلەت.

ئىلم هاسىل ئەيلەسەڭ ھەقدىن بۆلەك ئەغراز ئىلە،
نەفئى قىلماس ئاخىرەتدە بارچە ئەھۋالىڭ غەلەت.

رىشۋەلەر يەپ هۆكمى قازى مۇفتى بولغانىدىن دىسەڭ،
ئەيىن ئىقبالىم بەلەنددۇر ئۇشبۇ ئىقبالىڭ غەلەت.

زۇلم قىلساڭ بەندەگە مەغرۇر مەنسۇب زورىدىن،
ياخشىلىق كۆرمەسە ھەرگىز ئاقىبەت كارىڭ غەلەت.

«سوفى مەن» دەپ، زاھىرىڭ ئاراستە ئەيلەپ سۈف ئىلە،
باتىنىڭدىن فىكر دۇنيا سوفى ئەھۋالىڭ غەلەت.

ئارغۇماق ئاتلارغا مىنگەن خەلقە ئىشان نام ئىلە،
دام تەزۋىر مىكر ئەيلەپ ياخشى ئەتۋارىڭ غەلەت.

فۇل تەمەئ ئەيلەپ گەدا يەڭلىغ مۇرىدلار ئىشكىدە،
پىر كازىب ئۇل كىشىدۇر ئۇشبۇ رەفتارىڭ غەلەت.

فۇقەرا بىرلە مەساكىن مەسرۇفى ئۇشرە زەكات،
جايىغە سەرف ئەتمەسەڭ ئۇل خەير قىلغانىڭ غەلەت.

خار كۆرسەڭ بايغە ئىززەت ئەيلەبان فىقر ئەھلىنى،
دىننى بەرباد ئەيلەگەيسەن دىنۇ ئىمانىڭ غەلەت.

ئىلم ئەھلىن خاركۆرسەڭ ۋەجھى ئىستىخفاف ئىلە،
كافىر ئولدۇڭ بىگۇمان ۋەجھى مۇسۇلمانىڭ غەلەت.

«بەندەمەن» دەپ، ئەمر ھەقدىن جا ـ بىجا كەلتۇرمەسەڭ،
ئۇشبۇ يەڭلىغ بەندەلىك دەئۋاسى قىلغانىڭ غەلەت.

«بىز مۇھەممەد ئۇممەتى» دەپ، دەئۋى ئۇممەت ئەيلەسەڭ،
پەيرەۋى سۇننەت ئەمەس سەن دەئۋى يالغانىڭ غەلەت.

تاشلاغىل دۇنيا غەمىنى ئەسلى غەمدۇر ئاخىرەت،
بادى سەر ـ سەردەك ئۆتەر ئۇمرۇڭ بۇ تۇرغانىڭ غەلەت.

يول يىراقدۇر كۆپ خەتەرناك يول غەمىنى تازە قىل،
شەۋقى بىلسەڭ يول غەمىنى تازە قىلغانىڭ غەلەت.

* * *

لۇتف ئىلە باسىت زۇھۇرىدىن جەھانغە ئىنبىسات،
خەلقۇ ئالەم بىر ـ بىرىگە ئاشىنا ۋۇ ئىرتىبات.

مېھرى لۇتفۇڭ نەچچە زىدلەر ئۇنسۇرىن پەيۋەند ئېتىپ،
باد، خاكۇ ئابۇ ئاتەش بىر بىرىگە ئىختىلات.

سادىر ئولمىش ھەر بىرىدىن سەردگەرمۇ خۇشكۇتەر،
كىبر بىرلەن ھەم تەۋازۇئ پۇرھەزەر قىل ئېھتىيات.

www.uyghurkitap.com



قىسسە ئىبلىس كىبىردىن تۆشكەن مەقام ياد ئەيلەگىل،
كىبىر قىلساڭ ئول ئەزازىلدەك بولۇرسەن ئىبھىتات.

كىبىر مەخسۇس بىر سۈفەتدۇر خالىقى ئەشياغە كىم،
كىبىر مۇشرىك ياخشى ئەئمالىڭ قىلۇرلار ئىبھىتات.

كىبىردىن تەۋبە ئەيلەگىل شەۋقى تەۋازۇئ پىشە قىل،
تەۋبە قىلساڭ جۇرم ئىسيانىڭ بولۇرلار ئىنھىتات.

*　　*　　*

ئىلم ئىبلىگە مىھرىبان بول ئەھلى دۇنياغە غەلىز،
ئەھلى دەرۋىشكە ھەلىم بول ئەھلى دۇنياغە غەلىز.

ئۇزر بولماي ئەھلى مەنسەبكە تەمەللۇق قىلماغىل،
گەر قولۇڭدىن كەلسە قىلغىل ئەھلى بەدخاھغە غەلىز.

ئۇزرە بولماسدىن تەزەللۇل ھەم تەمەللۇقدۇر ھەرام،
قىلماغىل سەن پارساۋۇ ئەھلى تەقۋاغە غەلىز.

كىبىر قىلغانغە تەۋازۇئ قىلماغىل كىبىر ئەيلەگىل،
قىل تەۋازۇئغە تەۋازۇئ ئەھلى كۇبراغە غەلىز.

ھەرنە ھالەتدۇر رىزا بەر قىسمەتى رەززاقغە،
دىلنى پاك ئەيلەپ ھەسەددىن قىلمە ئەئلاغە غەلىز.

ئەھلى دۇنيا كافىرانى موتلەقەند دەپ مەسنەۋى،
دىن كىتەر قىلساڭ تەۋازۇئ ئەھلى دۇنياغە غەلىز.

ئەھلى دۇنياغە تەۋازۇئ قىلماغىل دۇنيانى دەپ،
شەۋقى ھەرگىز قىلماغىل سەن دىيدە بىيناغە غەلىز.

*　　*　　*

فەقىرنى شەرئى نەبى ئىچرە كان قىل ئەي ھافىز،
ھەقىرنى سەرۋى سەھى باغبان قىل ئەي ھافىز.

جەمال شاھى جەھان ۋەسلىدىن ئۈمىد ئەتسەڭ،
مۇدام زىكرى زەبان دانە دان قىل ئەي ھافىز.

جەمالى جىلۋەگەرى زاھىرۇ ئۆزى پىنھان،
سىفات مەزھەرى جان خانە جان قىل ئەي ھافىز.

نەسىم جان ساردىن ئەي سەبا خەبەر كەلتۈر،
ئىلاج زەئىفى مەشامىم نىھان قىل ئەي ھافىز.

كەل ئەي مىيانچى كەرىم خۇش خەبەر نىشان كەلتۈر،
فەقىرغە مەرد خۇدانى رەۋان قىل ئەي ھافىز.

سىپېھرى گۇنبەزى دەۋۋار نىلگۇن ئىچرە،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگىگە بىگانە گان قىل ئەي ھافىز.

فىراق دەشتى ئارا زۇلمەت ئىچرە سەرگەردان،
مەدىنە، مەككە، ھەرەم شامىيان قىل ئەي ھافىز.

تەرەھھۇم ئەيلە غەرىب خەستە جان بىلەن دىلغە،
ئىنايەتى ئەزەلىدىن نىشان قىل ئەي ھافىز.

بۇ شەۋقى ئاسىنى ساقلاپ زەۋالى ئىماندىن،
بىھىشتۇ خولد بەرىندىن مەكان قىل ئەي ھافىز.

* * *

خۇدا ھېچ بەندەسىنى قىلماغاندۇر سەن كەبى مەرفۇئ،
سەن ئەتتىڭ ئاشكارا غەيرى مەشرۇئ بىرلەھەم مەشرۇئ.

سۇلۇك ئەيلەپ تەمام ئەتتىڭكى مىزانى شەرىئەتنى،
كەلامى ئەمرى مەئرۇف نەھيى مۇنكىر ئەيلەدىڭ مەۋزۇئ.

ئۇلۇمى فەيزى رەببانى ئەتا قىلمىش خۇدا سانىز،
ۋۇجۇدۇڭ ئىردىلەركىم ئىلمى ھىكمەت بابىدىن يەنبۇئ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەفائەت بەھرىدىن ئۇمىد ئېتەركىم تەشنە ئۇممەتلەر،
ئەتا كۆرگۈز شەفائەت بەھرىدىن بىر قەترە يا مەشفۇئە

تەمامى ئەنبىيا نەفسى دېگەي سەن ئۇممەتى يارەب،
ئۇ شول مېھرىڭنى مەن ئاجىز غەرىبدىن قىلماغىل مەمنۇئە

قۇلۇڭنى بەندە سالىھلار سەفىدىن ھەشرى قىل يارەب،
قۇلۇڭنى ئەھلى تەقۋالار سەفىدىن قىلماغىل مەقتۇئە.

خۇدايا مەن غەرىبنى رەھمەتىڭدىن بىنەسىب ئەتمە،
شەفائەت بەھرىدىن ئاجىزنى قىل سىرئاب ئىلە مەسبۇئە.

ھەبىبىڭ ھۆرمەتى شەۋقىغە رەھمەت قىل ئايا سانىئ،
چىراكىم بىر غەرىب ئاجىز فەقىر مەھزۇن گەدا مەسنۇئە.

* * *

شەمئى جەمالىڭ تابىدىن قويدۇڭ يۈرەككە نەچچە داغ،
ئانداغكى ھەرگىز توختاماس ئوت بىرلە بىر كەلگەندە ياغ.

ھىجرىڭ ئوتىدىن ئاھ ئۇرۇپ شامۇ سەھەر قان يىغلابان،
دەردۇ ئەلەم بىرلە فىغان نالان قىلىپ سىزدى قەراغ.

لۇتفۇڭ خەفى سۇنئۇڭ جەلى ئىزدەپ تاپالماس ھەردىلى،
سەن لامەكان سەن يا ۋەلى يۈرگەي ھەمە سالىپ سوراغ.

كۆزدىن پەرىۋەش ئۇچتىلار سەۋدايى ئىشقىڭ تۇشتىلەر،
خەم بولدى مەھكەم پۇشتىلار مەستانە ئۆرۈلدى دىماغ.

ئىشقى جەمالىڭ شەۋقىدىن ئۇردى ئۆزىن نەرۇد ئوتىن،
دوستۇڭ خەلىلغە ئەيلەدىڭ ئوتنى گۇلىستان باغ-راغ.

مۇسا كەلىمۇللاھ دېمىش «يارەببى ئەرنىنزۇر ئىلەيك»،
ئىشقى مۇھەببەت زورىدىن تىترەر ئىمىشلار لاغ-لاغ.

كەلمش نىدايى: «لەنتەرانى لاكىننزۇر بەر جەبەل»،
نۇرى تەجەللى ئەيلەەمش تۇر ئۇستىگە كۆل بولدى تاغ.

ئىشتكەن زەمان ئول ئىنسۇ جان، داۋۇد زەبۇرىدىن ھەمان،
بىھۇش يىقىلمش ھەر زەمان مۇرغى ھەۋالار بىرلە زاغ.

ئىشقى مەسىھا نەفخىدىن مەريەمگە سالمش جىبرەئىل،
دىدار ئۇچۇن ئىيسا مەسىھ چەرخ ئۇستىگە قويمش ئاياغ.

سۇلتانى ئادىل مەزھەرى يۇسۇف جەمالى ئىشقىدىن،
يەئقۇب نەبى قان يىغلابان زار ئەيلەبان سىزدى قەراغ.

يۇنۇسنى قىلدى لۇقمە ھۇت، ئەييۇبنى تۇتتى ئەسلى قۇرت،
ئولدى ھەلاك ئول قەۋمى لۇت، خاھىش خۇدانىڭ، يوق سوراغ.

جانىن تەسەددۇق ئەيلەبان ۋەسلىڭ غەمىدىن زىكرىيا،
ھۇ-ھۇ دىيبان زىكر ئەيلەبان زىكر ئەررەدىن بولدى فەراغ.

يەھيا ۋە نۇھ، ئادەم سەفى داۋۇد سۇلەيمان يىغلادى،
دوستۇڭ مۇھەممەدنى شەفىئ ئەيلەپ ئىجابەتدىن سوراغ.

يارەب مۇھەممەد ھۇرمەتى ھەم چەھاريارلار ئۇلفەتى،
ئەزۋاجى پاكان ئىففەتى مەھشەردە قىل ۋەقتىمنى چاغ.

ئەسھابۇ ئەۋلادى نەبى شەھزادە كەۋنەينى ئەلى،
جەننەت گۇلىنىڭ بۇلبۇلى قىلسام ئەنى سۇرمە قەراغ.

يارەب سەھەر بىدار قىل ئىشقىڭ غەمىدە زارقىل،
زىكرى شەرىفىڭ جارى قىل ھۇ-ھۇ دىيبان قويسام ئاياغ.

مەقسۇدى شەۋقى قىشۇ ياز ئىشقىڭ ئوتى كۆپ خاھ ئاز،
فەخر ئەيلەگەيلەر ئاگا ناز، قويغىل يۇرەككە داغ-داغ.

www.uyghurkitap.com

*   *   *

جەمالىڭ ئافتابى پەرتەۋىدىن زەررە كۆرگەن چاغ،
ئۆمىد ئەتكەچ ۋىسالىڭ قۇم مەسەللىك تىترەشۇرلەر لاغ.

كىشى كۆرسە تەرەھھۇم ئەيلەگەيلەر زەئىف ھالىمغە،
دېگەيلەركىم قۇرۇغ شاخ ئۆزرە قالمىش بىر سەرىغ يافراغ.

مۇھەببەتدىن يۈرەكنى خارىش ئەيلەرمەن بۇ يەڭلىغ كىم،
مۇسىبەت ئەھلى سالغايلار يۈزىگە پەنج ئىلە تىرناغ.

يۈزۈڭ ئايۇ كۆزۈڭ چولفاڭ قىزىلگۇل رەڭگى رۇخسارىڭ،
نە يەڭلىغ ئەيلەمىشلەر ئارەزىڭنى رەڭبە-رەڭ سەبباغ.

بىنا ئەتمىش ۋۇجۇدۇڭ ئۆرۈشىنى نۇر ئەۋۋەلدىن،
ئاڭا سالمىش كۆزۈڭ كىم رىشتەئى لەۋلاكىدىن ئارقاغ.

زېھىكىم ئەنبەر ئەفشان كاكۇلۇڭ دەفئى خۇمار ئەيلەب،
خىيالىڭ خىلۋەتىدە رۇزى-شەب ۋەقتىمنى قىلمىش چاغ.

كېلىپ مەن دەرگەھىڭگە خىيرە چەشمىم رەۋشەن ئولغاي دەپ،
نەسىب ئولغايمىكىن شايەد كۆزۈمگە سۇرمەئى مازاغ.

ئەتا قىلمىش خۇدا مېئراج سۇبھانەللەزى ئەسرا،
تىلەب ئۈممەت گۇناھىن قاب قەۋسەينا سارى بارماغ.

ئىگەردى رىشتەئى نەئتىڭنى شەۋقى كۆز ئۇچى بىرلەن،
ئاڭا شايەد ئاسىلغاي دەۋزەخ ئىچرە سۆدرەپ ئېلتۇرچاغ.

*   *   *

ئېسىز ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى دەرىغا باد پەر يەڭلىغ،
يىمەك-ئىچمەك بىلەن ئەيشۇ فەراغەتدە بەقەر يەڭلىغ.

دەرىغا قىلمادىم تائەت قېرىلىق نەۋبەتى يەتتى،
ۋۇجۇدۇم باغى ئۆرۈلدى دەرەختى بىسەمەر يەڭلىغ.

دەرىغا جانۇ دىل تاپىغاي ئىدىلەر ئۇمرى ئارا لەززەت،
دەرەختى نەۋ بەھارىم ئىچرە ھەلۋا نىشكەر يەگىلىغ.

تەرەققى ئەيلەمەك مەھبۇب سارى مۇددەئا مەتلۇب،
ئۇشۇل مەتلۇب مۇيەسسەر بولمىغاي بىبالۇ پەر يەگىلىغ.

گۇناھىم زەڭگىبىرلەن رۇسىيەھ شەرمەندە قۇلدۇرمەن،
ئۇمىدىم رۇزى مەھشەردە يۈزۈم بولغاي قەمەر يەگىلىغ.

قارا بەختىم ئۇشول مەھبۇب جاندىن لەززەت ئالمايدۇر،
دىلىم ھەرگىز ئېرىمايدۇر قەساۋەتدىن ھەجەر يەگىلىغ.

خۇدايا زەئىف ھالىمغە ھەبىبىڭ رەھم قىلمايدۇر،
نىشاتى ئەسلە بولغايمۇ نەبۇۋۋەتدىن ئەسەر يەگىلىغ.

شەفائەت خاھ قىل يارەب غەرىب ئۇممەتكە دوستۇڭنى،
شەفائەت بەھرىدىن شەۋقىغە يەتكەيمۇ گۇھەر يەگىلىغ.

* * *

تولغانىپ كەلسە ئىدى سەرۋى خىرامان يەگىلىغ،
تارتىبان قاشى كەمان ئوقلارى مىژگان يەگىلىغ.

فىتنە ئاشۇبى زەمان ئافەتى جان ھەۋرى پەرى،
كۆزى چولفاڭ، يۈزى ئاي، زۇلفى پەرىشان يەگىلىغ.

لەئلى رۇممان ساچى سۇمبۇل قەدى شەمشادى جەھان،
زەئفىران ئەنبەرى ئەشھەب گۇلى رەيھان يەگىلىغ.

سىيم تەن لەئلى لەبۇ پىستە دەھان دۇردانە،
مەھجەبىن غەبغەبى چىن غۇنچەئى خەندان يەگىلىغ.

ئۇشبۇ ھەيئەت بىلە مەيدان سارىدىن كەلسە ئىدى،
چىرماشىپ ئالسام ئىدىلەر گۇلى پىچان يەگىلىغ.

www.uyghurkitap.com

قىلدىلار ۋادىيى ھەسرەتدە مېنى سەرگەردان،
ئەقلى ھۇشۇمنى ئالىپ بىر يولى نادان يەكلىغ.

سەن كەبى شاھغە كۆكۈل بەرسە كىشكىم تاك ئەمەسە
ئاھ، مىك جاننى پىدا ئەيلەسە قۇربان يەكلىغ.

ئىت كەبى تەلمۇرۇبان خاك رەھىك باش قويۇبان،
شەھى ئىقلىم ھەمە مۇھتاجۇ گەدايان يەكلىغ.

بەندەدىن ئەيىن پىسەندىدگە كېلۇر ئاجىزلىق،
ئۆزنى خار ئەتسە كويۇك شەۋقىدە ھەيران يەكلىغ.

بەندە ئاجىزغە ئىنايەت قىلىبان بىر قاراساك،
كەرەمىكدىن نە ئەجەب بولسە بۇ سۇلتان يەكلىغ.

مەزھەرىك بىرلە سېنى ۋەسف قىلۇر ئاشقى زار،
كۆز، ئاغىز، قاشۇ قۇلاق، ساچ ئىلە پىستان يەكلىغ.

پاكدۇرسەن ھەمە ئىنسان سۇفەتىدىن يارەب،
مۇنچەلىك بىرلە تەسەللى دىلى گىريان يەكلىغ.

فۇرقەتىكدىن تۇشۇبان دىل يۈزىگە داغ ئىلە خال،
كۆيدۈرۈپ ۋەسل غەمىن ئاتەشى سوزان يەكلىغ.

دەر بەدەر شەھر بەشەھر ئىزدەكى مەئشۇق سوراغىن،
ھەمچۇ سەييارە سەفەرگەشتە غەرىبان يەكلىغ.

گەنج مەقسۇدى خەراب ئىچرە مۇيەسسەر ئولغاي،
ئىزدەگىل جايى خەراب خانەئى ۋەيران يەكلىغ.

نا ئۇمىد ئولمە گەدا سەئيى تەلەبدىن قالمە،
شەۋقى تەن ئۆينى خەراب ئەيلە بەيابان يەكلىغ.

* * *

پادىشاھا زاتى پاكىڭ شىركۇ نۇقساندىن ئەرىغ،
ئەنبىيالەرگە ئەتا قىلدىڭ كەلامى سەد بەلىغ.

تۆرت كىتاب مەشھۇردۇر تەۋراتۇ ئىنجىل ھەم زەبۇر،
ئەفزەلى فۇرقان تەمام ئول نەسسى قاتىئ ھەمچۇ تىغ.

ئۇشبۇ قۇرئان ھەق رەسۇلنىڭ مۇئجىزاتىدىن بىرى،
بىر كىلىپ يۈزمىڭ فەساھەت بىرلە ھەم يۈزمىڭ بەلىغ.

ھۇكمى قۇرئانغە ئەمەل قىلماي ئۆتۈپدۇر ھەركىشى،
رۇزى مەھشەردە دېگەيلەر مىڭ نەدامەت مىڭ دەرىغ.

ئەي خۇدا رەھم ئەيلەگىل بىچارە ئۇممەت ھالىغە،
رۇشدى ئىرفاندىن كېيىن يارەببى قەلبى لا تۇزىغ.

ھېچ زىرائەت قىلغانىم يوق ئاخىرەت بازارىغە،
قىلماغىل بۇغداي زىرائەتنى سەمان بىرلەن تەرىغ.

شەۋقى ھالىغە تەرەھھۇم قىلماساڭ مۇشكۇل ئىشىم،
ئەي خۇدايا قىلماغىل مەھشەردە رەڭگىمنى سىرىغ.

* * *

نەقد ئۇمرۇم خاب غەفلەتدە تەباھ بولدى دەرىغ،
ئىش قىلۇر ۋەقتىم جىۋانلىقدە خەتا بولدى دەرىغ.

ياشلىقىمدا گەۋھەرى تائەتنى بەرباد ئەيلەدىم،
تۇشە راھى ئاخىرەت بىلكۇل ئەدا بولدى دەرىغ.

پىرلىق ۋەقتى يېتىشتى سۇست بولۇپ ئەنداملار،
تەن زەئىفۇجان نەھىفۇ دىل گەدا بولدى دەرىغ.

قولغە كەلمەس كەچمەيىن جاندىن ئۇشۇل جانانە جان،
يار ۋەسلىن ئىزدەگەنلەر مەرھەبا بولدى دەرىغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يار ۋەسلىن ئىزدەسەڭ قويغىل بۇ ئالەم لەززەتىن،
رەنجى چەكمەي گەنج تاپماي كىم سەفا بولدى دەرىغ.

تا جەمالىڭ كەئبەسىدىن ئارزۇ ئەتكەن كىشى،
دەشتى سەھرالارنى قەتئ ئەيلەپ فەنا بولدى دەرىغ.

ئەللاھ ئەللاھ دەپ گۇناھ دەردىڭ دەۋاسىن ئىزدەگىل،
زىكرى مەھبۇب بارچە ئىللەتكە دەۋا بولدى دەرىغ.

بۇلبۇلى ئەللاھۇ يەكفىنى گۇلىن ۋىرد ئەيلەگىل،
بارچەغە ئەللاھۇ يەشفىنى شىفا بولدى دەرىغ.

پۇنبە غەفلەتنى چىقارغىل بۇ نىدانى ئاڭلاغىل،
«فەزكۇرۇنى ۋەشكۇرۇلى» دەپ سەدا بولدى دەرىغ.

زىكرى ئەيتقىل، شۇكرى ئەيتقىل، يىغلاغىل شەۋقى مەدام،
بارچە ئەزا رۇزى مەھشەردە گۇۋاھ بولدى دەرىغ.

*  *  *

نىگارا ھالىمە قىلغىل تەلەتتۇف،
ئەبەس ئۇمرۇڭگە ئەيلەرمەن تەئەسسۇف.

قىلىپ مەن گەۋھەرى ۋەقتىمنى زايىئ،
بولالماي ياخشى خىسلەت بىرلە مەۋسۇف.

بەدەن مۈلكىنى تۇتمىشلار قارالىق،
گۇنەھ رەڭگى بىلەن بىھۇدە مەسرۇف.

يېتەرمۇ خەستە جانغە مەرھەمىڭدىن،
دەرىغا قايدا بولغاي نۇرى مەئرۇف.

ھىجابى زۇلمەتى تەن ئىچرە قالدىم،
يېتەرمۇ جانۇدىلغە نۇرى مەكشۇف.

كەل ئەي ساقى قەدەھ سۇنغىل لەبا ـ لەب،
مۇھەببەت جامىدىن پۇر ئەيلە مەزرۇف.

نىگارىم مەرھەمەت ئەيلەرمىكىن دەپ،
چىپكەرمەن داغۇ ھەسرەتدىن تەكەللۇف.

قاچان بولغاي ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن،
جەمالىڭ جىلۋەسىدىن تۇتتى مەشغۇف.

تەرەھھۇم ئەيلەگىل شەۋقىغە يارەب،
تەلەتتۇف قىل، تەلەتتۇف قىل تەلەتتۇف.

*　　　*　　　*

ۋادەرىغا ئەي زەئىفا لاف ئەقۋالىڭغە ھەيف،
تەن پەرەستلىك بىرلە ئۆتكەن بارچە ئەھۋالىڭغە ھەيف.

ئىشقى دەئۋاسىدا چالدىڭ كۇسۇ ۋە نەققارەلەر،
ئۇشبۇ تەقلىد بىرلە قىلغان ئىشقى دەئۋايىڭغە ھەيف.

ھاسىل ئەتمەي ئىشقى تەھقىق ئۇشبۇ تەقلىددىن نەسۇدە
ئۇمر زايىئ ئەيلەگەن بۇ نەزم ئەشئارىڭغە ھەيف.

فىكرى ئاتىن شىئرى مەيدانىدا چەندان ئوينىتىپ،
سەيد ئېتىپ ئەلفاز ۋەھشىن ئۇشبۇ ئەۋقاتىڭغە ھەيف.

نەزم ئېتەرگە ئۇشبۇ يەكلىغ تۆشتى سەۋدا باشمە،
زىكرى ھەقدىن غافىل ئەتكەن ئۇشبۇ سەۋدايىڭغە ھەيف.

ئەي دەرىغا خاھىشى نەفسىڭ دەۋاندىن ئۆتمەيىن،
ھەق تەرەفكە يول تاپىلماس ئۇشبۇ رەفتارىڭغە ھەيف.

ئەلگە ۋەئزۇ پەند ئېتەرسەن تا ئۆزۈڭ قىلماي ئەمەل،
ۋادەرىغا نامۇۋافىق قەۋلى گۇفتارىڭغە ھەيف.

بارچە ياخشى، مەن يامانۇ بارچە بۇغداي مەن سەمان،
ئەلئەمان ئەي بەندە نالان بارچە ئسيانىڭغە هەيف.

ئولكى تەۋۋابۇن رەھىمدۇر تەۋبە قىلغىل يىغلاغىل،
ۋادەرىغا بۇ مۇلەۋۋەس پاك دامانىڭغە هەيف.

ۋەئدەئى لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتۇللاھدىن ئۇمىد،
شەۋقى نالان بولماغىل بەس فىئلى شەيتانىڭغە هەيف.

*　　*　　*

ۋادەرىغا كەلمەس ئېردىم ئۇشبۇ هالەت بىر تەرەف،
بۇ جەهان زىنىدانىغە كەلتۈردى قىسمەت بىر تەرەف.

بۇ جەهاندىن نارەسىدە كەتسەم ئېردى كاشكى،
چوڭ بولۇپ قىلغان گۇناھ بىرلەن زەلالەت بىر تەرەف.

ۋادەرىغا بىر كۈنى كەلگەي كەمىنگاھدىن ئۆلۈم،
جان ھىسارى تەنگە ئۇرغاي رەنجى زەخمەت بىر تەرەف.

بۇ ئۆلۈم دەردىگە دەرمان تاپمايىن لۇقمان ھەكىم،
ھىيلە ئەيلەپ ھەم فىلاتۇن جانغە ھىكمەت بىر تەرەف.

ۋادەرىغا قابىزىل ئەرۋاھ يېتەرجان قەسدىگە،
قەسد ئىمانىڭغە شەيتان نەزئى هالەت بىر تەرەف.

ھەق ئىنايەت ئەيلەبان يار ئەيلەسە بەختى ئەزەل،
بارسەلەر شايەدكى ئىمانىڭ سەلامەت بىر تەرەف.

ۋادەرىغا تۇتسە شۇم بەختىڭ قارالىقدىن ئەسەر،
لۇتفى ھەق يار ئولمايىن تۇتقان شەقاۋەت بىر تەرەف.

ھەق تەرەفدىن گورئارا مۇنكىر ـ نەكىر ئەتكەي سوئال،
تا جەۋابىن بەرمەسەڭ چەندان ئۇقۇبەت بىر تەرەف.

ۋادەرىغا سابىت ئۇلغايلار تەمام ئەتكەنلەرىڭ،
ئۇل كەرامەن كاتىبىن پۈتكەن كىتابەت بىر تەرەف.

ۋەزنى ئەئمالىڭنى قىلغايلاركى خەيرۇ شەرر ئىلە،
چۇن تەرازۇ بىرلە ئۇل ۋەھمى قىيامەت بىر تەرەف.

پۇلسىراتدىن ئۆتمەيىن ئەھلى سەلامەت مەن دىمە،
ھەق ئىنايەت قىلسەلەر ئۆتكەي سەلامەت بىر تەرەف.

ئەي خۇدايا شىددەتى مەھشەرنى ئاسان ئەيلەگىل،
يەتتە دەۋزەخ ئىچرە ئۇل نارى شەقاۋەت بىر تەرەف.

مۇستەفا شاھىدكى ئۇممەتنى شەفائەت ئەيلەگەي،
بۇ ئۇمىد بىرلەن تىلەپ تۇرغان شەفائەت بىر تەرەف.

دائىما شۇكرى ئەيلەگىل ئېھسانى ھەقدۇر بىئەدەد،
ئەلخۇسۇس تەقۋا ئېلىگە ۋەئدە جەننەت بىر تەرەف.

شەۋقى دائىم يىغلاغىل تائەت ـ ئىبادەت پېشەقىل،
جۇملە نېئمەتدىن ئۇلۇغ دىدارى نېئمەت بىر تەرەف.

* * *

ئىزدەبان تاپسام ئېردى خالىقۇتاق،
ھەزرەتى ۋاھىدۇن ئەلەل ئەتلاق

يوق مەكانىڭ كۆزۈمگە پىنھان سەن،
بارلىقىڭغە دەلىل ھەمە ئافاق.

سايراشۇرلار چەمەندە بۇلبۇللار،
گۇل يۈزۈڭ شەۋقىدە ھەمە مۇشتاق.

كۇنھى زاتىڭغە ئەقل يول تاپماس،
فىكر ئىلە باشلارىن تۆبەن سالماق.

www.uyghurkitap.com



جۇملە مەئدۇەنى ئەيلەدىك مەۋجۇد،
سەن كەبى بولماغاي يەنە خەللاق.

كەرەمىڭ كەڭرۇ ئەھلى ئالەمگە،
لۇتف ئىھسان بىلەن ئەجەب رەززاق.

نىئمەتىڭ بىئەدەد فەراۋاندۇر،
شەھدۇ شەككەر، ئەسەل، ئۈزۈم، قايماق.

نانۇ گوشت بىرلە خورما، ئالما، ئانار،
خۇربىزە①، خۇخۇ② تىينۇ③ تۇتۇ④ مەزاق.

ئىزدەبان تاپسام ئول تاڭ ئىرمەسكىم،
رەۋزە پاك ئىلە مەككە، شامۇئىراق.

پۇيە ئۇرسام كويۇڭدا ئەي جانان،
دەشت سەھراۋۇ تاغۇ شەھر قەزاق.

دىلبەرا قايدادۇر سىنىڭ جايىڭ،
ئەشكى خۇندىن ھەمىشە سىزدى قەراق.

رەھم ئىتسەڭ خەستەجانغە بىر قاراغىل،
قان يۇتارمەن ھەمىشە ئاھ فىراق.

بىر جانىم گەرچە مىڭ فىدا بولسۇن،
چۇن ئىسمائىل خەلىل ئەبۇ ئىسھاق.

ئىشق دەئۋىدە كىمكى سادىقدۇر،
زەئفىران چېھر ئىلە كۆزى ئويغاق.

نائۇمىد ئولمە ئىزدەگىل شەۋقى،
لۇتف ئىھسان ئەتاۋۇ فەزلىگە باق.

---

① خۇربىزە — قوغۇن.
② خۇخ — شاپتۇل.
③ تىين — ئەنجۇر.
④ تۇت — ئۈجمە.

* * *

قەنائەت ئەيلە خۇدا بەرگەنىگە ئەي كۆزى ساق،
تەمەئ ئاشى بىلە سەن كۆزلەرىڭنى قىلمە چەفاق.

بىلىڭگە سەڭگى قەنائەتنى باغلا ھەمچۇ نەبى،
تاپىلماسە بىگەلى تۇئمە ئەيلە كوھنە شەفاق.

جەھاننى بار يوقىغە ئەسلا ئىئتىبار ئەتمە،
ئەزەل نەسىبەسىدىن يەتكۇرۇر ساڭا رەززاق.

كىشى ئاشىغە نەرەر سالمە كۆز ئۇچى بىرلەن،
يۈزۈڭنى قىلمە قالىن ئىت ـ ئىشەك كەبى دۇەباق

تاشى چىرايلىق ئىرۇر باتىنىكىگە زەھر ئالۇد،
مىسال پىر زەنى زاھىرى جەۋان قالتاق.

مىسال ئۇشبۇ قەدەر پىر زال دۇنيانىڭ،
تەمام ئۆزگەسى ئەقلەتدە ئەھلى ھەق ئويغاق.

تەۋازۇئ پىشە قىلىپ ئىززەتىڭ بەلەند بولغاي،
تەكەببۇر ئەيلەسە ھەركىم تۇشەر تۆبەن بالتاق.

سەخاۋەت ئەيلە قولۇڭدىن ئەگەرچە كەلسە ئەزىز،
قولۇڭدا ھەر نەقەدەر بولسە ئەيلەگىل ئىنفاق.

بىخىللىك ئەيلەمەگىل ئول ئەجەب يامان خىسلەت،
ۋۇجۇد رەختىنى دەۋزەخدە قىلماغىل شالتاق.

ھەسەدنى شۇئلەسىدىن جانۇ دىلنى كۆيدۈرمە،
تەمام ئەلگە ھەلىم بول چۇ سۈت ئۈزە قايماق.

تەمام ئەلگە نەسىھەت قىلۇرسە ئەي شەۋقى،
ئۆزۈڭنىڭ ئەيبىنى كۆر ئۆزگەدىن كۆزۈڭ ئالماق.

www.uyghurkitap.com



* * *

سۆزۈمدۇر تەلخۇ شىرىن گاھ بىجا گاھ مەزمۇنلۇق،
تەبىئەت مۇختەلىفدۇر گاھ ئۇڭلۇق گاھ مەجنۇنلۇق.

ئۆزۈم سابىت قەدەم ھۇببۇل ۋەتەن مەزمۇنىدىن ۋاقىف،
دىلىم سەيرى تەمەننايى فەنا دەشتىدە مەھزۇنلۇق.

ۋەفايى ھەق رەسۇلنى سەن سەبۇتى ئىشقىدىن كۆرگىل،
مۇھەببەت گەۋھەرىدەك بولمىغاي ھىچ رەسمى قانۇنلۇق.

جەھان سەفىنغە كەلتۈرمىش ئەدەم ئىقلىمىدىن خەللاق،
ھەمە زىنجانغە بولمىش گاھى خوشلۇق گاھى مەھزۇنلۇق.

بولۇپدۇر ھەرنەكىم قىسمەت يازىلمىش لەۋھى مەھفۇزغە،
بىرى بەڭگى، بىرى مەيخور، بىرى كۆكنار ئەفيونلۇق.

بىرى ئالىم، بىرى زالىم، بىرى جاھىل، بىرى باتىل،
بىرى كامىل، بىرى ناقىس، بىرى مەردۇدۇ مەلئۇنلۇق.

ئاسىلدى دارغە مەزلۇم ئۇشۇل مەنسۇر كامىلدەك،
چىراكىم مۇددەئى مەككار قازى قىلدى ئاخۇنلۇق.

ئانىڭكى نىيش زەربىدىن ئانىڭ شاگىردىدىن ئۆزگە.
ئەمان تاپماس جەمئى ئەھل فەزلى ياخشى مەيمۇنلۇق.

تىرىگلىك ئەيلەگەيلەر تا قىيامەت رەڭگى ئىبلىسدەك،
فىرىب يەرلەر جەمئى ئەھلى ئالەم بارچە مەغبۇنلۇق.

ئەگەر ئىمانى كامىل بولسە ئېردى رۇزى مەھشەرگە،
ئۆزىنىڭ نەفسىنى قىلماس ئىدى مەھشەردە مەرھۇنلۇق.

بۇ زالىم شەررىدىن ئىلىم ئەھلىگە بەرگىل ئەمانلىقنى،
خۇدايا بىر غەرىبنى ساقلاغىل ئەز شەررى مەفتۇنلۇق.

خۇداۋەندا بىھەدققى ئول ئەزىزانى سەئادەتمەند،
بۇ شەۋقى شىئرىنى قىلغىل بەلاغەت بىرلە مەۋزۇنلۇق

*　　*　　*

كۆرگەلى زارمەنا ئاھ سەنەم ئاھ فىراق،
ئىزدەسەم قايدا سەنا ئىككى يىـۈزى سۈتدىن ئاق.

ئەي ئەجەب ساچلارى سۇنبۇل قاشى مىھرابى كەمان،
قەدى شەمشادى جەھان، مۇنجاقى ئالتۇن ئىغاناق.

لەبى لەئلىڭدىن ئەگەر ئىچسەم ئىدى قەترەئى مەي.
مەستلىك بىرلە كەلامىڭنى ئىدى ئىشتسە قۇلاق.

تۆھمەت ئەيلەپ ئۆزىگە قىلدى بۇ دەئۋانى ھەمان،
ئۇستىخان سارى قاچان يەتتى ئەلەم بىرلە فىچاق.

جانى جانانغە پەيامىمنى ئىلت بادى سەبا،
بۇ ھەۋادىن جىگەرىم ئۇستىگە سانچىلدى قەداق.

نەفسى كافىر كىلىبان شەھر قەنائەتنى بۇزۇپ،
ئالدىلار مۇلكى قەنائەت، سالىبان جانغە چىماق.

بۇ بەلا دەفئىگە «لاھەۋلە ۋەلا قۇت» ئوقۇبان،
يىغلابان ھەق سارىغە ئانچە غۇبار ئولدى قەراق.

نەفى ئىسبات ئوقىدىن لەشكەرى شەيتانى رەجىم،
قاچقۇسى مۇلكى خىتاي ھىندى، ئورۇس شەھرى لەداق.

تەشنەلەب ئولما ئەزەل ساقىسىدىن شەۋقى ھەزىن،
نەئەجەب سۇنسا ئەگەر رەھم ئىتىبان ساقى ئاياق.

*　　*　　*

ۋۇجۇدۇڭ قەددىگە كۆرمىش مۇناسىب خىلئەتى لەۋلاك،
ئەلەم نەشرەھ سىفاتلىغ سىنەئى پاكىڭنى قىلمىش چاك.

www.uyghurkitap.com



نەكۆنكىم ئەرش ئەئزەم تەبرەممشلەر ئارزۇ ئەتكەچ،
غۇبارى مەقدەمىڭنى تۇتىيا قىلمىش ھەمە ئەفلاك.

ئىشارەت بىرلە ۋەنشەققۇل قەمەر ئاي پارەئى ئولمىش،
كىيىك ئەرز ئەيلەمىشلەر يىغلابان سۇرتۇپ يۈزنى خاك.

بىرى بۇ مۇئجىزاتىدىن ھەجەر ئەرز ئەيلەمىش ئىمان،
شەجەر سەجدە تەھىيىيەتدىن يىقىلمىش چۇستۇۋۇچالاك .

سەفەر ئەسناسىدا رەھمەت بولۇتكىم سايىبان ئەتمىش،
خەدىچەگە بەنىغە ئەزم دۇنيا قىلدىلار ئول پاك.

كەبۇتەر بىرە قىلمىشلار ئۆرۈمچى تارپۇت ئەتكەچ،
ھىرا تاغىدىكى غار ئاغزىغە سۇلتان ئۇچۇن غەمناك.

لەبى لەئل ئىچرە ئول دۇردانەسىنىڭ رەۋشەنالىقدىن،
خەدىچە، ئائىشە سۇزەنى تاپمىش شەب ئارا بىباك.

مۇبارەك شەككەر ئەفشان مۇشكى ئاسا ئاب دەھەندىن
قۇدۇغدىن ئاب شور بىسيار تاتلىغ بولدى شىرىن ناك.

مۇبارەك تەرلەرىدىن قەترەقىز بەختىن ئۇممىد ئەتكەچ،
تىلا كۆرگۈزدىلەر سۇ بىرلە قىز بەختىن زىيادەتناك.

بۇ قىز ئەۋلادىدىن تا كەتمەدىلەر ئەترە ئاسالىق،
ئىپارۇ ئۇدۇ ئەنبەر ئەترە پەرۋەرلىكدە شۇھرەتناك.

ئەدەتدىن تاشقارىدۇرلار بۇ يەڭلىغ مۇئجىزاتىدىن،
ئانىڭ ۋەسفىن ئادا قىلماقدە ئاجىز ئەقل ئىلە ئىدراك.

خۇدايا غەرق ئىسيان رەھمەتىڭدىن ھەم شەفائەتدىن،
ئۇممىد ئەيلەر بۇ قۇلنى رۇزى مەھشەر قىلماغىل ئىھلاك.

خۇدايا يەتكۈزۈپ ئول مەغفىرەت دەريايى ساھىلغە
بىھەققى ھۇرمەتى «تاھا» گۇنەھدىن ئەيلەگەيسەن پاك.

خۇدايا لەشكەرى ئىشقىڭ ئىبەرگىل شەۋقى سارىغە،
مۇھەببەت تىغ ئىلە دىل پەردەسى سىنەمنى قىلسۇن چاك.

* * *

بەھار ۋەقتىدە ھۇسنۇڭ زوھۇردىن لەك لەك.
چەمەندە سايراشادۇر ئەندەلىب ئىلە مۇرغەك.

تەمام ھەمدۇ سەناغە ئاغىز ئاچىپ ھۇھۇ،
سەھەر تاغ ئىچرە ئۇلاي بىرلە باغ ئارا فاختەك.

سەھەر خۇرۇسۇ باغىرتاقۇ قىرغاۋۇل كەكلىك،
كەبۇتەرۇ سوفى تورغاي سەنا بىلەن جۇفتەك.

كۆكۈلنى باغلادى دۇنياغە ئەر ئەمەس مەزلۇم،
كىمكى ئىزدەسە مەۋلانى ئول ئېرۇر ئەركەك.

تەمام نەفسى بەلاسىغە مۇبتەلادۇرمىز،
بۇ نەفسى باشىغە ئەرنىڭ ئەرى سالۇر مۇشتەك.

غەزات ئەكبەر ئېتىپ پەھلەۋانى ھەق دايىم،
بۇ نەفسى كافىرى مەلئۇننى ئەيلەگەي بەزگەك

بۇ فانى لۇلى جەھان جۇملەنى ھەلاك ئەيلەپ،
مىسال پىر زەنى جادۇ لەئىلكۇ شەپشەك.

قېنى ئىسكەندەرۇ دارا ۋە شاھ ئەفرىدۇن،
قېنى تەھەمتەنۇ① جەمشىدۇ پەھلەۋان كەمەك.

ھەمە يەر ئاستىغە كىردى بەنايى ئادەمدىن،
مۇھەممەدى ئەرەبى شاھى ئاسمانۇ سەمەك.

---

① تەھەمتەن — باتۇر، قەيسەر دېگەن مەنىدە، «شەھنامە» دىكى ئاساسىي پىرسوناژ — رۇستەمنىڭ نامى.

ئۇزۇلدى ھەققە يېتىشتى نەچەند خاتۇنلار،
بۇ سەللەمىزگە نامۇس ئەيلەگەي ئۇلاردە لىچەك.

بەھار ئۇمرۇڭ ئۆتۈپ ھەق يولىغە كىرمەيسەن،
بۇ نەخلى جۇدۇڭ ئۆزە مېۋەسىز تۆكۈلدى چېچەك.

دەرىغ كۆرسەم ئىدى دىلبەرىم جەمالىدىن،
لەبىگە سۆيسەم ئىدى چىرماشىپ چۇ ئىشق فىچەك.

بۇ يولدا قالغانىمىز بائىسى بۇدۇر بىلىڭىز،
مۇيەسسەر ئولمادى بىزگە ئەتاي پىر مەھەك.

ئۇمىد رىشتەسىدىن شەۋقى ئۇشلاغىل مەھكەم،
پۈتۈلدى مۇئجىزە قۇرئاندا: «فىدقەدىس تەمشەك».

*         *         *

دىلبەرا قايدادۇر سېنىڭ جايىڭ،
ئەل كۆزىدىن نىھان گۇھەر بارىڭ.

نەچچە ئاشىقنى شىفتە ئەيلەرسەن،
ھەمەدىن چوڭ كەرەشمە ئىلە نازىڭ.

بىرنى ئۆلتۈرمەك ئىلە تىرگۈزمەك،
ئالادۇر جاننى كۆز ئىلە قاشىڭ.

بىرنى تەخت ئۆزرە پادىشاھ ئەيلەپ،
قۇل كەبى ئۆزگەنى قىلىپ خارىڭ.

بىرنى مەغرۇر ئېتىپ جەھانغە چۇنان،
نازۇ نېئمەتدە پۇر قىلىپ كارىڭ.

بىرنى مەنسەپكە مۇبتەلا ئەيلەپ،
ھۆكمىنى رىشۋە ئىلە قىلۇر قازىڭ.

بەئزنى رندە ئلە خەراباتى،
شفتە ئەيلەپ ئۆزۈڭگە دلدارلڭ.

برنى ئوغرى قاراقچى ئلە لولى،
برى بەڭگى قمارۇ مەيخارلڭ.

يغلاتپ برنى، برنى شاد ئەيلەپ،
قلدۇرۇپ جەڭگى جۇي تەماشايلڭ.

برنى غەفلەتدە خابۇ خار ئچرە،
چالدۇرۇپ داپ، دۇتارۇ سەتارلڭ.

برنى لۇتفۇڭ كبلپ سەئد ئەيلەپ،
خۇد بخۇد يغلاتپ مۇناجاتلڭ.

برنى قەهرڭ زۇهۇرى جۇش ئۇرغاچ،
كۇفرى تۇغيان سارى گرفتارلڭ.

يەفئەلۇللاهۇ مايەشائ ۋەسفڭ،
يەهكۇمۇللاهۇ مايۇرد كارڭ.

بەندە هالڭغە يغلاغل بسيار،
هيچ برن يوقتۇرۇر خەبەردارلڭ.

ئۇممەتى ئەهمەدا قلپ برنى،
بۇ نشان خەيرى ئاقبەت كارڭ.

شۇكرى ئەيتغل خۇدايى ئالەمگە،
سەييدل ئەنبياى مەدەدكارڭ.

نەئەجەب هۇرمەتى مۇهەممەددن،
هەمرەهى ئولسە دنۇ ئمانڭ.

رازى بول قسمەتى قەزاۋۇ قەدەر،
كەم ئېرۇر بۇ جەهاندا ئقبالڭ.

www.uyghurkitap.com



شەۋقى دۇنيانى ئېتىبار ئەتمە،
ئىزدەگىل دەۋلەتى بەقا جايىڭ.

مۇسەببەئ ①

ئاسى قۇلنى مۇرشىدى كامىلغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
پەيرەۋى سۇننەت ھەمان ئامىلغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
مەئرىفەت دەرياسىنىڭ ساھىلغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
ياد ھەقدىن باخەبەر ئاقىلغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
چۇن ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئۇسمانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
ھەم ئەلى شىرى خۇدا رىزۋانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
ئاسى ئۇممەتنى رەسۇلۇللاھغە يەتكۇر ئەي خۇدا.

سەندىن ئۆزگە يوقدۇرۇر پۇشتى پەناھىم ئەي خۇدا،
بىرلىكىڭگە يوقدۇرۇر شەكۇ گۇمانىم ئەي خۇدا،
جۇملە ئەنبىياندۇر ساڭا سىررى نىھانىم ئەي خۇدا،
زىكرۇ فىكرۇ مەقسەدىم خەۋفۇ ئەمانىم ئەي خۇدا،
تا ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر، ئۇسمانغە يەتكۇر ئەي خۇدا
شاھ مەردان مۇرتەزا سۇلتانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
ئاسى ئۇممەتنى رەسۇلۇللاھغە يەتكۇر ئەي جۇدا.

سۇبھى ۋەقتىم ئۆتتىلەر غەفلەتدە ئۇمرۇم ئەي خۇدا
شام ۋەقتىم يەتتىلەر مىھنەتدە ئۇمرۇم ئەي خۇدا،
تەندە قۇۋۋەت كەتتىلەر ھەسرەتدە ئۇمرۇم ئەي خۇدا،
سەن ئۆزۈڭ يەتكۇرمەسەڭ ھەيرەتدە ئۇمرۇم ئەي خۇدا،
چۇن ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر، ئۇسمانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
ھەۋزى كەۋسەر ساقىيى دەۋرانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
ئاسى ئۇمەتنى رەسۇلۇللاھغە يەتكۇر ئەي خۇدا.

سەنكى ھازىر جان بىرۇر ھالەتكە يەتسەم ئەي خۇدا،
ساقلاغىل ئىمانىمە ئۇقباغە كەتسەم ئەي خۇدا،
سەن كەرىم سەن رەھمە قىلغىل ھەرنە ئەتسەم ئەي خۇدا،
پۇل سىراتدىن تايمايىن جەننەتكە يەتسەم ئەي خۇدا،

① مۇسەببەئ — كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بىر شەكىل بولۇپ، يەتتە مىسرا بىر كۇبلېت بولىدۇ.

چۇن ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئۇسمانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
شىريەزدان مەئدەنى ئېھسانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
ئاسى ئۇممەتنى رەسۇلۇللاھغە يەتكۇر ئەي خۇدا.

مەغفىرەت ئەيلەپ گۇناھىمنى كەچۇرگىل ئەي خۇدا،
دەفتەرىمدىن رەڭگى ئىسيانىنى ئۆچۇرگىل ئەي خۇدا،
رۇزى مەھشەردە ئۇبەيدەم دەپ قىچىرغىل ئەي خۇدا،
باشىمە دەرياىي رەھمەتدىن ساچارغىل ئەي خۇدا،
چۇن ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئۇسمانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
شاھى مەردان مۇرتەزا رىزۋانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
ئاسى ئۇممەتنى رەسۇلۇللاھغە يەتكۇر ئەي خۇدا.

تەشنەلەب ئۆلتۇرمەگىل ساقى ئەزەلدىن ئەي خۇدا،
توشقارىپ سۇنغىل ماڭا جامى ئەسەلدىن ئەي خۇدا،
جانۇدىل ئولغاي خەلاس شايەد كىبىسەلدىن ئەي خۇدا،
شەۋقى پەرۋانە قۇتۇلغايلار خەلەلدىن ئەي خۇدا،
چۇن ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئۇسمانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
شەھسۇۋارى دۇلدۇلى جەۋلانغە يەتكۇر ئەي خۇدا،
ئاسى ئۇممەتنى رەسۇلۇللاھغە يەتكۇر ئەي خۇدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۇھفەتۇلئۇششاق

## موللا توختى غەرىبى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

شائىر موللا توختى (تەخەللۇسى: غەرىبى) 1861 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ توقسان يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1951 - يىلى پالەچ كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان (قەبرىسى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا). شائىر كىچىك ۋاقتىدا ئۆز يۇرتىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇغان. كېيىن بىلىم تەشنالىقىدا يۇرت ئاتلاپ يورۇڭقاش يېزىسىدىكى مۇتەپەككۇر ۋە مەرىپەتپەرۋەر داۋۇت ئەلەمھاجىم دېگەن كىشىنىڭ مەدرىسىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەرەب، پارس ۋە ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگەنگەن. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بولغان ئابدۇراھمان جامى، نەۋائى، ئەھمەت يەسەۋى، ھۇۋەيدا قاتارلىق شائىرلانىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئۇلاردىن بەدىئىي زوق ئېلىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئۇنى تۆپلەپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرگەن. شائىرنىڭ ئەسەرلىرى قىزى مۇنەۋۋەرخانغا مىراس قالغان بولسىمۇ، «ئاپەتلىك يىللار» دا بۇلاپ كېتىلگەن. ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا شائىرنىڭ 164 بەتلىك «تۇھفەتۇل ئۇششاق سانى» (ئاشىقلار تۆھپىسىنىڭ ئىككىنچىسى) ناملىق ئەسىرى ساقلانماقتا. شائىرنىڭ مەزكۇر ئەسىرى «ئاپەتلىك يىللار» دا كۆيدۈرۈلۈش خەۋپى ئاستىدا تۇرغاندا بىر ئاق كۆڭۈل كىشى تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇپقىلىنغان. مۇشۇ نۇسخىدىن قارىغاندا «تۇھفەتۇل ئۇششاق» نىڭ بىرىنچى كىتابى ۋە باشقا ئەسەرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق قىزىش يولىدا يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن ئەرشىدىن راشىدىن، مەھەممەت توختى ئابدۇباقى قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ ئىزدىنىشى ئارقىلىق تېپىلغان «تۇھفەتۇل ئۇششاق سانى» دىن بىر قىسىم شېئىرلارنى نەشرگە تەييارلىدىم.

ھەمدۇسەنا يارەببەنا بىھەدد لائۇھسا سىنا،
يائەللاھ بىيدىلغە شىفا، ئەي ئىشقى ئەنقا كىميا،
ئىشقى مەسىھا رەھنەما سىمۇرغۇەش مىھرى - ۋەفا،

نایاب ئەي ئەهلى فەنا، فاني بولۇپ تاپقىل بەقا،
ئەهلى فەنا ئەهلى سەفا، تۇفراغى كۆزگە تۇتىيا.

ئە (1 ①)

ئەي ئادەمى ئىشق تەنگە جان، بىل ئىشق جانغە مېهرىبان،
ئىنسانغە ئىشق مىسلى كان، ئىشق ئەيانلىغ بىزەبان،
كان ئىشقنى تۇتقىل نىهان، ئاشكارا قىلمە بۇ يامان،
جان چەكتى يىغلاپ داستان، توفان سەرەشكىم ئاقتى قان،
جان بۇلبۇلى قىلدى فىغان، يائەللاھ دەپ يامۇستەفا.

ب

بادامى تەر، بادامى تەر ئەي چەشم مازاغىلبەسەر،
ئەي سەييىدى فەخرىلبەشەر، جاندىن بۇ ئۇممەت بىخەبەر،
كان ئىشقدىن تاپسام ئەسەر ئالدىمدا بار مەرگى سەفەر،
ياخشى بۇ قۇلدىن گاۋۇ خەر، كارىم زەرەر يول فۇرخەتەر،
قىلغىل مەدەد سىددىق ئۇمەر، ئۇسمان، ئەلى راهنەما.

ت

تارتىپ بۇ هىجراننى قۇلى، دەردى تۈگەنمەس بىر يولى،
جان بولسە گۈلشەن بۇلبۇلى، بولماس خەزان بۇلبۇل گۈلى،
مەجنۇن كېزىپ ئۇدىن ـ سولى، ئەۋۋارە هىجران مەقتۇلى،
ئۆلتۈرگەچ ئىشقى داغۇلى، ئەي ئىشق ـ ئاشىق دۇلدۇلى،
ئىشق ئەهلى سەردارى ئەلى، ۋەمدودنى يا ئال ئىبا.

س (ث)

سابىت قەدەم بولسە دەۋام، خاب ئىلە خور ئەيلەپ هەرام،
سېنى تاپاي دەپ سۇبهى ـ شام، سەئيى قىلىپ جەهد ئىزدىهام،

① ئاپتور بۇ شېئىرنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىدىن باشلاپ ئوتتۇزىنچى كۇپلېتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۇپلېتلارنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى هەرپىنى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى هەرپ تەرتىپى بويىچە يازغان.

www.uyghurkitap.com



ئىشـق ئەھلىگە بولسام غۇلام، ئىشق ئىچرە ئۆمر ئۆلسە تەمام،
بۇ قىسمى ئۆلمەك نېك نام، چەكمەي ئەدۇدىن ئىنتىقام،
دەردۇ ئەلەم ئابى تەئام، بولسە رەفىقەم بەلقىيا.

ج

جانىم فىدا ئەي گۇلئۇزار، دىدار كۆرگۈز ئاشكار،
قاچماق نېمە قىلماي قەرار، قىلدىڭ ئەجەب بىئىختىيار،
ئاشىق ساڭا بولدى نىسار، ئىشـق ئەھلىگە سەنسىز بەھار،
دەۋزەخ ئەمەسمۇ تەڭگىتار، مەئشۇق جەمالى بىرلە نار،
فىردەۋس گۇلىدىن ئېئتىبار، دىدارسىز ۋا ھەسرەتا.

ھ (ح)

ھالىم ئەجەب بولدى خەراب، باقساڭ ماڭا بىھەد سەۋاب،
ھەجرئىلەجان تارتار ئەزاب، ھىـجران ئەزابى بىھېساب،
ساقى ماڭا تۇتقىل شەراب، جان چىقغالى قىلدى شتاب،
جانغە ئەزابىدۇر نىقاب، جانان كۆرەردە جان ھېجاب،
مەھۋ ئولدى جان مىسلى ھېساب راھەت ماڭا باقساڭ قىيا.

خ

خالى ئەمەس دەردۇ فىراق، جان تارتادۇر دەرد ـ ئىشتىياق،
تەگرى ئۈچۈن ھالىمغە باق، ئەي ھۆسن ئارا يىگانە ـ تاق،
ئادەت ماڭا قان يىغلاماق، غەم تىغىدەك كەسمەس پىچاق،
پارە كۆڭۈل قالمادى ساق، تۇغراپ غەمىم تىغى ئۇشاق،
ئەي جان ئۈمىد ئىشكىنى قاق، بولما مەلۇم شامۇسەبا.

د

دامى ئۈمىد بىرلە كەمەند، تاشلاپ بۇ مەھزۇن بولدى بەند،
دام ئىچرە كىرگەيمۇ سەمەند، بىدىل قىلىپ ھىممەت بەلەند،
جۇز ئىشـق ھېچ بولماس فىسەند، ئاشىقغە قىلماس سۇدپەند،
زەھرى بەلا ئاشىقغە قەند، تەرياق مېھنەت نۇشخەند،
ئاشىق دەۋام مېھنەت كۇشەند، تەندىن بۇرۇن جان ئاشنا.

ز (ز)

زاكىر ھەزىن ئاشىق دەۋام تاشلاپ كەمەندى ئىشقى دام،
ئەۋۋارەلىغ دەشتىدە گام، چەكمەك ئاگا مەقسەد مەرام،
جاندىن كېچىپ مەقسۇدى جام جان بەرمەسە ئەي سۇفى خام،
ئىش پۇختە بولمايدۇر تەمام، دەپ كىم كەلام ئازىب تەمام،
تەرك ئىنتىقام تەركىلىئەنام بۇ تۆرتى ئىنسانغە شىفا.

ر

راھەت بۇ ئىشىق ئولماق نەسىب ئىشىق مەسىھ ھازىق تەبىب،
بىل گۇلغە ئاشىق ئەندەلىب، راھەت كۆرەر ئاشىق غەرىب،
غەمكىن كۆڭۈلنى گۇل ئاچىپ، ئاشىقغە نامەھرەم رەقىب،
كەتسە رەقىب شۇم غەم كېتىپ تائەت سۇكۇت، مەبرى - شەكىب،
ئاشىق دەۋام راھەت تاپىپ، غەم كەلسە دەيدۇر مەرھەبا.

ژ

زار ئولدى جان چەكتى فىغان، مەھزۇننى قىلدى ناتەۋان،
ئىشىق قىنى كەتتى قەيان، ئەنقاغە يوق جايى - مەكان،
مىھرى - ۋەفادىن يوق نىشان، ئەي بەيتىلئەھزانىم ئەمان،
دارىلئەمانىم ئىچرە جان، تاپتى ھەياتى جاۋىدان،
ئەي ئىشقى كەل فارسى زەبان، بىرلە دىسەم پارسى بىيا.

س

ساقى قەدەھ تۇت قوش - قوش، مەي بىرلە قىل مەھزۇننى خۇش،
مەي نۇش ئىتىپ ئەيلەي خۇرۇش، ئىشق ئاتەشى كۆپ قىلدى جۇش،
جانغە قىلىپ ھاتىف سۇرۇش، بىخۇد بولاي يۈزلەنمە ھۇش،
ئەي جان قۇلاقى تۇتمەگۇش، يارەب دەۋام سەن ئەيبى پۇش،
سەتتار دەپ بولدۇم خەمۇش، يادىڭ بىلە بولدۇم فەنا.

ش

شامۇ فىراق بولسە سەھەر، كۆڭلۈم كۆيۈپ خۇندۇر جىگەر،
ھىجران ئىزىپ جانغە زەھەر، يارەب ئەجەب ھالىم بەتەر،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەجنۇنغە تاقەت سەبر بەر، سابىر بەلاغە ياخشى ئەر،
ئەلھەمدۇلىللاھ شۈكرى دەر، كەلسە ئاڭا ھەر خەير - شەر،
مەجنۇنى ئاشىق كورۇكەر، راھەت ئاڭا مىھنەت جەفا.

س (ص)

ساف ئولسە سۇفى زىندەدىل، ئىشق ئىچرە زاكىر بولسە تىل،
ۋەجد ئەھلى بولسە نەچچە يىل، ھەربىر نەفەسدە نەچچە خىل،
بولسە ئانى سۇفى دېگىل، مۇرشىد مەردىنغە كەفىل،
ئەكسى ئىبسە زالۇ مەزىل، ئەي سۇفى يەخ زارۇ زەلىل،
ئەي ئەسكى خەخ خارۇ خىجىل، ئاشىققە بار جەزمى لىقا.

ز (ض)

زايىئ ئەمەس ئاشىق ئىشى، ئىشق ئىچرە كۆيمەك ۋەرزىشى،
سىرنى بىلمەس ھېچكىشى، ئىشق ئەھلى ئىبسە ئەركەك - تىشى،
ئىشق ئەھلى ساف بىل يوق غەشى بىغەش قىلۇر ئىشق خوشى،
غەم، دەرد، ئەلەمدۇر خاھىشى، بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆرتى، بەشى،
جەمئ ئولسە ئاڭا بىر مەھۋەشى ئاشىق ئەجايىب دىلرەبا.

ت (ط)

تاقەت قىلۇر ئاشىق ئەجەب ئىشق ئوتىغە يائەللاھ دەپ،
يارەب ماڭا قىلمە غەزەب، ھالىم بەسى بولدى سەئەب،
ئۆرتەندى بەندە رۆزى - شەب ئارزۇ بۇ مەيگە تەشنەلەب،
ئىشق ئوتى سالمىش جانغە تەب ھىجران ئوتى ئۆرتەر سەبەب،
رۇھى فىداكە ئۈممىي ئەب يارەببەنا فەغفىرلەنا.

ز (ظ)

زالىم بۇبەندە سىينەچاك، غەمناكى ئاسى دەردناك،
ئىسيان ئوتى قىلدى ھەلاك، قىل ئابى رەھمەت بىرلە پاك،
رەھمەت ماڭا قىلسەڭ نە باك، ئۈممىي ئەبى رۇھى فىداك،
مەنلى رەھم ئەمەن سەۋاك، جۇرم ئىلكىدە بولدۇم مەغاك،
ئەسل ئاب، ئاتەش، باد، خاك ئەۋلادى ئادەم فۇرگۇناھ.

## ئا (ع)

ئاشىق ئەزىز ىجۇرمى ساف، ئەھلى فىنانى قىل تەۋاف،
دايىم فەنا ئەھلى مىئاف نەفى ۋۇجۇد قىلماس خىلاف،
دەئۋاسى باتىل لاف گەزاف، بەش يۈز يىللىق كۆھى قاف،
مەھشەر كۈنى پۇشمان نىداف بولغىل فەنا ئەي شىئىر باف،
يارەب شەقى مەن لايۇخاف، زەيقىلۋەسىئ قەلب ئەئتەنا.

## غ

غافىل دېمە ئاشىق ئەزىز ئاشىق سەھەر خىز ئەشكرىز،
ئاشىققە ئاشىق سىز، بىركۈن فەزئى ئەكبەر رۇستەخىز،
بولغاندا ھەيران بولغۇمىز قىلغاي شەفائەت تىز-تىز،
قولداپ ئوغۇل بول خاھى قىز، كەلتۈرمەگىل شەك-شۇبھىسىز،
بۇ سۆزگە شەك كەلتۈرمەگىز شەك كىلتۈرۈر ھالى نەباھ.

## ف

فارىغى مەشغۇل ھەر نەفىس، مەشغۇلى فارىغ تەرك ھەۋەس،
قىل ماسەۋەللاھ تەرك بەس، ئەللاھ ماڭا فەريادرەس،
غافىلغە بىل ئالەم قەفەس، غەفلەت كۆڭۈلدە خار-خەس،
غەفلەت نىجاسەت بىل دەنىس، غەفلەت نىجاسەتدىن نەجەس،
ئاشىقغە بىل ئەقىل ئەسەس، ھەربۇلھەۋەس ئەھلى خەتا.

## ق

قاف تاغى يەڭلىغ دەرد-غەم، جان ئىشتىياق مىھنەت ئەلەم،
بولسە ھەمىشە دەم-بەدەم، ئاشىق دېمەس زۇلمى سىتەم،
كىبر ئەتمە كەم تۇت ئۆزنى خەم كىبرئەھلىگە كىبر سەنەم،
كىبرى ھەرام بىل ئۆزنى كىم، ۋەللاھ قىلاي يۈزمىڭ قەسەم،
مەزمۇم رىياسەت بۇھەشەم كىبر ئەھلى بىل رۇيى سىياھ.

## ك

كافىر بۇ نەفس ئىمىش زەلىل، دۇشمەن ماڭا شۇم نەفسى بىل،
ئىشنى بۇ نەفس زىندىدە قىل، بولغىل ھەمىشە زىندە دىل،

ئەللاھ دېگىل ئەللاھ ۋەكىل، ئىشق ئىچرە تامەھرەم بۇتىل،
ئىشق ئىچرە سىرنى ئاسراغىل، ئىشق ئوتىنى كۆرمە سەھل،
سىر فاش قىلمە بول بەخىل جان نەقدىنى قىلغىل سەخا.

## ل

لايىق دەۋام ئاشىقغە دەرد، چەكمەس ھەمىشە ئاھ سەرد،
غەمكىن سەرەشكى چېھرى زەرد، كەجرەۋ بۇ چەرخى لاجۇۋەرد،
ئەي ئاشىقى ئىشق ئىچرە فەرد، بول ئاھ چەكمەك بىرلە گەرد،
ئاھىم يەلى گەردۇن نەۋەرد، ئەي ئاھ سەرد ئەي ئاھ بەرد،
بول ئالىي ھىممەت شىرى مەرد، قىل سەبر كەلسە ھەربەلا.

## م

مايىل بەلاغە ھەرھەزىن ئاشىق سالۇرمۇ قاشى چىين،
كەلسە بەلا ئىشق ئەھلى كىن، تۇتماسغە تەھسىن ئافەرىن،
ئەي ھەجر ئاشىقغە قىيىن مەجنۇن چىكەر ئاھى ئۈنىن،
تەڭرىگە دوست ئەي مۇئمىنىن، ئاھ ئۈنىن بۇ ئۇجبىدىن،
بولمىش ھەرام نەۋمىد ئېمىن قىلمە ھەرام ئۇجبى، رىيا.

## ن

نازۇك كۆڭۈل زەيقىل ۋەسىئ ئەرھىمەتى تۇرفە رەفىئ،
تەبئى خەسىس فېئلى شەنىئ ئاشىق كۆڭۈل فەسلى رەبىئ،
شۇم نەفىسگە بولدۇم مۇتىئ رەھىم ئەيلە يارەب ياسەمىئ،
ئۇمر ئۆتتى غەفلەتدە سەرىئ، يوق ئىشق بىزدە يابەدىئ،
ئىسمىڭ بەدىئ نەفسىم رەزىئ بوادۇم بەلاغە مۇبتەلا.

## ۋ

ۋاجىب ئۇلۇغلار سۇھبەتى جانغە تەبەررۇك خىزمەتى،
ئاشىقغە راھەت مېھنەتى ئىشق ئىچرە بىھەد راھەتى،
ئاشىق رەۋا ھەر ھاجەتى بەخت سەئادەت دەۋلەتى،
ئاشىقغە ئاشىق تائەتى، ئىشقىغە قىلسە تاقەتى،
ئىنسانغە شۆھرەت ئافەتى مۇرغى ھۇلۇڤ ئەژدەر يۇھا.

ھ

ھادى دەۋام ئىشقى قەدىم، جانغە مەسىھ ئىشق نەسىيم،
ئاشىق قەدىم جانۇ تەنىم ئاشىق كۆڭۈل تەبئى سەلىيم،
تاپتى سىراتى مۇستەقىم، ئاشىقغە ئىشق ئۇممەدى بىيم،
بەس ئىسمى رەھمانىررەھىم، يائەللاھ ئىسم ئەئزەم ئەزىم،
يۇھيىلئىزام ھەيىي رەھىم، ئاپەت ساڭا ھەمدۇ سەنا.

لا

لا، لام ئەلىف يەڭلىغ بەدەن جانۇ كۆڭۈل بۇئەسكى تەن،
جانغە نەسىھەت بۇ سۆخەن لانەفى لا بول دىمە مەن،
بىبەھرى بۇ دەھر كۇھەن، دۇشمەن ساڭا فەرزەند-زەن،
فانى بول ئەي زاغۇ-زەغەن، غەم نان، گور، ئۆي، تون-كىفەن،
ئەكس ئۇلسە ئىش ندەس ئەي ھەزەن چارە ساڭا خەۋفۇ-رىجا.

ي

يائەييۇھەنناس ئەتتەقۇ فى سۇرەتىلھەج ئەسمەئۇ،
ئاسى غەردبۇن ئەرھەمۇ فىل خەيرەن ئىللافىسكەتۇ،
ئەن زىكر جەننەت فەغسىلۇ ئەن زىكر دۇنيا قالۇرۇ،
مەئناڭ ئەي فەتتەھەرۇ ئەي ئەزكۇرۇللاھ زىكرەھۇ،
ھەجرەننەبىيۇل ھاسىبۇ تەئرىخ غەشەنز ① ئەزجىيا②.

مەقسەدكى توختى پۇرھەزىن قىلدى شۇرۇئ غەمكىن ھەزىن،
ئەھۋال بەيان قىلدى كىيىن، باشىغە ھەرنە كەلگەنىن،
ئايەت يۇھىببۇسسابىرىن، كۆرگەچ يۇھىببۇلمۇھسىنىن،
بىلگەچ رىيازۇنناسىھىن، ئاڭلاپ بۇ نۇسخە سۆزلەرىن،
تەنبىھ ئالىپ بۇ نۇسخىدىن قىلدى بۇ نەزمى بىبەھا.

① غەشەنز — ئەسلى يېزىقى «غشنز»، بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى ۋەكىللىك قىلىدىغان سانىنى چىقارساق 1357 دېگەن سان چىقىدۇ. بۇ ھىجرىيە 1357-يىلى (مىلادىيىنىڭ 1937 — 1938-يىللارغا توغرا كېلىدۇ) نى كۆرسىتىدۇ.

② جىيا — ئورۇن ئىسمى. ھازىرقى لوپ ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزا.

www.uyghurkitap.com

ئايەت، ھەدىس مەزمۇنى بۇ، ئەلبەتتە نەزمىمنى ئوقۇ،
بۇ شېئىر مۇھەممەل بولسىمۇ، زاتىم مىنىڭ بىرقەترە سۇ،
قىلىسام ھەمىشە زىكىر ھۇ، مەي بىرلە غۇسل قىل ۋۇزۇ،
ئايەت دەلىل ئەمرى، كۇلۇ، بار ۋەشرەبۇ لاتۇسرىفۇ،
ئىپسانغە ئەمر ئەيسەنۇ بار ئەمرىدۇر قىلماق سەخا.

ئەي فىرى مۇرشىد ئاڭلاغىل، ئايەت، ھەدىس مەزمۇنى بىل،
بۇ شېئىرگە تەسدىقى قىل، ئەي فىرى مۇرشىد زىندە دىل،
شېئىرگە شائىر ئاچتى تىل، بولدى ماڭا بىرنەچچە يىل،
ئادەمنى كۆردۈم نەچچە خىل خارۇ ئەزىز، زارۇ زەلىل،
ئاقۇ قارا، كۇتاھ تەۋىل بەندە فەقىر بار ئەغنىيا.

يارەب بىھەققى ئەرەفات، پىرىمغە بەرگىل بەرەكات،
دەۋزەخ ئوتىدىن قىل نىجات، دەۋلەت بىلەن بەرگىل قەنات،
ئەي خاجە سەييىد پاك زات، سەييىد ئەمەسمۇ ياخشى ئات،
ھاجەت ئەمەس مۇندە سىفات، تۇتماق قەلەم، قەغەز، دوۋات،
تەڭرى بىرۇر كۆپ ھەسەنات، قىلدىڭ تەۋاف مەرۋە سەفا.

يارەب بۇ ئىشان ھاجىنى، باشىغە بەرگىل تاجىنى،
بەرگىل تەۋاف مىئراجىنى، توق قىلدى بۇ ھەرئاچنى،
رەد قىل بەلالەر كاجىنى، كۆرگەچ ھەرەم ھۇججاجىنى،
ئىھرامدە ئاسراپ ساچنى، خوب قىل مېنى مۇھتاجىنى.
قىلغىل مەئاف ھەر ھاجىنى، ھاجى ئەمەسمۇ پادىشاھ.

ھاجىم پىرىمغە ئەرزى داد، قىلسام قىلۇر كۆڭلۈمنى شاد،
قىلغاچ ئىشەنجى ئىئتىماد، پىرىمغە بەر كۆپ ئىئتىقاد،
ھاجىم پىرىم ئەھلى سەۋاد، ئەرز ئېيتقۇچى ئىستەر مۇراد،
قىلغاي بۇ ئەرزىم بىرلە ياد، بۇ پىر شاھىكەيقۇ باد،
سالساڭ نەزەردىن ئىش فەساد، بۇ ئىلتىماس - بۇ ئىلتىجا.

غەمدىن ئەمان داخىل ھەرەم، ھاجىغە يوق دەردۇ ئەلەم،
كەئبە ئىچرە يوق بىر زەررە غەم، كەئبە ئىچرە يوق زۇلمى سىتەم،
دۇنيا غەمى سۇرەت سەنەم، كەئبە سىفاتىنى رەقەم،
چەكمەكدە ئاجىزدۇر قەلەم بىلمەك ھەرەمنى مۇھتەرەم،
ھەركىم ئىبسە داخىل ھەرەم بار ۋەئدە «كانە ئامىنا».

مەككە، مەدىنە ئىككى باغ، جان كۆڭلۈم ئىچرە سالدى داغ،
جان جىسىم تىترەر لاغ-لاغ، باراي دىسەم قايدە ياراغ،
بىھەد گۇناھىم تاغ-تاغ، مەركىب يەغىردۇر لەڭ ئاياغ،
ھەجگە بارالماسمىز بۇ چاغ، دائىم ئىشىم قان يىغلاماغ،
جان جىسمىغە ئىشقىم يەساغ، كۆڭلۈم بۇزۇق ئىشقىم يەسا.

خوتەنگە كەلگەچ شاھ جەھان، بولدۇم بەغايەت شادىمان،
بولدى مۇرادىمغە جەھان ئەدل ئىچرە ئول نۇشرىۋان،
ھەر ھۆكمى قىماسە ھۆكمىران، ئەرزىم بۇ ئەي قۇتبى زەمان،
ئىمان تىلەرمەن ھەم ئەمان قىلغاي دۇئا دەپ شادىمان،
ئەرزىم تەمام بولدى بەيان شائىر بولۇپ خەستە گەدا.

**مۇناجات**

**(مۇستەھزاد مۇرەببەئ)**

يارەب تەلەبىم سەندىن ئۈشۈل-دۇركى دەما-دەم،
جۆرەم تولالىقىدىن بۇ دىلىمدە تولادۇر غەم،
قورقۇنجىدە يىغلاپ كى تىلەپ ئەفۋىنى ھەردەم،
فەزلىڭ بىلە ئەفۋ ئەيلە گۇناھىمنى ئىلاھىم،
بىچارەئى يەكتا.

ئۇقبالارىدىن كۆڭلۈم ئارا زەررەچە غەم يوق،
تاشدەك بۇ دىلىم قاتتى كۆزۈم ئۆزرەدە نەم يوق،
مەندەك بۇ جەھان ئىچرە گۇناھكار يەنى ھەم يوق،
بۇ قىسىم گۇناھ بىرلە خۇداغا ئۆزرەم يوق،
دىلسەختى غەرىبا.

ھىچ بەندەدە يوق مەندەكى بۇ جۇملە گۇندەھلەر،
كۆڭلۈمدەكى بۇگىنە-ھەسەد، ھىرس شىرەھلەر،
كەتكەيمۇ دىلىمدىن ھەمە زەڭگارە گىردەھلەر،
تەۋبەمنى قەبۇل ئەيلەگىل ئەفۋ ئەيلە گۇندەھلەر،
پەزل ئەيلە كەرىما.

مەن بەندەگە ئارىز بولۇبان نەچچە كىسەللەر،
سالدىكى جىدانى بۇ كىسەل نەچچە مەھەللەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاجىز بولۇبان بىھۇدە ئۇمر ئۆتتى يارانلەر،
ئاجىزلىق ئىلەھەقغە سىغىندىم بۇ زەمانلەر،
رەھىم ئەيلە رەھىما.

يارەبىم ئۆزۈك ئالددە شەرمەندە قۇلۇڭمەن،
دەردىمگە دەۋا يوق تولا دەرماندە قۇلۇڭمەن،
سەھت ئولماق ئۆچۈن تولا ئەيرماندە قۇلۇڭمەن،
تەقدىر شۇبۇدۇر، قالغۇچى ھەيراندە قۇلۇڭمەن،
بىچارە يىتىما.
ئاجىز ھەمدئى بەندەگە رەھم ئەيلەگۈچىسەن،
بەندەگگە كىسەل كەلسە ئۆزۈك دەفئ ئەيلەگۈچىسەن،
دەردىگە دەۋالارنى بىرىپ سەھت ئەيلەگۈچىسەن،
فەزلىڭ بىلە ھەرجۈرمنى ئەفۇ ئەيلەگۈچىسەن،
شەرمەندەئى يەكتا.

بۇ خەستە غەرىبغە رەھم ئەتكۈچى يەككە خۇدادۇر،
يارەبكى يولۇڭدا يۈزمىڭ جان بولسە فىدادۇر،
بۇ قۇلنىڭ ھەممىشە تارتغانى جەبىر - جەفادۇر،
شولدۇركى ئۇمىد تەكرىم ئۆزى مىھر - ۋەفادۇر،
بۇ خەستەغە جانا.

ئەي توختى غەرىب تەۋبە قىلۇرغە گاچىدۇرسەن،
ھەق ئەمرىگە سۇستلۇق قىلىپ ئاندىن قاچىدۇرسەن،
مەھشەردە نىچۈك قۇل دىگەلى لەب ئاچىدۇرسەن،
ھەق ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ ياش ساچىدۇرسەن،
قىل تەۋبە نەسۇھا.

**مۇناجات**

غەرىب مەن بىنەۋامەن غەم دىلىمدىن كەتمەدى يارەب،
سەھەردە نالە قىلسام دەرگەھىڭغە يەتمەدى يارەب.
غەرىبلىق كۈچەسىدە نالە قىلدىم بىسەرو سامان،
غەرىبىنىڭ ھالىنى سەندىن بۆلەكلەر سورمادى يارەب.
غەرىبلىق دەشتىدە بىچارەلىكدە ئۇمىر ئۆتكەردىم،
نە ئەيلەي، نە قىلاي بىردەم كىچە تاڭ ئاتمادى يارەب.

يېتىملىكنىڭ ئوتى بىچارە كۆڭلۈمنى خەراب ئەتتى،
دەۋام-يىغلاب غەرىب دىل زەررەچە ئاچىلمادى يارەب.
جەمئى ئالەمدەكى ھەممە يېتىملەرنىڭ يېتىمى مەن،
كى سەندىن ئۆزگە ھېچكىم بۇ يېتىمنى سورىمادى يارەب.
دىلىمنى ئۆرتەدى بۇ ئىشق داغى دايىما شەب-رۇز،
زەمىنۇ ئاسمان نالىمغە تاقەت قىلمادى يارەب.
بەھار ۋەقتى بولۇپ ھەممە گىياھلار ياشارىپ چىقتى،
ئاچىلدى گۇللارى، كۆڭلۈم پەقەت ئاچىلمادى يارەب.
كېلىپ بۇلبۇل تەرەفلەردىن قوناپ گۇل شاخىدا سايراب،
ئاچىلدى كۆڭلى، بىزنىڭ كۆڭلۈمىز ئاچىلمادى يارەب.
قىزىل گۇل ئاچىلىپ ساچىلدى بەرگىدىن تەرەفاەرگە،
خەزان بولدى بۇ كۆڭلۈم غۇنچەسى ئاچىلمادى يارەب.
ھەممە ئاجىز قۇلۇڭنىڭ ئاجىزىمەن خاكى بىقۇۋۋەت،
كى سەندىن ئۆزگەسى ئاجىزغە ھېچ رەھىم ئەتمەدى يارەب.
دىلىم سادىق، ئەمەسدۇر غۇلۇ غەشدىن خالى ئېرمەسمەن،
ئەجەب زەڭگەر باسىب غەفلەتدە دىل ئاچىلمادى يارەب.
دىلىمنى غۇلۇ غەشدىن پاك قىلغىل ئەي خۇداۋەندا،
ساڭا قۇللۇق قىلۇرغە ھېچ لايىق بولمادى يارەب.
بۇ ئاسىينىڭ گۇناھىنى خۇدايا مەغفىرەت ئەيلە،
قىيامەت كۈن نېچۈك بۇلغۇم دەبان دىل تىنمادى يارەب.
بولۇپمەن تالىبى دىدار ئۈمىدىم قىلماغىل زايىئ،
لىقا ئەللاھ نەسىب بولسە دەبان دىل تىنمادى يارەب.
ئۆزۈڭ لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتەللاھ ۋەئدە ئەيلەبسەن،
بۇ ئاجىز دەرگەھىڭدىن ھېچ ئۈمىدىن ئۈزمەدى يارەب.

## نەدامەت ئۆمر مازى

نەيلەيىن خۇشھال كۆڭلۈم بولدى گىريان ئاقىبەت،
سىندى شاخۇ گۇللارىم ئىچىمدە ئەرمان ئاقىبەت،
دۇنيادا يوقتۇر بۇ دەردگە ھېچ دەرمان ئاقىبەت،
دۇنياغا كەلگەنلەرىم بولدى پۇشەيمان ئاقىبەت.

ئايرىلىپ جانۇ جىگەر فەرزەندلەرىمدىن نەيلەيىن،
داغى فەرزەند ياشى ئاقتى كۆزلەرىمدىن نەيلەيىن،
بۇ يېتىملىك ئوتلارى ئۆتتى باشىمدىن نەيلەيىن،

www.uyghurkitap.com

بۇ غەرىبلىق دەردىدە مەن زار ھەيران ئاقىبەت.

سۆزلەسەم دەردىم تۈگەنمەيدۇر ئەجەب بەختىم قارا،
نەچچە قات دەرد ئىچرە قالدىم بۇ يۈرەك ـ باغرىم يارا،
دەرد بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈپ ھەيران بولۇپ ئالەم ئارا،
ئىككى ئالەمنىڭ غەمىدە تىترەدى جان ئاقىبەت.

رەنجىنى كۆپ تارتىبان بۇ جىسمى ئاجىز بىمەجال،
تىل ئاغىز ھەم پايلىدۇ بولدى بۇ زىرەك ئەقل لال،
ھەم غەرىبلىق ھەم يېتىملىك قىلدى قىسمەت لايەزال،
يۈز تۈمەن ھەسرەت بىلە كەتكۈم يۈرەك قان ئاقىبەت.

ئاخىرەت ئەندىشەسىدىن بۇ بۆرەك ـ باغرىم كەباب،
تاڭلا مەھشەر كۈنلەرى مەن ئاسىغە قىلسە ئەزاب،
مەن نېچۈك تاقەت قىلاي ئوتدا كۆيۈپ ھالىم خەراب،
غەم بىلەن يىغلاپ ئاخىر ئاقغاي ياشىم قان ئاقىبەت.

مەئسىيەتكە بۇلغانىپمەن ئىچ ـ تاشىم بولدى ئالا،
ئىلىم تەھسىل قىلغالى تۇرسام بۇ ھەم قالدى چالا،
ھەقىغە سېغىنىپ مەئسىيەتكە تەۋبە قىلسام دائىما،
تاڭلا مەھشەر ئەسقاتۇر تەۋبە قۇشدىيمان ئاقىبەت.

ھەم فەقىرلىقنى خۇدا قىسمەت قىلىپدۇر نەيلەيىن،
كىم قەنائەت ئەيلەسە رەھمەت قىلىپدۇر نەيلەيىن،
سەبرۇ تاقەت قىلماسە لەئنەت قىلىپدۇر نەيلەيىن،
مەن غەرىبنى نەفسى بەد قىلدىكى ھەيران ئاقىبەت.

پۇللۇغ ئادەملەر بۇ كۈندە خەلق ئىچرە ئادەمى،
پۇلسىز ئادەمنى كۆرۈك كۈندە مۇسىبەت ماتەمى،
پۇلسىز ئادەم پۇللۇغ ئادەمگە بولۇپدۇر خادەمى،
كىم خۇشامەت ئەيلەسە كەتكەي بىئىمان ئاقىبەت.

پۇللۇغ ئادەم پۇلسىز ئادەملەرنى خادەم ئەيلەسە،
«مەن ئۇلۇغ باي» دەپ ئاڭا ئۆزىنى زالىم ئەيلەسە،
مەن يوغان دەپ كىبرىنى ئۆزىگە لازىم ئەيلەسە،
تاڭلا بولغايلار رەفىق مەلئۇن شەيتان ئاقىبەت.

فۇلسىز ئادەدگە خۇدا سەبرى جەمىل قىلغاي ئەتا،
كىم قەنائەت قىلسە باي شۇل، يوق بۇ سۆزدە ھىچ خەتا،
قىسمەتىگە رازى بولغان كۆرگۈسى جەزم ئىقا،
دۇنيادىن يىغلاپ ئۆتەر مەھشەردە خەندان ئاقىبەت.

كىمكى ھەقدىن قورقۇبان شاھۇ سەھەر زار ئەيلەسە،
ئەرىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۆزىنى كۆپ خار ئەيلەسە،
ماسەۋەللاھ تەرك ئېتىپ جاندىل بىلە ئەللاھ دېسە،
جەننەت ئىچرە ھەق بېرۇر تەختى سۇلەيمان ئاقىبەت.

كىمكى ھەقنىڭ ئەمرىنى تەرك ئەيلەبان بولسە ھۇرۇن،
كىبر، نەخۋەت ئەيلەسە مەھشەر كۇنى بولغاي زەبۇن،
ھەسرەتۇ ئەرمان بىلە يىغلاپ بولۇرلەر قەددى نۇن،
نەچچەمىڭ تۇرلۇك ئەزاب مەھشەردە چەندان ئاقىبەت.

ئەي غەرىب دۇنيادە ھەرگىز ئەيش-راھەت ئىزلەمە،
خەلق ئارا مىسكىن بولۇپ ئۆزۈڭگە دەۋلەت كۆزلەمە،
ئاخىرەتنى فىكر قىل بىھۇدە سۆزنى سۆزلەمە،
يادى ھەقدىن غافىل ئولماي ئاندە بەر جان ئاقىبەت.

**سەرگۇزەشت**

سەرگۇزەشتىمنى بەيان ئەيلەي سوئالىم سەن ئىشىت،
دىلبەرىم ھالىم سوراپ بۇ ئاھۇزارىم سەن ئىشىت،
ئەۋۋەل ئاخىر ئېيتايىن بۇ دەردۇ ھالىم سەن ئىشىت،
بۇ غەرىبغە رەھم ئېتىپ نالە فىغانىم سەن ئىشىت.

ئەۋۋەلى ياشلىق چاغىمدا ئىلىم تەھسىل ئەيلەدىم،
فىر ئۇستازىمغە ھەم خىزمەتنى ھاسىل ئەيلەدىم،
ئەھل مەئنى تەرجىمەگە ئۆزىنى ۋاسىل ئەيلەدىم،
خىزمەت ئەيلەپ تەربىيەت تاپقان بۇ ھالىم سەن ئىشىت.

كۆپ زەمان دىققەت قىلىپ دىلنى ئۇرۇتكەن ۋەقتىدە،
ھەر ئىبارەتنى ئوقۇپ مەئنىنى ئېيتقان ۋەقتىدە،
ئالتە-يەدىش تالىبغە تەرجىمە ئۆرگەتكەن ۋەقتىدە،
پەدەرىم بولدى قەزا بەختى سىياھىم سەن ئىشىت.

تەھسىلىنى توختاتىپ مەن نىك-بەدنى بىلمەدىم،
ياخشى ئىشغە تاشلاماق دېگەن ئەھەدنى بىلمەدىم،
تابىئى شەيتان بولۇپ مەن فېئلى بەدنى بىلمەدىم،
دۇررى گەۋھەرنى يۇتۇرۇپ تاپىدغانىم سەن ئىشىت.

مادەرىم سۆزى بىلەن قىلدىم ھۇنەرنى ئىختىيار،
بەقەسسەم شابى توقۇپ خوب ئۇستە بولدۇم بافكار،
ئىككى-ئۈچ يىل ئۆتمەدىكىم ئەلگە بولدۇم قەرزدار،
نەچچە يىل تەڭلىكنى كۆپ تارتغان جەفايىم سەن ئىشىت.

نەچچە يىل تارتىپ جەفانى ئۇمرۇم ئۆتتى مىسلى يەل،
بەئزى غەم يەپ بەئزى ئويناپ ئىلمىم ئۆزرە يوق ئەمەل،
كېچە-كۈندۈز قىلغان ئىشلار ھەممىسىدۇر بەدفىئەل،
دائىما تەركى سەلات بولغان گۇناھىم سەن ئىشىت.

ئۆي تۇتۇپ خاتۇن ئالىپ قىلدىم تىجارەت نەچچە يىل،
كۆپ قىزىق كەسىب ئەبلەبان قىلدىم ھۇنەرنى نەچچە خىل،
تۆرت بالام بولغاندا دۇشمەنلىك بولۇپ چىقتىم سەبىل،
بۇ غەرىبلىق يولىدا تارتغان جەفايىم سەن ئىشىت.

ئايرىلىپ بىر يىلدا كەلدىم ئۆز يۇرتۇمنىڭ ئۈستىگە،
نەخ كېلىپمەن ئول مەھەل ئاغرىغ-سىلاغنىڭ ئۈستىگە،
ئىككى ئاي ئۆتمەي تۇرۇپ تەگدى كېسەل مەن خەستەگە،
ياكى ئۆلمەي-ياتىرىلمەي يىغلاغانىم سەن ئىشىت.

ھەم ۋەبا-تائۇن بىلە فالەچ كېسەل ئارىز بولۇپ،
ياخشى ئىشدىن خارىج ئولدۇم كۆپ زەمان ئاجىز بولۇپ،
قول ئاياغىم زەئىفدىن ياتتىم قوپالماي تەلمۈرۈپ،
پاي لەك ھەم تىلكى لال ئېيتغان زەبانىم سەن ئىشىت.

ھەق ماڭا بەرگەن كېسەلنى ھېچ كىشىگە بەرمەگەي،
ئەي خۇدايا بۇ كېسەلنى ھېچ بەندەڭ كۆرمەگەي،
ئاھ ئۇرۇپ مەندەك غەرىبلىق كۆچەسىدا قالماغاي،

تىنچلىق ھەقدىن تىلەپ قىلغان دۇئايىم سەن ئىشىت.

رەنجى كۆرگەن كۈنلەرىم ھېسابى سى سال بولدىلەر،
ھەممە ئىشدا ئۇشبۇ ئاجىزلىق ماڭا قىلدى زەرەر،
ياخشى ئىشلەردىن تەخارىج بولدۇم ئاڭلاڭ ياخشىلەر،
ھەسرەتۇ ئەرمان بىلە كەتكەي بۇ جانىم سەن ئىشىت.

ئالتە فەرزەندىم ئۆلۈپ كەتتى يانىمدىن نەيلەيمەن،
بۇ جۇدالىق دەردلەرى ئۆتتى جانىمدىن نەيلەيمەن،
داغ فەرزەند ياشى ئاقتى كۆزلەرىمدىن نەيلەيمەن،
نالە فەرياد ھەددىن ئاشتى نەۋھە زارىم سەن ئىشىت.

دەردى كەتمەس تا بۇدەم ئاتمىش بەش ئۇلدىلەر ياشىم،
ئاق ساقال بولدۇم قېرىپ سارغاردى تۆشتىلەر تىشىم،
تا بۇدەمگە خالى بولماي كۆزدىن ئاقتىلەر ياشىم،
دەرد ئىچىمگە پاتماغاندىن يىغلاغانىم سەن ئىشىت.

دەرد ئىچىمگە پاتمادى گوشتلارىمنى تىشلەسەم،
مەن بۇ دۇنيانىڭ ئىشىغە ئەمدى قاندىم تاشلەسەم،
ئۆمرۈم ئاخىر بولدى ئەمدى ئاخىرەتكە ئىشلەسەم،
تىرەلىپ غەم جايىغە كەتتى ئاياغىم سەن ئىشىت.

ئەي خۇدايا، بۇ غەرىبنىڭ ھالىغە رەھم ئەيلەگىل،
پاك ئىشقىڭدىن سالىپ بۇ جىسمىنى زەخمە ئەيلەگىل،
پاك ئىشقىڭنىڭ ئوتىدا كۆيدۈرۈپ مەھۋ ئەيلەگىل،
دەپ خۇداغە نالە قىلغان ئاھى زارىم سەن ئىشىت.

**نەسىھەت**

ئەيتماغىل سىرىڭنى سەن ھەركىمگە سىرداش ئۆزگەدۇر،
دەردى يوق بىدەردلەرە مۇڭ ئېيتما مۇڭداش ئۆزگەدۇر،
دەردى يوقلار ئۇچراسە ھەرگىز ئاڭا بولما رەفىق،
يۈرمەگىل ناجىنس بىلەكىم يولدا يولداش ئۆزگەدۇر.
قولداماڭ ھەرقايداغ ئادەمنى قاياشىڭ بولماسە،
ئاغىر باش ياستۇقغە يەتكەندە قەرىنداش ئۆزگەدۇر.

بارچە يىغلار ئاھ دەپ دەردلىك كىشلەر بەلگۈلۈك،
دىل كۆيۈپ كۆزدىن تۆكۈلگەن دەردلىك ياش ئۆزگەدۇر.
گەرچە ئەئىدادىن ئەلەم يەتكەچ دىلىڭ ناشادئىرسە،
رەھم ئىيتىپ باشىڭ سىلارغە دىن قەرىنداش ئۆزگەدۇر.
گەر ساڭا يەتسە مۇسىبەت كىم ساڭا رەھم ئەيلەگەي،
خۇش دىل ئولغايلار ئەدۇ دىل غەم قەرىنداش ئۆزگەدۇر.
كۆردۇم ئالەم خەلقلەرىنى بىرەھىم ئىنسافى يوق،
رەھم شەفقەتلىك دىلى ئىنسافلى يولداش ئۆزگەدۇر.
ئىستەسەڭ يارى ۋەفادارنى خۇدادىن ئۆزگەدىن،
دىل شىكەستە رەھم ـ شەفقەتلىك قەرىنداش ئۆزگەدۇر.
تائەبەد ئەي دىل خۇدادىن ئۆزگەدىن تۇتما ئۇمىد،
ئۆزگەلەردىن هاسىل ئولماسلار ئۇمىد داش ئۆزگەدۇر.
ئەي غەرىبا تۇتماغايسەن بىۋەفانى يار دەپ،
ئىككى ئالەم بىۋەفا يارى ۋەفاداش ئـۆزگەدۇر.

## ئىشق مەجاز

نەچچە دانالارنى نادان ئەيلەدى ئىشقــى مەجاز،
يارنى كۇيىدە سەرسان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.
هەر كىشى مەجنۇن بولۇپ لەيلىنى گەر قىلسە تەلەب،
مەسكەنى دەشتى بەيابان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.
تىشە ئۇردى كۇهكەن شىرىننى هەجرىدە مۇدام،
ۋەئدەئى ۋەسلىدە بىجان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز،
زاهىرى غۇربەت كەشىدە ئولدى زۇهرا كۇيىدە،
يارى رۇخساردىن قىزىل قان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.
شەيخ سەنئاندەك ۋەلىنى بويىنىگە زۇننار ئاسىپ،
هۇكمى تەرسا بارچە خۇبان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.
يۇسۇفىم دەپ يىغلاتىپ يەئقۇبنى قىرىق يىلغىچە،
مەنزىلىنى بەيتۇلئەهزان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.
هاسىل ئەتمەسدىن زىلەيخا مەتلۇبىن جانانىدىن،
ئاخىرى زىندانى بۇهتان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.
ئەي، غەرىبي مەۋلەۋى جاەى بىلەن هەمدەمنى كۆر،
ئول هەمىن مىرزانى تۇغيان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.

## مۇخەممەس

بول ئۆتەر دۇنياغە ئەي دىل باغ بوستان ئەرزىمەس،
مالى دۇنياغە كۆڭۈلنى بەرمە چەندان ئەرزىمەس،
نەفس، شەھۋەت، كىبرۇ نىخۋەت فېئلى شەيتان ئەرزىمەس،
بىۋەفا دۇنيا ئېرۇركىم كاھىشى جان ئەرزىمەس،
ئاخىرەت فىكرىنى قىل تاڭلا فۇشەيمان ئەرزىمەس.

يادى ھەقدىن بۇلمە غافىل ئەي دىلا شامۇ سەبا،
مۇلكى ئەشياغە بىنا قىلماق بەسى كانى خەتا،
ئادەم ئوغلىغە ئېرۇر ئۇشبۇ جەھان ئىبرەت نەما،
ھەركىشى دۇنياغە كەلدى ئاخىرى بولدى فەنا،
شەربەتى جامى ئەجەلگە شادى خەندان ئەرزىمەس.

شاھ بولساڭ ئالەم ئىززەتىدە چۇن تاپساڭ قەرار،
يەتتە ئىقلىم تەختى فەرمانىڭدە بولسە ئىنتىزار،
ئىلمى ئوقۇپ ئەللامەدەك ئالەمدە ئالساڭ ئېئتىبار،
بىرلىك يەتكەچ تەنىڭدىن كەتسە قۇۋۋەت ھەم مەدار،
ئەيلەسەڭ يۈزمىڭ نەدامەت ئاھ - ئەفغان ئەرزىمەس.

خاب غەفلەت بىرلە ئۆتتى ئۇمرۇڭ ئەي دىل ماھۇ سال،
قىلمادىڭ سىدقىڭ بىلە تائەت يولىغە ئىنتىقال،
ئايۇ كۈندىن ئىبرەت ئال قىلسە تولۇن تاپغاي زەۋال،
دەست خالى بىرلە بارساڭ تاڭلە نەزدى زۇلجەلال،
«تۇھپە كەلتۈردۈڭمۇ؟» دەپ سورغاندا ئەرمان ئەرزىمەس.

ئەي غەرىب يادى خۇدانى قويماغىل شامۇ سەبا.
ئىلمىڭا مەغرۇر ئولۇبان قىلمە تائەتكە بەنا،
جۇملەئى ئىسلام ئېلىدىن ھەق ئۆزى بولسۇن رىزا،
مەن غەرىبنى دىمىسە بەندەم ئەگەر يەۋمىلجەزا،
دەرگەھىدە تائەتۇ خەيرات ئېھسان ئەرزىمەس.

## نەسىھەت

بەندە بولساڭ ئەي كىشى ئەغياردىن قىل ئېھتىيات،
ھەقنىڭ ئەردىن تۇتماغان بەدكاردىن قىل ئېھتىيات.

www.uyghurkitap.com

ھەركىشىنىڭ دىلىدا بولسە زەررەچە كىبرۇ ئىناد،
بولمە ھەمسۇھبەت ئاڭا كىبرۇ رىيادىن ئېھتىيات.

ھېرىس دۇنيالىق قىلىپ ئۇشرە ـ زەكاتىنى بەرمەسە،
بارماغىل ئول جاي ئارا شەكلىك غىزادىن ئېھتىيات.
ھەركىشى بولسە رىياخور سەن ئانى بىلسەڭ ئەگەر،
ئاندا بارساڭ تەكرىم ئۆتمەس ئول گۇناھدىن ئېھتىيات.
ھەركىشى ئالىم بولۇر ئىلمىغە چۇن قىلماس ئەمەل،
ئالىمى فاجىر ئېرۇر بىلگەن گۇناھدىن ئېھتىيات.

دىلىدا يوق بۇيى خۇدا كەشفى كەراماتى ھەزار،
باقماغىل ئول يۈزىگە سۈرەت نەمادىن ئېھتىيات.

ئەغنىيا ئادەمنى كۆردۇم ھېرسى كۆپدۇر كۆپ بېخىل،
سەن ئاڭا قىلمە تەۋازۇ دىن كېتەردىن ئېھتىيات.

ھەركىشى بولسە فەقىر ھەق يەرگە نىگە قانماسە،
رەھم شەفقەت قىلماغىل، ئانداغ گەدادىن ئېھتىيات.

ھاجىلارنىڭ بەئزەسى فىسقۇ كەسافەت ئەيلەدى،
ھەججەنى خار ئەيلەگەن مەردۇد خۇدادىن ئېھتىيات.
ھەركىشى تەركى سەلات بولسە خۇداغە دوست ئەمەس،
ھەق رەسۇل بىزاردۇر ئول باغى خۇدادىن ئېھتىيات.

بەئزەنىڭ فەئلى ھەرام خور بولسە ھەقدىن قورقماسە،
ئاخىرەتدە جايى دەۋزەخدۇر لەزادىن ئېھتىيات.
ھەم ئامانەتگە خىيانەت ۋەئدە يالغان بولسەڭىز،
يالغان ئېيتقان چوڭ مۇنافىق ئول گۇناھدىن ئېھتىيات.

بەئزى ئالىملارنى كۆرگىل بىر ئەمەل تۇتسە ئەگەر،
ئەژدەھا، مارۇ چىدياندۇر ئول يۇھادىن ئېھتىيات.

بەڭ، تەماكۇ، ناس، ئويۇن، كۈلكىنى خۇب كۆرسە ئەگەر،
بولغۇسى مىڭ ـ مىڭ ئەزابدە ئول گۇناھدىن ئېھتىيات.
بەئزىلەر مەن سۇفى دەپ باتىن ھەرام خوردۇر ئانىڭ،
زاھىرى خوبدۇر دۇرۇغ، سۇفى نەمادىن ئېھتىيات.
خالىسەن لىللاھ ئەمەل قىلماي كىشىگە بىلدۇرۇر،
ئانداغ ئامىل دىن يىراق بولغىل رىيادىن ئېھتىيات.

ھەق شۇناس ئادەمنى تاپساڭ خاكى پايىن سۈرمە قىل،
ئەي غەرىب ئول جۇملەئى كىبرۇ رىيادىن ئېھتىيات.

**مۇخەممەس نەدامەت**

شاد بولماي ئۇشبۇ دۇنيادىن فەنا بولغان باشىم،
زار يىغلاپ دەردۇ غەم بىرلە ئەدا بولغان باشىم،
خەلق ئىچىدە خارۇ زارۇ بىنەۋا بولغان باشىم،
ھەر زەمان يۈزمىڭ بەلاغە مۇبتەلا بولغان باشىم،
ئەمدى ئۆلمەككە بويۇن سۇنۇپ رىزا بولغان باشىم.

غۇنچەدەك باغ ئىچرە قالدىم مەن تەقى ئاچىلمايىن،
قۇمرىدەك يىغلاپ مۇدام ئولدۇم فەراغەت قىلمايىن،
مەن نىچۇك تىيرى قەزاغە ئەمدى رازى بولمايىن،
كۆيدۇمۇ ياندىم كۆيۈپ ئۆلدۇم يەنە شاد ئولمايىن،
دوست دۇشمەندە شەھىدى كەربالا بولغان باشىم.

لالەدەك سولدۇم خەزان ئۇردى بەھارىم قالمەدى،
ئۆرتەنىپ كۆلفەت بىلە سەبرۇ قەرارىم قالمەدى،
كېچە - كۇندۇز زار يىغلاپ ئىنتىزارىم قالمەدى،
بۇ يامان دەردلەر بىلەن زىندە تۇرارىم قالمەدى،
كۆز يۇمۇپ دۇنيا نەشاتىدىن سەۋا بولغان باشىم.

يار دوستۇم يوقكى ھالىمغە تەماشا ئەيلەسە،
مېھرىبانىم يوق بۇ ھالىم ئەلغە ئىنشا ئەيلەسە،
يامىنىڭ مۇڭلۇغ ئانام يوقدۇركى پەرۋا ئەيلەسە،
يوق قەرىنداشىم مېنىڭ ئۆلسەمكى پەرۋا ئەيلەسە،
يىغلاشىپ ماتەم سەرالاردىن جۇدا بولغان باشىم.

مەن غەرىب ئاسىينى چۇن سەبرۇ قەرارىم باستى غەم،
چىقتى جانىم ھەر زەمان يەتكەن سىتەم ئۆزرە سىتەم،
رىشتەئى جانىم كەبى باشدىن ئاياغىم باستى غەم،
نىم بىسمىل بولدىمۇ قالدى بۇ كۆڭلۈمدە ئەلەم،
ئەچچە ئەرمان بىرلە دۇنيادىن فەنا بولغان باشىم.

**ھەسرەت**

ئەجەب كۇنلەر مېنىڭ باشىمغە تۇشتى،
ساچىم غەمدە ئۆسەپ قاشىمغە تۇشتى.

بۇ دەردىم كۆپلىگەندىن تەركى مىللەت،
قىيامەت ھەسرەتى باشىمغە تۈشتى.
دىلىمنى ئۆرتەدى بۇ ئىشىق دەردى،
كۆڭۈل ۋەيرانلىقى يادىمغە تۈشتى.
يامان دەردىدىن يۈرەك ـ باغرىم كىبابدۇر،
غەرىب بىچارەلىك باشىمغە تۈشتى.
ماڭا ياۋەر ئەمەس ھېچ قايسى بىر سۆز،
ئۇلۇغ سەۋدا مېنىڭ باشىمغە تۈشتى.
مېنىڭكى ئەقلۇ ھۇشۇم بولدى زايىئ،
بۇ ھەيرانلىق مېنىڭ باشىمغە تۈشتى.
نە ئەيلەي، نە قىلاي بىچارەدۇرمەن،
يوغان دەردلەر مېنىڭ باشىمغە تۈشتى.
ئاتام يوقتۇر، ئانام يوقتۇر، نە فەرزەند،
يېتىملىكنىڭ ئوتى جانىمغە تۈشتى.
غەرىبلىق كۆچىسىدە زار يىغلاپ،
ياشىم دەريا بولۇپ ئالدىمغە تۈشتى.
ئۇستادىمدىن جۇدا بولدۇم يارانلار،
تۈگەنمەس دەرد يۈرەك ـ باغرىمغە تۈشتى.
ئۇقۇش توختاپ قالىپ قاتتىغ مۇسىبەت،
قىيامەت ھەسرەتى جانىمغە تۈشتى.
ئۇقۇش توغراسىدىن دەردىم يامانتۇر،
دەۋزەخ قورقۇنچىسى يادىمغە تۈشتى.
ئۇقۇماي يۈرگەنىمدىن ئۆلگىنىم خۇب،
دەۋامەت يىغلاماق يادىمغە تۈشتى.
يېڭى ئۇستادغە يېتەلمەگەندىن،
بۇ رەڭ ئەۋۋارەلىق باشىمغە تۈشتى.
ئۆلۈپ كېتكەن ھەمە فەرزەندلەرىمنى،
قاچان ئۇنۇتاي ئوتى جانىمغە تۈشتى.
ۋەفاسى يوق قېرىنداشىدىن يۈرەك دەرد،
زەھەر يۇتقان كىبى جانىمغە تۈشتى.
تولا دەردلەر بىلەن بولدۇم پەرىشان،
كۆڭۈل غەمكىنلىكى باشىمغە چۈشتى.
بۇ يەڭلىغ دەرد بىلەن مەستانە بولدۇم،
قەلەندەر بولماقىم يادىمغە چۈشتى.
خۇدايىمدىن بۆلەك ھېچ بىر كىشىم يوق،

www.uyghurkitap.com

کى يالغۇز ئولتۇرۇش يادىمغه تۈشتى.
بۇ هالىمغه يېتەلمەس هېچ بىر ئادەم،
تولا ئەۋۋارەلىق باشىمغه تۈشتى.
بۇ هالىمغه يېتەلىسەڭىز سوراڭ گەپ،
يامان غەم قايغۇلار باشىمغه تۈشتى.
ۋە ئىللا سورماڭىز ئەي ئادەمىيلەر،
بۇ خامۇشلۇق مېنىڭ يادىمغه تۈشتى.
كېتىڭ يانىمده تۇرماي ئەي خەلايىق،
ئۆز هالىمدا تۇرۇش يادىمغه تۈشتى.
قوياپ بەرگەلى سىزگه يوق مەهازىر،
ئۆيۈڭىزده غىزالەر ياخشى قىشتى.
زەمانه ئاخىر ئولغاچ قالماي ئىنساف،
هەرام خور بولغانى يادىمغه تۈشتى.
كىشىده قالمىدى زەرره دىيانەت،
خىيانەت قىلغانى يادىمغه تۈشتى.
خەلايىق هەمەسى فەئلى بۇزۇقدۇر،
كۇففارلىق باسماقى يادىمغه تۈشتى.
ئەجەب فىسقى ـ فۇجۇر بولدى زەمانه،
كى دەججال قوپماقى يادىمغه تۈشتى.
ياش ئادەملەر هەمه بولدى كەسافەت،
ئىمانسىز كەتمەكى يادىمغه تۈشتى.
مۇسۇلمانلىق زەئىف بولدى يارەنلار،
ئىمان خار بولماقى يادىمغه تۈشتى.
بۇ دىنىمىز بۇزۇلماس دەپ تىلەرمەن،
خۇدا دەپ بەك تۇرۇش يادىمغه تۈشتى.
ئۆلۈم بىرله مۇلاقات بولسام ئەمدى،
ئەجەب خۇش بولماقىم يادىمغه چۈشتى.
زەنۇ فەرزەندلەرىم يېتىم بولادۇر،
ئەجەل تىغى كېلىپ جانىمغه تۈشتى.
ئۆلۈمنىڭ غەمىده قالدى بۇ توختى،
سەفەر قىلماق مېنىڭ يادىمغه تۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاۋازى غەزەللىرى

(بېشى ئۈتكەن ساندا)

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر**

## باھار ئەييامى كەلدى

باھار ئەييامى كەلدى، ئەي كۆڭۈل، جانانىڭە راز ئەت،
سەھەرلەر نالە ئەيلەپ، شەۋق ئىلە بۇلبۇلدەك ئاۋازئەت.
رىيالىق زوھدۇ تەقۋادىن كېچىپ، مەيخانەگە بازئەت،
ئۆزۈڭنى نەچچە كۈنلەر دەير پىرى بىرلە دەمسازئەت،
ئاياغە باش ئۇرۇپ، مۇغبەچچەلەرنى خوپ سەرەفرازئەت.

يۈرۈپ بىباكلەردەك بى پىكىر، بىكار ئولتۇرما،
يىگىتسەن، مەرد بولساڭ ئۆلگىچە بىمار ئولتۇرما،
كىمى بىكار كۆرسەڭ بولدى بىركۈن خار، ئولتۇرما،
مەئىشەت يولىغا مېھنەت ئېرۇر دەركار، ئولتۇرما،
ساڭا پەزلۇ ھـۈنەر ئۆرگەتكۈچىلەر بولسا، ئەئزاز ئەت.

يېغىپ بارانى رەخمەت ھەرگىياھدا تۇرلى ھەنگامە،
زىمىن زىبالىنىپتۇ سەبزە ـ مەخمەلدىن كىيىپ جامە،
بۇ ئاۋازى فەرەھبەخشادە، ۋاھكىم چۈشمەسەم دامە،
سەبا، يەتكۈز مېنى دىلخەستەدىن ئۇل يارە بىرنامە،
دېبان ئاشىقلەرە ئېھسان ئۈچۈن ھۆسنۈڭگە پەردازئەت.

بۈگۈنـىنىڭ لەززەتى چۈن خوپ مۇھەببەت بادەسىن نۇش ئەت،
تامامى ئەھلى مەجلىسنى ناۋاسازى ئىلە خۇش ئەت،
مۇغەننى سەن ھەم ئەمدى قىلماي ئىستىغنا، سۆزۈم گۇش ئەت،
رەبابۇ، چەڭۇ، ستارە گەھى پەنجەڭ دەر ئاغۇش ئەت ①،
«بايات»، ««ئۇششاق» ئىلە «گۇليار»، «ئىراق» ئالدىدا شەھنازئەت.

① «پەنجەڭ دەر ئاغۇش ئەت» ـــ قولۇڭغا ئال مەنىسىدە.

بۇرۇنقى لەززەتىدىن ئارەزى ئېركەن ئەجەب ساددە،
كى ئەمدى نۇش ئېتىپ بولمىش جۇنۇن دەشتىگە ئامادە،
هاماقەتتىن ئىمىشكىم، ئۆتمۇش ئەيىامىنى ئالۇر يادە،
ماڭا بولدى ئاساس ئورنىدا بۇئاقۇ قىزىل بادە،
ئۇزات، بىر ئاق ئىچەي، ئەي ساقىيا، ھەم قەددىمى غازئەت!

1910 - يىل 15 - ئاپرىل.
شەھرىخان.

## خوتۇن - قىزلار

قەدەم تاشلاڭ تۇتۇپ قول، مەقسەدە دېھقان خاتۇن - قىزلار،
ئۇتىرمەڭ سالپايىپ گەر بولسا چىن ۋىجدان خوتۇن - قىزلار،
بىلۇرسىزلەرمۇ، كەلدى سىزلەرە دەۋران خوتۇن - قىزلار،
تامامى دۇشمەن ئولدى زارۇ سەرگەردان، خوتۇن - قىزلار،
ئالىپ تاشلاڭ پەرەنجى، ئوتلەرە چاچۋان خوتۇن - قىزلار.

زەمانى مۇستەبىد، ئەرلەرنىڭ زۇلمى ئەزدى خوپ بىھەد
جاھالەتدەن قىزىلگۈلدەك يۈزىڭىزگە ئۇرالدى سەد،
قويۇڭ هايۇ - ھەۋەسنى، ۋاقتى ئۆتتى ئەسكىگەن ئەبجەد،①
بۇ كۈندىن بىتەمىز ئەرلەرگە ئەسلا ئەگمەيسىز قەد،
ساۋادىڭىز چىقار لاتىنچە ② كۆپ ئاسان خوتۇن - قىزلار.

يۈرۈپ تەشۋىقى شۇرا قايدا، دەپ جان بىرلە ئىزلەڭلەر،
ئاشۇرماق چۈن ئەمەلگە بەلنى ھىممەت بىرلە باغلاڭلار،
كىمكى قارشدۇر، بىرسۆز بىلەن باغرىنى داغلاڭلار،
يوقالسۇن ئەسكى تۇرمۇش، يېڭى يولغا ئىشنى چاغلاڭلار،
قىلىپتۇر سىزگە شۇرا شۇنچە كۆپ ئېھسان خوتۇن - قىزلار.

قىلىپ غەيرەت، ئوقۇپ ئىلىم ئۆگىنىڭلار لاللىيىپ تۇرماي،
قاراپ تۇرماق خوپ ئېرمەس ئەمدى شۇرا دەۋرىنى سۈرمەي،
ياشاڭ، يايراڭ، ئېلىڭ ئۆزھەققىڭىزنى ئويلىنىپ يۈرمەي،

① «ئەسكىگەن ئەبجەد» — كونا ئەبجەد — بۇيەردە شائىر كونا تۈزۈمنى دارىتەملاپ تەنقىد قىلىدۇ.
② ئۆزبېكىستان 1925 - يىلى لاتىن يېزىقىنى قوبۇل قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاپايۇ سىڭلىڭىز مەكتەپكە كەلسۇن، ئۇيدە ئولتۇرماي،
ئوقىغان بولغۇسىدۇر شاد ھەم خەندان خوتۇن ـ قىزلار.

بۇكۇندىن سايلىنىپ، سايلاشقا سىز ھەم بولدىڭىز ھەقدار،
يۇرۇك ئەرلەر بىلەن قول ئۇشلاشىپ، ئىشلەر قىلىڭ تەييار،
ئىبزىلىك دۇشمەنىنىڭ باغرىن، دوستلار بولغۇسى مىننەتدار،
خۇراپات ئەھلىنىڭ ئەپسۇنى ئەمدى ئەيلىمەس ھېچ كار،
تېكىنخورلەرنى قىلىدۇق يەر بىلەن يەكسان خوتۇن ـ قىزلار!

ئېچىپ كۇزلەرنى سۆزلەر ۋاقتى يۈزلەردە ھايا قويماڭ ①،
كىرىپ سايلامغا بەدغەش ② كىمسەلەردىن مۇتلەقا قويماڭ،
دۇئاخان، باخشى، قۇشناچ ئەھلىگە قايتىپ رىجا قويماڭ،
يامانلار سىرىنى ئاچماقتا مەجلىستە ئىبا قويماڭ.
بارى ئاچلىقتىن ئۇلسۇن بەرمەڭىز بىرزان خوتۇن ـ قىزلار!

ئەدالەت «ئەر بىلەن خاتۇن بارابەر» دەپ نىدا قىلدى،
بۇنى جايغا يەتكۇزگۇنچە كۇپ جانلەر پىدا قىلدى،
جەھان يوقسۇللىرىنى تىز بىرلىشىڭ دەپ ئىلتىجا قىلدى،
نىكولاي پادشاھنىڭ تەختى ـ بەختىدىن جۇدا قىلدى،
دېدى ئارەزگە شۇرا: «قالمىسۇن ئارمان خوتۇن ـ قىزلار!»

1926 ـ يىل. شەھرىخان.

## ئەپەندىلەر

ئەرزىم قىلايىۇ سىزلەرە دانا ئەپەندىلەر،
ئەي، ياش يۇرەكلى، سۇرەتى زىبا ئەپەندىلەر،
ۋاي جەملە نۇچى ئىستىئدادتا ئەپەندىلەر،
ئەيلەڭ تەرەددۇد ئوقۇماقتا ئەلا، ئەپەندىلەر،
بىكارغا ئۇتمىسۇن پۇرسەت ئەسلا، ئەپەندىلەر!

خاھ رۇسچە، خاھ پەرەڭچە ئىسە ھەرنېچۇك ئىلىم،
پەننى ماثارىپ ئەھلىدە دۇر بولماغى بىلىم،
دىسەكىشەكىم خارۇزەلىل ئولماسۇن ئىلىم،
تۇرسۇن نەزاكەت ئىلە دېسە جاي ـ مەنزىلىم،
ئىلىمدىن بۇلەكتە يوق بۇ تەمەننا ئەپەندىلەر!

---

① ھايا قويماڭ ــ بۇيەردە ئۇياڭماڭ، تارتىنماڭ دېگەن مەنىدە كەلگەن.

② بەدغەش ـ قىلمىغى ئوسال، نىيىتى يامان.

هالا مۇئەللىم ئىسمىن ئالىپ قەدىر تاپىدىڭىز،
مەردۇم كۆزىنى ئاچماق ئۈچۈن خېلى چاپىدىڭىز،
ناتوغرا، دەپ ئەسكى مەكتەپنى ياپتىڭىز،
ھەركۆرگۈچىگە مەنزۇر بولۇر رەفت ـ ئەپتىڭىز،
ئۇشبۇ سەبات بىرلە ياشاڭ تائەپـەندىلەر!

مەلۇمىڭىزكى جاندىن ئەزىز ۋاقتى ياشلىق،
ئەيلەڭ ھەمىشە بىلمەك ئۈچۈن ھۆركېڭەشلىك،
ھەركىم تىلىسە ئۆمرىگە شىرىن مەئاشلىق،
ئەلبەتتە بولماس ئول كىشىدە خۇدتەراشلىق.
نادان ئىلە بولمىڭىز ئاشنا ئەپەندىلەر!

ئەيلەڭ تەشەككۇر، بىلىم بەردى زەمان سىزە،
ئەمما بىلىڭ، پۇرسەت ئېرۇركى مېھمان سىزە،
تارىخلاركى كۆرسىتىدۇ ئىمتىھان سىزە،
ھازىر مائارىپ ئەھلى ئېرۇر مېھرىبان سىزە،
ھەل قىلىڭ ئىلىم بولسا مۇئەمما ئەپەندىلەر!

بولغان ھەم ئەمەس ھېچ زەمان بۇخىل بىمەلال،
كىم قايسى يولدا قىلسا تەرەددۇد تاپار كەمال،
نۇرىن چېچىپ جەھانغا مائارىپ جەمال،
تەكلىپى ئام بىرلە گېزىـت بىرلە ژۇرنال،
ئەيتۇر، كېلىڭ، نەسىبە ئېلىڭ، ھا، ئەپەندىلەر!

كۆردۈڭ ھۆكۈمەت ئەھلى ئېچىپ كۇرس قانچەخىل،
يوقسۇل ئېلىنى قىلماق ئۈچۈن ئىلىملىك مۇتتەسىل،
نانۇ لىباسۇ ھەرنە كېرەك ھازىر ئەتتى بىل!
ھەرۋەج بىرلە بولسا كۆڭلىڭىز خىجىل،
ھەرقايسىڭىزە بىر كارىۋات جا، ئەپەندىلەر!

ھەر بىر مەقسەدنىڭ مەقسۇدى ھەم بار دىلدە دۇر،
تاڭلا بولۇرنى كىم بىلىدۇر، قايسى خىلدە دۇر،
بۇخاسىيەتنى مەن دىمەگۈم، ئايۇ يىلدە دۇر،
كىملەر دېدى «قەھرى، دەڭگە سەلىك سىزنىڭ ئەلدەدۇر»
ئەلبەتتە دەرمىز «فاسدەئۇ دەئۋا!»، ئەپەندىلەر!

www.uyghurkitap.com



لەيلەك ئەگەر ھەر يىلى ھەم بىر كېلىپ كېتەر،
كەتكەندە بىلمەس ھېچ كىشى، كەلمەكنى كۈتەر،
تەكرار كۆرسەدە يۈرگۈچىگە بۇ سۆزلىرىم يېتەر،
ئۈممىد شولكى، كىمكى ئوقۇر، ياخشى سەئيي ئېتەر،
ناتوغرىدۇرمۇ ئۇشبۇ سۆزۈم يا، ئەپەندىلەر؟

ھەر بىرىڭىزنى قانچە كىشى ئىنتىزارىڭىز،
مەلۇم بولاردى كەلسە دىبان كىردىكارىڭىز،
خوپ تەشنە خېشى تەبارۇ دىيارىڭىز،
دائىم تىلەيدۇ ئارەزى ھەم ئېتىبارىڭىز،
قىلدىم بۇنى پەند ئورنىدە ئىنشا، ئەپەندىلەر،
سىزلەر ھەم ئەندى ئەبزەل ئېتىلك، ئىفشا، ئەپەندىلەر!

## يۈز ئۆرمە توغرا يولدىن

يۈز ئۆرمە توغرا يولدىن، چەرخ قەششاق ئەتسە ھەم،
ئۈچمەگىل، دۈشمەن سۆزىن ھەرقانچە يۇمشاق ئەتسە ھەم،
مەرد كەلدىلك، مەردكەتكىن، تاقەتىلك تاق بولسە ھەم،
ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈگىدىن سۇسىنى ئاققۇزسا ھەم.

1909- يىل

## كۆردۈم

(فۇزۇلى شېئىرىگە تەزمىن)

بۇ كۈن خوپ ئىمتىھان قىلدىم، مەن ھەم بەس قالمەدى ئەرمان،
پەلەكتىن ھەم شىكايەت ئەيلەدىم، كۆردۈمكى سەرگەردان،
كۆرۈندى بەزى غەمكىن، بەزىسى شادانۇ ھەم خەندان،
تىلەپ روزىم ئۇلەرغە ئەرز ئەھۋال ئەيلەدىم چەندان،
كىمەكىم دەردىمنى ئىزھار قىلدىم ئىستەيۇپ دەرمان،
ئۆزۈمدىن ھەم بەتەرمىك دەردە ئانى مۇپتەلا كۆردۈم.

بىراۋ پۇل دەپ جىگەر قانۇ بىراۋ پەرزەند ئۈچۈن گىريان،
بىراۋ ئەھلى ئايالىن ھەسرەتىدىن يىغلىغاي چەندان،

بىراۋ مەي بىرلە مەھبۇبىگە ناز ئەيلەپ قىلۇر جەۋلان،
جەھان سەھنىدە ئەسلا كۆرمەدىم تەشۋىشى يوق ئىنسان،
كىمەكىم دەردىمى ئىزھار قىلدىم ئىستەيۇپ دەرمان،
ئۆزۈمدىن ھەم بەتەرمىنىڭ دەردەئانى مۇپتەلا كۆردۈم!

كەل ئەمدى ناتەۋان كۆڭلۈم، قوي ئەمدى قىلمە كۆپ ئەپغان،
ئۆزۈڭنى ھەر تەرەپ بادى سەبادەك قىلمە سەرگەردان،
قىلىپ چەندان تەرەددۇد بى پىكىر ئولتۇرمىغىن بىر ئان،
تەلەب قىلماق يۈگۈرماق، يىلمەگىڭنى ① قانمادى ئەرمان،
كىمەكىم دەردىمى ئىزھار قىلدىم ئىستەيۇپ دەرمان،
ئۆزۈمدىن ھەم بەتەرمىنىڭ دەردە ئانى مۇپتەلا كۆردۈم.

1912 - يىل، 9- ئاي

## ئەي كۆڭۈل

ئەي كۆڭۈل، قوي نالە قىلمە، سىرىڭ ئىفشالانمىسۇن،
كۆز ياشىڭ كۆپ تۆكمە، ئەغيار ئەھلى بالالانمىسۇن،
دوستلارنىڭ تەئنىدىن دۈشمەن تاماشالانمىسۇن،
ئەقرەبالار سۈرەتى ھالىغە غەۋغالانمىسۇن،
چارەئى قىل ھەمنىشىن ئەھباب ئەلالانمىسۇن.

تاكى بولسا كۆكرىگىڭدە داغ ھەسرەت قاپ ـ قاپ،
زاھىر ئەتمەك بولساڭ ئەۋۋەل بىغەرەز ئەھباب تاپ،
ئەقلۇ ئىدراكىگە كۆڭلۈڭ قانسا كۆپ بىئەختىلاپ،
قىلغۇدەك ئەتۋارى بولسۇن بەزلى جۇرمىڭنى مەئاف،
ئول كىشى سەن سۆز تامام ئەتكۈنچە گۇيالانمىسۇن.

لىبىڭ دەئۋا قىلمە ئەپلاتۇنچە ئەقلىڭ بار ئىسە،
خار كۆرمە ھەركىشىنى سۈرەتى ناچار ئىسە،
ھەر كۆڭۈلگە بەرمە رەنجىش، ھۆرمەتىڭ دەركار ئىسە،
سۆزنىڭ تەسرى قالماس ھەرقاچان تەكرار ئىسە،
ئاقىل ئۆز نوتقىگە پەخر ئەيلەپ تەمەننالانمىسۇن.

① يىلمەك ــ ئۆچماق

www.uyghurkitap.com



ئويلىماي سۆزلەپ پىكىرسىز قىلغان ئىش ئەبگار ئېتەر،
كىمكى يالغان كۆپ گەپۇرسە، ئۆزىنى بىئار ئېتەر،
كۆپ يېمەك ـ ئىچمەكنى ئادەت ئەيلەسە بىمار ئېتەر،
ئۆلچىمەي سەرپ ئەتسەك، ئالەمنى كۆزۈڭگە تار ئېتەر،
پىكىر قىل، ئىنسانلىغىڭ خەلق ئىچرە رەسۋالانمىسۇن!

رۇتبەئى تاپساڭ ئەگەر، ئەل ئىچرە بولساڭ ھۆكۈمران،
ئەمرۇ پەرمانىڭگە تابىئ بولسا يەرۇ ئاسمان،
شاخ چىقارساڭ بىل ئىسكەندەردەك بولۇپ ساھىبقىران،
جەزم بىلمەكلىك كېرەكتۇر، بارچەمىز ھەم مېھمان،
خەلق پەيلىڭدىن شكايەت بىرلە «ئەۋاھ» لانمىسۇن!

بارچە مەقسۇدىڭ مۇيەسسەر بولسە، ئەي شۆھرەتپەرەست،
ھەر تەمەننا ئىكى قىلساڭ بارچەسىگە بەرسە دەست،
قىلمە ھەددىڭدىن تىجەۋۇزر، تاپمايىن دېسەڭ شكەست،
كىبىر ئىلە مەغرۇرلەر كۇردۇڭمۇ قانداق بولدى پەست،
ئاچ كۆرۈك ئىبرەت بىلەن ئەپسۇس بىللاھلانمىسۇن.

ئەقىل ئەۋراقىدە كۆردۇم، ئىچكۇلۇك كانى زەرەر،
نەشەيۇ تەرياق، ئەفيۇن ئىچكۇلۇكتىن مىڭ بەتەر،
بەڭگى، كۆكنارى، پىيانىدىن بارچە ئەل ئەيلەر ھەزەر،
بىر نەزەر سالساڭچۇ ئاخىر، كورئەمەسسەن ياكى كەر،
ئەھلى ئەۋلادىم دېسەڭ قايغۇدا بەرنالانمىسۇن.

بۇ جەھانغە كەلدىڭ ئەي تەن، بولمىغىل ئەندىشەسىز،
بارمىدۇر نەججارە بولماق ئەررەسىز يا تىشەسىز،
بەر كەمال كۆكلەپ تۇرالمايدۇ دەرەختى رىشتەسىز،
خوپ ئەمەس چىقماق سەپەرگە تۆشەسىز ھەم پىشەسىز،
ھەر قەدەمدە نەچچە خىل كۇلپەت مۇھەييالانمىسۇن!

ئەيلە ئىسلامى ھەياتىڭ پىكىر ئېقىپ ئاداب ئىلە،
قىلمەغىل ئۆمرۈڭنى زايىئ دەڭگە سەنا باب ئىلە،
ئەيتمە ھەم سرىڭ تىقەززا ھەر نېچۇك ئەرباب ئىلە،
ئارەزا، بۇ نۇقتەنى تەكرار قىل ھەر باب ئىلە،
ھېچ مەردىنىڭ يارى ئەغيارىغە ئىمالانمىسۇن.

## هېچ ئاشىق يوقكى

هېچ ئاشىق يوقكى پۇل سەۋدايى مەشرەپ بولمىسا،
زەۋق ھىجراننى نە بىلگەي جىسمىدە تەب بولمىسا،
نېش ئۇرغايمۇ نىگارا غەير ئەقرەب بولمىسا،
نەيلەيمەن سەيرى چەمەننى سىمى غەب ـ غەب بولمىسا،
جاي مەنيارغەب بولۇپ، يارى شەكەرلەب بولمىسا.

ئىشق بىرگەۋھەر ئېرۇركىم، زەۋقىنى تاتگەن بىلۇر،
كىمگە چۈشسە ئانىڭ ئۇچۇن ئىنچۇنۇن پىنھان بولۇر،
بىھۇدانە ئاھۇ زارىدىن ھەمە سىر ئاچىلۇر،
بارا ـ بارا پاك يۈر ھەم پاك ۋىجدانلىق بولۇر،
ئار ھەم قىلماس نىگارىگە مۇقەررەب بولمىسا.

بۇ جەھانغە ئادەت ئولمىش ۋەسىل يا ئىنكى پىراق،
كاشكى ھەر بۇلھەۋەستە بولمىغاي چىن ئىشتىياق،
دەرد كۆرگەن بولساڭ ئىدىۋاك ئىلە بۇ ئەتۋارە باق،
داغى ھىجرانلەرگە ئايدىڭدىن قاراڭغۇ ياخشىراق،
ھاسىل ئولماس مەقسەدى شۇنداق ئۇزۇن شەب بولمىسا.

ئويلىماي بىر نۇقتە ھەم بولسا گەپىرمە، ئەي كۆڭۈل،
ئەنجۇمەن دەپ سۆيمىگەن مەجلىسكە يۈرمە، ئەي كۆڭۈل،
سۆھبەتى دانانى تاپساڭ، يۈز ئوگۈرمە، ئەي كۆڭۈل،
خۇد پەرەس نادان بىلەن ئولتۇرما، يۈرمە، ئەي كوڭۈل،
نىمە بىلگەي ئول كىشى ئاقىلگە ھەمگەپ بولمىسا.

كىمگە ئورتاق بولساڭ، ئوغلۇم، خاتىرىن تۇت مۇھتەرەم،
ئىمتىھان دىشۋار ئەمەس، ئوغلۇم، كېيىن قىلماس ئەلەم،
مەيلى بولسۇن بىدەرەم ئول، ياكى بىر ساھىب كەرەم،
دوست سادىقتىن ئەمەس مىلك يىل قەدىردان بولسە ھەم،
يار بولۇپ يارىڭ بىلەن ئەغيارىگە گەپ بولمىسا.

ئەي بۇرادەر، ھېچكىمسى بىھۇدە يولگە باشلىما،
ھەر نېچۇك مەجلىستە مەغرۇرانە كۆپ يانپاشلىما،
ئائىلەڭ ئالدىدە ئەندەك غەم ئۇچۇن كۆز ياشلىما،

www.uyghurkitap.com

بەند ئىلە يول باشلا، ئەۋلادىڭنى كۆزدىن تاشلىما،
پىتنەچىلەر بىرلە ئۇ دايىم مۇرەككەپ بولمىسا.

باشقا دەۋلەت قونغان ئىنسان ئەيلىمەس نامۇسۇئار،
ئاشنالىقتىن دەم ئۇرماڭ، بەلكى يوق فىشوتە بار،
سەرپ ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەم بولسە يىغلار زار-زار،
دەپتەرى ئىنسانىيەتتىن جاي بەرمەڭ زىنھار،
ئاقچە جەم ئەتمەكتىن ئۆزگە ھىچ مەتلەپ بولمىسا.

ھېرسى دۇنيا، دوستى نادان، كارى دۈشمەندىن بەتەر،
ئۈشبۇلەرگە مىلك نەسىھەت ئەيلەسەڭ قىلماس ئەسەر،
بۇ ئىكەۋگە بارمە، مەقسەد بولسە بەستۇر سىمۇ زەر،
گەر قولۇڭدا بولسە دەۋلەت خوپ غۇلامىڭدۇر بۇلەر،
تەرك ئېتەر خالىس سەلامىن سەندە مەنسەپ بولمىسا.

قوي مۇھەببەت ئەھلىنى ئۆز خاھىشىگە زاھىدا،
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە يىغلاپ ئەيلىسۇن يارغە رىجا،
دوستلەر پەندى، رەقىپلەر تەئنىدىن چەكتىم ئىزا،
يارگە گاھىدە مەنزۇر ئولماق ئولماس ئارەزا،
ئىشق دەرسىدىن ئۇقۇپ، قارى مۇرەتتەب بولمىسا!

1912- يىل، 13- يانۋار.

## ئەي پەرى

ئەي پەرى، باشىڭ ھەقى، ھالىمگە بىر نەززارە قىل،
سۈرەتى ھالىم كۆرۈپ، ئىنساپە كەل، بىر چارە قىل،
لۇتفى قىل خاھى غەزەپ، مەن زارە خىزمەتكارە قىل،
ھەرقەچان ھۆسنۈڭ زەكاتىن مۇستەھىق بىچارە قىل،
ئىلتىپاتىڭ تەشنەئى دىدار ئۇلان خۇممارە قىل.

چارەسىزلىقتىن دېگەيمەن، زۇلم قىلساڭ مەيلىڭە ①،
تېخى مۇژگانىڭ بىلەن باغرىمنى تىلساڭ مەيلىڭە،
بولمادى دەردىم ياشۇرماق ئەمدى بىلسەڭ مەيلىڭە،

① مەيلىڭە—بوپتۇ، مەيلى دېگەن مەنىدە.

خوبمدۇر، دەپسەن: «رەقىپلەردىن سىقىلساڭ مەيلىگە»،
مەندىكى مەقسەد يولىدا خالساڭ مىڭ پارە قىل!

ئەۋۋەلى خوپ مېھرىبانلىقلارنى قىلدىڭ ناز ئىلە،
ھەر سوئال ئەيتسەم جاۋاب ئەيدىڭ شىرىن ئەئزازئىلە،
گاھ ئوقۇپ «گۈليار»، گاھ «ئۇششاق»، گاھ «شەھناز» ئىلە،
تەڭ بولالماس ھېچ مەھۋەش سەن كەبى تەنناز ئىلە،
خوپ ئەمەس كۆيگەن جاراھەتكە سېپىپ تۇز يارە قىل.

ئاھ كىم، ھىجرىڭدە مۇنداغ زار ئولاي تاكەيگەچە،
غەيرىلەر ئالدىدە ئەيشى تار ئولاي تا كەيگەچە،
زار يىغلاپ تەشنەئى دىدار ئولاي تا كەيگەچە،
ياد ئېتىپ ئۆتمۇشنى مىننەتدار ئولاي تا كەيگەچە،
سىزگە كىم ئۆرگەتتى: «ئاشىقلارنى بەختىن قارە قىل؟» ①

بۇلبۇلىڭمەن، نالە ئەيلەي، ئەي يۈزى گۇل يار-يار،
ئەرز ئېتەي ھەسرەتلەرىمنى، سەنگە يىغلاپ زار-زار،
كۆلمەگىل سانجىلسا باغرىمغا ئەگەر مىڭ خار-خار،
ناتەۋان كوڭلۇمدە ۋەسل ئومىدىدىن ئەخبار بار،
يول يۈرۈش تەلىمنى تاۋۇسى خۇش رەفتارە قىل.

ئىشىق زەۋقىنى بىلۇرمۇ خۇد پەرەست ناپاكلەر،
ۋەسل قەدرىن قايدا بىلگەي بۇلھەۋەس بىباكلەر،
شاد ئەمەس جەننەتكە كىرسە، ھەجرىدىن غەمناكلەر،
چەكمەك ئولماس ئارەزىدەك ئاھى ئاتەشناكلەر،
ئۆرگىلەي بىر يول خىرامىڭ سەھنەئى گۇلزارە قىل!

1912 - يىل.

### پەلەكنىڭ گەردىشى

دائىم پەلەكنىڭ گەردىشى لەيلى نەھار ئولۇر،
گۇل بىرلە خار، لالەكى بار داغدار ئولۇر،

① فۇزۇلى ئارەزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان شائىرى ئىدى. ئۇ فۇزۇلىنىڭ: ئەزەل كاتىپلىرى ئۇششاق بەختىن قارە يازمىشلەر» دىگەن مىسراسىنى زوق بىلەن ئەسلەپ، بۇنىڭدا ئىككى مەنا ئىپادە قىلىنغان، دەيتتى، ئارەزى بۇ مىسرادا فۇزۇلىنى ئەسلەپ ئۆتكەن (ئۆزبېكچە نەشرىنىڭ تەھرىر ئىزاھى).

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى

مەردانىلىقنىڭ زىننىتى تەمكىنۇ ۋىقار ئولۇر،
ئەي دىل، مۇقەددەر ئولما، قىش ئۆتتى بەھار ئولۇر،
سەھرا يۈزى بىنەفشە بىلەن لالەزار ئولۇر.

كۆردۈڭمۇ، قارغا ھۆرياشار، خۇش نەسەبمىدۇر؟
تۈتى قەپەزدە دائىم ئەسىر، بىئەدەبمىدۇر؟
يادوستى بۇنى قۇمرى، دېسە، بۇ ئەدەبمىدۇر،
بۇلبۇل سەھەردە نالە قىلۇر، بىسەبەبمىدۇر؟
گۇل ئاچىلغۇنچە قانچە تىكەنگە دۇچار ئولۇر.

بىباكلارنىڭ قىلمىشىدە بولمىغاي سەبات،
غەددارلەرنىڭ مەزھەبىدە بارمۇ ھىچ ئۇيات،
دەۋلەت غۇرۇرى چۇشكۈچىدە بولمىغاي ئۇيات،
ئەھلى خىيانەت گەرچە قىلۇر سىرىن ئىھتىيات،
مىڭ چارە قىلسا ھەم بىركۈن ئاشكار ئولۇر.

ئەھلى ھەسەدنىڭ كۆڭلى ئىرۇر دائىما سىياھ،
ئاتەش ـــ بەختنىڭ جايى دېسە قىلماڭ ئىشتىباھ،
كۆردۈڭمۇ، كىم دەڭگەسەدۇر ھالى كۆپ تەباھ،
راھەت ـــ مۇشەققەت ئاستىدادۇر، ئەقل ئىرۇر گۇۋاھ،
ئالتۇن ـ كۈمۈش ئوتقا چۈشۈپ بىغۇبار بولۇر.

بىرنىڭ خىيالى ئاقچە تىلەر، بىرنىڭ بەچچەدە،
بىرى دېسە ئات، بىرى خوتۇن خوپ بۇلەكچە ـ دە،
بىرنىڭ مۇرادى تۈتتى يېرىن، پىكرى زەغچەدە،
بولمىسا تەمام بارچە مەسەل بۇ ۋاراقچەدە،
ئاقىل بۇلارنى كۆرمىسە ھەم ھۇشيار ئولۇر.

**گەپۇرمەڭلەر**

قويۇڭلار، ئەي بالام، ئەھۋالى ئالەمدىن گەپۇرمەڭلەر،
يامانۇ ياخشى دەپ ھەر تۈرلى ئادەمدىن گەپۇرمەڭلەر،
ھەقىقى دەردنى بىلمەي، ئاگا مەلھەمدىن گەپۇرمەڭلەر،
بۇگۇنكى شادلىققا كېچەكى غەمدىن گەپۇرمەڭلەر،
زىيانى ـ سۇدى يوق ئىززەت ۋە ئىكرامدىن گەپۇرمەڭلەر.

بىراۋنىڭ مىنگەن ئاتى، يەنگى تونى سىزگە نە دەركار،
بىراۋ كەيگەن چاپانى ئەسكى بولسە بىزگە يەتمەس ئار،
بىراۋ ياخشى ئىكەن بولسۇن پۈتۈن ئالەمدە ھۆرمەتدار،
بىراۋ بولسە يامان تا سىزگە، بىزگە بەرمىسە ئازار،
قويۇڭ ئۆز خاھىشىگە ئىككىسىدىن ھەم گەپۈرمەڭلەر.

ئۆلەن ① بىھراق دەرلەر شكۈەگەر دەپ نام ئالغۇنچە،
بىراۋلەر غەيبەتىدىن ئەرتە يۈــكەچ كام ئالغۇنچە،
ۋە يا بىر كىمســەگە تۆھمەت تاقىپ ئەنجام ئالغۇنچە،
يۈرۈپ بىركار قىلغىل ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇنچە،
دىسەڭ پاش ئولمىسۇن سىر، ئارتۇغۇ كەمدىن گەپۈرمەڭـلەر.

قاراڭ ئالەمگە، بىكار ئولتۇرۇشتىن كىم زەپەر تاپقان،
كىمكى دەخلى يوق سۆزگە سوقۇلغاندۇر، زەرەر تاپقان،
بىراۋلەر غەيبەتىدىن ئىمزلەشنى قانداغ دەربەدەر تاپقان،
ۋالاقلاپ ئولتۇرۇشنى قايسى نادان بەچچەغەر تاپقان،
غادايغان بىتەمىزگە قامەتى خەمدىن گەپۈرمەڭلەر.

مۇدام ئادابى مەجلىسنى دىلى ھۇشيارلەر بىلگەي،
سىھەتلىك لەززەتىنى نەچچە كۈن بىمارلەر بىلگەي،
تەئامدىن خار ئولۇشنى دەڭگە سەبىكارلەر بىلگەي،
شۇكۇھى دەھرنى، ئەي ئارەزىي، بىئارلەر بىلگەي،
قۇرۇق مەغرۇر خەندانلەرگە مۇلزەمدىن ① گەپۈرمەڭلەر.

يىل - 1914

**تاپىلۇر**

يۈرسەڭ تاپىلۇر ـ ئەيىبىڭ ياپىلۇر،
كىم يۈرسە ساياق ـ ئاخىر چاقىلۇر.
يۈرگىل بىئازار، بولماي دىلئازار،
ــ ئۆزبېك خەلق ماقالىسى

www.uyghurkitap.com



پىكرى قىل، ھۇشۇڭ بىلەن يۈر، رەھنامە ھەم تاپىلۇر،
مەجلىس ئارا قىلمىش ئەتۋارى بەجا ھەم تاپىلۇر.
قامەتى زىبا سەنەم، نازۇك ئەدا ھەم تاپىلۇر،
ئىزلىسەڭ ئەزتەھتى دىل ھەر مۇددىئا ھەم تاپىلۇر،
دەرد كۆپتۇر دەھر ئارا ھەر خىل دەۋا ھەم تاپىلۇر.

نەپس دەپ تەكلىپسىز سۆھبەتكە ئەسلا بارمىغىل،
مىننەت ئەھلىنى ئاشىدىن ئاچىگىدىن ئۈلسەڭ يىمىگىل،
چىن ئەر ئۇلساڭ، بىغەرەز ئىنسان تېپىلماس دىمەگىل،
خۇش قەنائەت، ئەھلى ئىستىغنا كىشى بىلماس خىجىل،
لەۋھەئى دىلنى تۈزەت، چىن ئاشنا ھەم تاپىلۇر.

سەن ئۆز ئەھدىڭگە ۋەپا قىلماقتا بولساڭ بىقەرار،
بۇلھەۋەس — پىكرى بۇزۇقلار تەئىنىسگە قىلما ئار،
مەرد بولساڭ ئۆز سۆزۈڭنى قىلما كۆپ بى ئىتىبار،
ھەركىمە بىر پىشەئى تەقدىر يازغان نۇقتە بار،
بىۋەپالىق قىلمىساڭ، ئەھلى ۋەپا ھەم تاپىلۇر،

كۆز تۇتار قىلمىش مۇكاپاتىغە دىل ئاگاھلەر،
سۆيگەنىن ئالماقتا تەڭ بولغاي گەدايۇ شاھلەر،
ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئەركەن قانچە سالۇ ماھلەر،
قازىغان بولساڭ بىراۋلەر قەددى ئۇچۇن چاھلەر،
چەكمەغەم ئارتۇقمۇ [كەم] دەپ مۇددىئا ھەم تاپىلۇر.

**ئۇغۇللەرگە نەسىھەت**

مۇشەققەت چەكمەيىن ئەسلا كەمالە يەتمەس ئىنسانلىق،
مۇھەببەت شىۋەسىدىندۇر پەرىشان ھال - سەرسانلىق،
يىگىتلىكتە ياراشماس ھەر كىشى بولماق پەرىشانلىق،
قايۇ ئىشقا قەدەم قويساڭ ئۆزۈڭنى قىلما ھەريانلىق،
قاچان ئائىلدە كۆردۈڭ، ھەرنىچۇك ئىشتا ھەراسانلىق.

يىتىشنى جەزم ئىتىپ ھەر ئىشتا بولساڭ، بول سەبات ئىلە،
تىلەڭ بىرلەن دىلىڭ بىر يولدا كەتسۇن ئۆزۈيات ئىلە.
كۆرەرسەنمۇ، ئۇچۇش قۇشقا كىرەكتۇر دۇم، قەنات ئىلە،

ئەگەردە قىلمىساڭ ھەر بىر ئىشىڭنى ئېھتىيات ئىلە،
قاچان يۈز بەرگەي، ئوغلۇم، بۇ جەھاندا شادۇ خەندانلىق؟

تۇزاقتا چۈشسە قۇش تەلپۈنمەك ئىلە جانى قىينالغاي،
ئاياق قاپقانغا بى ئوي كىمكى باستى، دارە يوللانغاي،
مۇكاپاتى ئەمەلدۇر، ھەركىمە ھەر خىل بالا ئىنگەي،
ئۈمىدى بوشقا كەتكەنلەرنىڭ، ئەلبەتتە، كۆزى تىنغاي،
تەھەممۇلسىز قىلان ئىشتىن تۇغۇلغان كۆپ پۇشەيمانلىق.

بىلەرسىزمۇ، كىشىنى قايسى ئان، دەەچە دېگەيمىز ياش،
بىراۋنىڭ مىڭەسى.ئىشتىن چىقارمىش تولماي ئەللىك ياش،
بىراۋ زەھرى ھاراقتىن زەۋق ئالۇر، يوق بولسا ئەردى كاش،
بىراۋ بەڭ بىرلە مەشغۇلۇ بىراۋ نۇش ئەيلىگەي خەشخاش،
پىسەند ئەتكەنمۇ بۇ ئىشلارنى كاپىر يا مۇسۇلمانلىق؟

بىرى بۇ ھالغا سالغان بىگۇمان بىلدۈك ئىلىمسىزلىك،
دېگەيمىز ئاڭ ئۈچۈن، ئاھ ئاڭسىزلىق، بىلىمسىزلىك،
ئەجەپكىم، قىلماق ئولدۇق پاپروس بىرلەن چىلىمسىزلىك،
ھەيا قىلماي كىچىكلەر كاتتىلەر ئەيلەپ ھەكىمسىزلىك،
بۇ يوللار ئەمدى سالدى پىكىر ئېلىن باشىگە سەرسانلىق!

دېمەكچىمەن، ئىلىم، ئاداب تۇغسۇن، فەزل ئولۇپ نادى،
ئەشۇنداق بىر ئوغۇلدىن لەززەت ئالسۇن بۇ جەھان كا ى،
ھەيا بىرلەن ئەدەپدىندۇر بۇ ئالەمنىڭ سەرەنجادى،
بىلىم شۇنداق بولاندا، يەر يۈزىدە قالمىسۇن ئامى،
بولۇر ئول ئاندە ئىنسان بىر ـ بىرىگە لۇتف ئېھسانلىق.

تەئەججۇپكىم، زەماندىن شىكۋە قىلماق بولدى ھەر ئىنسان،
قىزىقكىم باشىگە غالىپدەك ئولماقنى تىلەر يالغان،
تەپەككۇرسىز ئۆزۈڭنى قىلما ھەر بىر ئىشتا سەرگەردان،
تەكەللۇم چاغىدە ئاقىل كىشى ھېچ ئەيلىمەس خەندان،
دېمىشلەر: بارچە نىئمەتتىن لەزىزدۇر ۋەقت بىلگەنلىك.

جۇۋانمەرد بولغۇچىلەر بولغۇسى خۇش خۇلق، خۇش سۆھبەت،
تەقەززائى زەماننىڭ ھەربىرىچۈن بولمىغاي دىققەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلۇر ئىنسانىنى ئىنسان ئىلمۇ پەزلىگە قاراپ ھۆرمەت،
ئوقۇپ ئىلىم ئۆرگىنىڭ، بىكارغە ئەسلا ئۆتمىسۇن پۇرسەت،
قىلۇر ئەل ئارەزىدەك مەدھىڭىز ئۈچۈن غەزەلخانلىق.

1924- يىل، شەھرىخان.

## ئەزىز بولماس ئىدى گۈل

سولاشقان ئارەزىينىڭ زەخدە قالغان تەمبۇرىن تارى،
پەيامىن ئەۋجى ئەفلاكغە چىقارماس بولسا سىپتارى،
كاساد ئولدى دىمەك، يەكلىش ئىرۇر گەۋھەرنىڭ بازارى،
چىقار قورقماڭ، مەتائى ئىبسىلنىڭ بىر كۈن خەرىدارى،
ئەزىز بولماس ئىدى گۈل، قولغا تا سانچىلمىسا خارى.

ئانىڭچۈن شادۇ خۇررەممەن، ۋۇجۇدۇم بار ئۈچۈن سالىم،
ئەگەرچە لەززەت ئالمىش بولسا ھەم ئۈيقۇدىن ئىقبالىم،
مۇقەررەر بائىسى ئاسايىش ئولماس جەمئ ئىتەن مالىم،
بىلۇرمەن، يەر ئىسە ئالەم مۇشەۋۋەش بولمىغاي ھالىم،
نە دەپ ھەم شكۋە قىلغايمەن، پەلەك رەنج ئولسا رەپتارى.

قۇلاقنى سالماس ئۆلدۇم سۆدى يوق ھەر تۈرلى ھا ـ ھاگە،
خۇشۇم ھەم يوق، سياقىم ھەم ماتاش ئىزلەپ مۇراسەگە،
نەسىبەت يوق ئەزەلدىن ھەم رىيالىق زۇھد ـ تەقۋاگە،
زەخىرە يىغماق ئادەت قىلمادىم ئىمرۇز فەرداغە،
مۇيەسسەر بولمىغان چۈن نىمە بولغاي ئەرتەنىڭ كارى.

ياشار ھەر بارە كۆردۈك، ھۇرلۇك ئىلە قاغىيۇ قۇزغۇن،
قەپەزدە بەنت بولۇر تۇتىيۇ خۇشخان، بۇلبۇلى مەھزۇن،
مىنىڭ ھەددىم نەدۇر ھەر رەڭدە جەۋلان ئەيلىسە گەردۇن،
ئوقۇپ تارىخى ئالەمنى ئۆزۈمنى ئەيلەگۈم مەجنۇن،
ۋە لېكىن ياخشى بىلدىم، يوق ئىكەن ھەسرەتنىڭ دەركارى.

بىلۇرمىز ئىبتىبارىن، شاھ ئىكەن ئالەمدە مەزلۇمكۈش،
ئىتالگۇ ھەم، قىغىر ھەم، قارچىغاي ھەم، سىنچىلەك ھەم قۇش،
مۇشۇككە چارە تاپماس گەرچە ساچقان بولسا زىرەك ھۇش،

خەتەردىن خالى ئەرمەس ئارەزى گەر بوامسا خاموٗش،
تەمەننالانىمغاي هەر كىم دىسە گەۋهەرچە ئاشكارى.

1929 - يىل.

## نىگاھ ئەيلەگەي①

(گەۋهەر رەهموۋاغا بېغىشلىنىدوٗ)

يۈزۈڭدىن پەردە ئال، ياشلىك هەقى، بىر دەم نىگاھ ئەيلەي،
بولۇپ بۈلبۈل سۈپەت گۈلزارى ۋەسلىڭدە نەۋا ئەيلەي،
مەيى ۋەسلىڭ ئىچىپ، جاندىن كېچىپ، خوپ ئاھ - ۋاھ ئەيلەي،
گەهى يىغلاپ، گەهى خەندان ئۈرۈپ نەشئۈنەما ئەيلەي،
موٗرادىم هاسىل ئولسا، جانىڭە جانىم پىدا ئەيلەي.

پەلەك هەر كۈن بىر ئايلانماقنى ئادەت ئەتتى باشىڭدىن،
يېگى ئاي تەلىم ئالماقچى ئىمىش قايرىلما قاشىڭدىن،
نېچۈك تاقەت قىلاي ئەغيار لۈتف ئەيلەپ قاراشىڭدىن،
ئۆزۈم هەم ۋاقىپ ئولدوٗم قەتلىمە قىلغان كېڭەشىڭدىن،
تەشەككۈرلەر بىلەن تەئزىم ئېتىپ ئۆزنى رىزا ئەيلەي.

پىراقىڭ نەچچە كۈنلەردىن بىرى هوٗشوٗمنى ئاغدوٗردى،
كۆزۈڭ مەردوٗملىرى كىپرىك ئوقىن باشىمگە ياغدوٗردى،
رەقىپلەر لۈتفى ئېهسانىڭ بىلەن خوپ دەۋرلەر سۈردى،
مىنى بىمار قىلغان هەجرىڭ ئەردى، رەشكىڭ ئۆلتۈردى،
كىمە هەم ئەرز ئەيلەپ، كىمگە بارىپ ئىلتىجا ئەيلەي؟!

قېلىپمەن بۈيلە سەرسانلىقدا، جانا، ئەندى يول باشلا،
بېلىڭگە قول سالاي، نازۈك قولۈڭنى بوينىمە تاشلا،
موٗرۈۋۋەت قىل كەرەمدىن، بىر نەپەس يانىمدا يانپاشلا،
شۇ ئاندا چىقسا جانىم، ماتەمىم ئۇشلاپ، كۆزۈڭ ياشلا،
ۋەسىيەت ئورنىدا يىغلاپ، هەقىڭگە بىر دوٗئا ئەيلەي.

① بۇ شېئىردا دراماتۇرگ يەشىن، هەلىمە خانىم، گەۋهەر خانىم ۋە باشقا بىرنەچچە ئەرتىستلەر شەھەرىخانىغا بارغان ۋاقتىدا يېزىلىپ، شەهرىخانىنىڭ خوش ئاۋاز هاپىزى (ناخشىچىسى) ئابدۇللاجان مەخسۇم تەرىپىدىن ئاهاڭغا سېلىنىپ، مېهمانلارغا ئېيتىپ بېرىلگەنىدى.

(ئۆزبېكچە نەشرىنىڭ ئىزاهى)

www.uyghurkitap.com

جاھان زىبالارى بولسا سەدەپ، سەن دۇررى گەۋھەرسەن،
بۆلەكلەر بولسا يۇلدۇز، سەن ئەجەپ ماھى مۇنەۋۋەرسەن،
پەرىسەن يا مەلەك قانداق ئەجەپ غەيرى مۇكەررەرسەن،
ۋە يا بىر سىپھرىگەرسەن، سەھنەئى دىللاردا ئوينارسەن،
قاچان پۇرسەت تاپىپ، مەدھىڭنى ئارزدەك بەجا ئەيلەي.

## كەلدىم①

بۇگۈن مەن ھەم سەياھەت ئەيلەيىن بىر بار دەپ كەلدىم،
يۇرۇپ ئالەمگە ھەر يەردىن ئالاي ئەخبار دەپ كەلدىم،
قىلاي مېھنەتكەش ئورتاقلارنى خوپ ھوشيار دەپ كەلدىم،
پالاكەت پىشەدۇر ھەر كىم يۇرۇر بىكار دەپ كەلدىم،
ھەمە كولخوزچىلەر بولغانىمىكەن تەييار دەپ كەلدىم.

نەۋا بىرلەن دېگەيمەن بولدى كۆكلەم بىلدىڭىزلەرمۇ،
پىلانلارنى بىجىرمەك چارەسىنى قىلدىڭىزلەرمۇ،
رەقىپلەر كۆكلىدەك يەرلەرنى يارىپ ـ تىلدىڭىزلەرمۇ،
قەدەم شىرانە تاشلاپ، جايىڭىزدىن جىلدىڭىزلەرمۇ،
پەراسەت ئەھلى بولسۇن ئۇيقۇدىن بىدار دەپ كەلدىم.

ياۋۇتماق يانىڭىزگە دەڭگەسە، خوشياقماس ئىنسانىنى،
ئۇ يەڭلىغ بىتەمىزگە ھەيپ قىلماق لۇتفى ـ ئېھسانىنى،
ئەگەر ئاچلىقدىن ئۆلسە مەيلى، بەرمەك پارچەئى نانىنى،
تەنى سىھھەت تۇرۇپ بىر ئويلىماستىن كەزسە ھەريانىنى،
ئاڭا رەھم ئەيلىمەي، بەلكى بىرىلك ئازار، دەپ كەلدىم.

قىلىپ ۋاقتىدا خىزمەت چارلىشىپ كەلگەن بۇرادەرلەر،
ئوغۇل ـ قىز، ئەرۇ خاتۇن زوق ـ شوق ئىلە بولۇڭ ھەر بار،
ئىيلىك ئەز تەھتى دىل ئىشلەپ، ئاپارىڭ ئىسمىڭىز دەر بار،
كىيلىپ بىر بەخت ئەمدى راھەت ئەيلەپ نەغمە تىڭلاڭلار،
ئوقۇي سىزلەر ئۇچۇن «شەھناز» ئىلە «گۈليار» دەپ كەلدىم.

① بۇ شېئىر ئۆزبەكىستان خەلق ناخشىچىسى موللا تويچى شەھرىخانغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ تىلىدىن يېزىلغانىدى. (ئۆزبېكچە نەشرىنىڭ ئىزاھى).

ئاق ئالتۇن رەسمنى ئالغان پاختادۇر ئالەم ئارا مەھبۇب،
ئانىڭچۇن بارچە يەرنى پاختىكار ئەتمەك ئېرۇر مەرغۇب، ،
ھەمە مەقسۇد بولۇر ھەم پاختا ئۇچۇن ئىشلەگىنلەر خوپ،
ئوقۇپ پەن بىرلە ئىشلەك، ئاز ھەم بولسا ئالۇرسىز كۆپ،
بۇ يولدا ئارەزى ئەشئارىدۇر بىسيار دەپ كەلدىم.

## ئارزۇ

مەن ھەم ئۇيقۇدىن ئىقبالىمنى بىر بىدار ئېتەي دەيمەن،
دىلىمدە بار مەقسۇدلەرنى خوب ئىزھار ئېتەي دەيمەن،
مۇھەببەت ئەھلىدىن ھەر يەردە تاپىپ يار ئېتەي دەيمەن،
دىلدە دەردى يوق بىدارلاردىن ئار ئېتەي دەيمەن،
ئۆزۈمگە بىر رەفىقۇ يار ھەمئەسرار ئېتەي دەيمەن.

يۇرۇپ ئالەمنى ئايلانماقنى جەزم ئەتتىم خىيال ئىلە،
پىكىر ھەريانە يۈرگۈزدۇم بۇ خىل ئاشفتە ھال ئىلە،
تەبىئەت تاشكەنت بارماقنى كۆرسەتتى كەمال ئىلە،
سالامەت يەت، بولۇرسەن شادمان دەپ ياخشى پال ئىلە،
بۇ ئارزۇلەرگە غەيرەت ئەيلەمەك دەركار ئېتەي دەيمەن.

ئەجەپ خۇش بەھرى ئىكەن جەڭگاھ يەتكۇدۇم دەپ مۇرادىمگە،
كۆچۇرمەكلىك ئەسەرنى كۆندەلەك تۇرماقتا يادىمگە،
مائارىپ خادىمى — ئىلىم ئەھلى يەتكەي ئارزۇ - دادىمگە،
ئوموُمى خەلق ئۇچۇن خىزمەت شۇدۇر دەپ ئېتمادىمگە،
كۆرۇپ تەكشۇرگۇچىلەرگە باردىن ئىزھار ئېتەي دەيمەن.

قىرىپ ھەم خەستە كۆڭلۇم نەغمە ئاۋازىگەدۇر تالىپ،
بىلۇرمەن ئىشق مەشۇقنى تەننازىگەدۇر تالىپ،
پەرى رۇلەر ئاۋازىنىڭ زىب - پەردازىگەدۇر تالىپ،
مېنىڭ تەبئىم «باياتى»، «ئۇششاق»، «شەھناز»ىگەدۇر تالىپ،
ئۆزۈم ساز ئىلە ھەمئاۋاز بولۇپ «گۈليار» ئېتەي دەيمەن.

ھەمە يازغانلىرىم مەنزۇر بولسا ئەھلى دانىشكە،
كۆرۇپ باسماقۇ باستۇرماقنى لازىم تاپسا خاھىشكە،
چۇشەر تەشۋىق ئىلە تەرغىبلەر ھەر مىسرا ھەر ئىشكە،

www.uyghurkitap.com

پەراسەت ئەهلى قىممەت قويغۇسى هەر يولدا قىلمىشكە،
قالان ئۆمرۈمنى هەم شۇ يولدا خىزمەتكار ئېتەي دەيمەن.

كېتمپتۇر ۋاقىت، دەپ بىكار تۇرماقلىق هاماقەتلىك،
كىمكى خۇش تۇرادۇر ئىش بىلەن بولماقتا راهەتلىك،
يازۇگە ئىنتىلۇرمەن، بولمىسام هەمدە پەساهەتلىك،
كۆرۈنسە كۆزگە شادۇ تالىئىم قىلسا رەفاقەتلىك،
يىگىتلەرچە چىرىك جىسمىمنى بىر بېدار ئېتەي دەيمەن!

1937 - يىل.

## پاختا

مېهنەتكەش ئەلنىڭ جانى پاختا،
بەلكى هەم رەڭگىدە قانى پاختا،
دېهقانچىلىق نىشانى پاختا،
ئامبارىدا تولا دانى پاختا،
هەر يىلدىكى ئاشۇ نانى پاختا.

ئالەمگە تونۇلدى ئۆزبەكىستان،
مېهنەت ئېلى بولدى شادۇ خەندان،
شاهلەر قىلىپ ئەمدى خوپ گورىستان،
مېهنەت بىلەن ئەيلىدۇك گۈلىستان،
شۇرا بولۇپ ئاگا بانى پاختا.

پەرغاننى سەر بەلەند قىلغان،
ئەهلىنى جەهان پەسەند قىلغان،
دېهقاننى ئەرجۇمەند قىلغان،
موسكۋانى ئۆزىگە بەند قىلغان،
مەشهۇرەئىي بىگۇمانى پاختا.

باۋەر قىلمىساڭ، ئۆزۈڭ چىقىپ كۆر،
هېچ قالمىدى قۇرۇق، توقاي، شور،
ئەتراپ جەهاندا بولدى مەشهۇر،
دېهقانلىرى هەر تاماندە مەنزۇر،
شەك يوق دىسەم، ئەمدى كانى پاختا.

هەر يەردىكى بار بولسا ئىنسان،
بارىسىگە كېرەك بۇ جانان،
خاه رۇس، ئەرمەنى، مۇسۇلمان،
ئارەز كەبى قانچىلەر غەزەلخان،
كەلگۈسىنىڭ هەم فەسانى پاختا.

1934 - يىل.

## مۇرەببەئ

خۇش كۆرۈنۇر كىمسەگە بىكارلىق،
دەڭگەسەلىك بىلەن تەمەكارلىق.
بۇ خىل تىرىكلىكتىن ئۆلۈم ياخشىراق،
ئەۋۋەلى هەم ئاخىرىدۇر خارلىق.

هەر كىشىنىڭ كەسپى كى جەللاددۇر،
هەر نەچە جان قەسدىگە بېداددۇر،
كۆتمە بۇ خىل ئادەمدىن ياخشىلىق،
ئوغلىنى ئۆلتۈرسە هەم ئۇ شاددۇر.

كىمكى ئېلىپ ـ ساتماق ئېرۇر پېشەسى،

مىكرو فەرىب بولغۇسى ئەندىشىسى.
قىلسا يەنە خەلققە خىيانەتچىلىك،
تىزراق ئۈزۈلسۇن، دەڭ ئۇنىڭ رىشەسى.

هەر كىشى ئۆزىنى ئالۇرسە فىراز،
كىبىر ـ هەۋا بىرلە بولۇر خۇددى غاز،
هېچ كىمنى ئۆزى بىلە تەڭ كۆرمىگەي،
بارچە قىلۇر ئول كىشىدىن ئېھتىراز.

بادەنى كىم كەيىپى ـ سەپا دەپ ئىچەر،
خار ـ زارلىق لىباسىنى ئول پىچار،
شەرم ـ هايا بىرلە كېتەر مال ـ هال،
ئاقىبەت ئىنسانلىغىدىن هەم كېچەر.

2

ئول كىشىكىم، پىكرى ئەمەلدارلىق،
كۆڭلى تىلەر بوغز ئىلە غەددارلىق.
بولسا ئەگەر تەبئى ئادالەتپەرەست،
تالىئى قىلسۇن هەمە ۋاقىت يارلىق!

كۆڭلى ئەگەر زۇلۇمغا مايىل ئېسە،
تىلىدا قىلغان زولۇمىن ئادالەت دېسە،
باشى بىلەن كۆزىنى هۇقۇش چوقۇر،
يارى بىرىلە جىسمىنى ئىتلەر يېسە!

كىمكى رىيا بىرلە ئوقۇر كۆپ نەماز،
خەلق كۆزىدە يەنە دۇرى دەراز.
ئالداش ئۈچۈن خۇلقى بىلەن خەلقىنى،
جىسمىنى قىلماقچى جەهەننەمگە ساز.

هەر كىشى ئۆزىنى مەشەددەت بىلۇر.
ئاتا ـ ئانا، ئوغلىغا هەم دوق قىلۇر،
بارچە خەلايىق ئاڭا نەپرەتلىنۇر،
ئاقىبەت ئايالىدىن هەم ئايرىلۇر.

3

كىمسەكى كۆكنار ئىچەر، بەڭ چېكەر،
رەڭگىيۇ ئىنسانىيەتى زەڭ چېكەر.
ئالمايىن ئىبرەتنى بولۇر مۇبتەلا،
ئادەم ئېسە ئۆلگۈچە ئاتىڭ چىقار!

كىمكى ئېسە ئادەتى غەممازلىق،
سۆز توشۇماق بولسا كۆپۈ ئازلىق،
بەد كۆرىدۇر بارچە ئۇنى بەد گۇمان،
قالمىغۇسى تۇرمۇشىدا سازلىق.

هەر كىشىكىم ئەيلىسە دېھقانچىلىق.
پاك تەرەددۇدلەر ئىلە كانچىلىق،
پىكرى بىلەن غەيرەتى دۇرئەت قىلىپ،
ئاڭلىغۇچىلەرگە چىن ئىنسانچىلىق.

كىمكى دىلى بىرلە تىلى بىر ئەمەس،
هال دىلىنى سورماغىغە ئەرزىمەس،
گەرچە ئۆزىن ئاقىلۇدانا بىلۇر،
ئەقىل ئېلى ئول كىمسەنى ئادەم دېمەس.

كىمكى خاتۇننى ئىككى يا ئۈچ قىلۇر،
ئۆز دىلىدا ئىشرەتنى كۈچ قىلۇر،
لېك بولۇر بىر باشىگە ئۈچ بالا،
بارچە مۇشەققەت يولىنى فەۋج قىلۇر.

كىمسەگە يار ئولسا رەفىقە شەپىق،
پېئىلى هەم ئەتىۋارى ئېسە مۇتتەفىق،
ئول كىشىنىڭ جايىنى جەننەتتە بىل،
بولغۇسى ياۋغان ئاشى هەم سېر قەتىق.

هەر ئىككىسىن ئۆمرىنى قىلسۇن دەراز،
بىر ـ بىرىدىن ئەيلەمەگەي ئېھتىراز،
رازى بولۇپ بىر ـ بىرىدىن ئەيىش ئېتەر،
قىشلەرى هەم بولسە بەهار ئىلە ياز.

www.uyghurkitap.com

ۋاي كىشى يارىنىڭىم يارى بار،
ياكى بەد ئەخلاق پىيئلۇ ئەتۋارى بار،
ئۆلمىسە ھەم جاي جەھەننەمدەدۇر،
قايسى يىگىتكىم دىلىدە ئارى بار.

كىمسىدە پەرزەنتلەر ئىپسە ناسەزا،
بولسا بەد ئەخلاقلىققا مۇبتەلا،
قىلمىسا ئۇ پەند - نەسىھەتنى قەبۇل،
قان يۇتادۇر دائىم ئاتا يۇ ئانا.

ۋاي قايۇ ئاتاكى بىباكدۇر،
ياكى پىيانىستەئىي ناپاكدۇر،
پەزلى - ھۇنەر تاپقان ئوغۇل نەيلەسۇن،
چارە قىلالماي يۈرەكى چاكدۇر.

كىمكى خاتۇن ئالسا، يۈزى ئاي دەپ،
يا ئاتاسى ياكى ئۆزى باي دەپ،
ھالىنى كۆر ئۇشبۇ تەمەئكارنىڭ،
ئۆمرى ئۆتەر ئۆلگۈنچە «ئاي، ۋاي» دەپ.

ئارزىنىڭ مەقسۇدى بولمىش تەمام،
پىكىر قىلغۇچىلەرە ئەيلەپ سەلام!
ھەر كىشى ئۆز خاھلىغانىنى ئالۇر،
بولدى، دېبان ئەيىنى مېنىڭ مۇددەئام.

1911 - يىل، مارت

شەھەرىخان

## نەسىھەت

ئىچ بالام، پەندىمنى ئالغىل، باشقە چىققۇنچە شاخ،
غەم بىلەن ئۆمرۈڭ ئۆتۈپ تا بولماس ئەرسەڭ سەلپەياخ،
بىر نەپەس بى كەيپ يۈرمە تۇرسا باشىڭدە تاياق،
ھېچ بىر مەكتەپكە بارماي، ئەمر - پەرمانىگە باق،
بۇ سۆزۈمنى ئالمساڭ، قىلسام كېرەك ئەلبەتتە ئاق!

ياشلىقنىڭ زىينەتىدۇر، دائىما يۈر دەۋدىرەپ،
ئادەمىيەتتىن سېنى تا كىم چىقارغۇنچە كۆرەپ،
دائىما چايخانىلەردە يۈركى، ھەر خىل گەپ قۇراپ،
بول چاپان، ھەر ئۆتكۈچى زىباغا ئەرگەش قالتىراپ،
ئاس بىلىڭگە بولسا داندان ساپ پىچاغۇ ناس قاپاق.

ئىلىم-ۇ پەن ھەم دەرس ئۈچۈن ئاۋارەدۇر بىرنەچچە تەن.
ئوقۇماي، يازماي ئىپرۇرسەن خېلىدىن گەپكە چىچەن،
ھۆسنى خوبىڭ بارھالا، بارچەدىن ئالىپتەسەن،
ئوينا، كۈل، دەۋرىڭنى سۈر، دەپ كۆيگىنىمدىن ئەيتىمەن،
چىقسا ساقالىڭ بولۇرسەن كىسسە بۇر① ياكى قاراق②.

1924 - يىل. شەھەرىخان.

① كىسسە بۇر — يانچۇقچى.
② قاراق — قاراقچى.




## زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىر

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت**

تەھرىر ئىلاۋىسى:

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىر 1483 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1530 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆمەر شەيخ پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىدى. 1495 - يىلى ئاتىسى ۋاپات بولغان-دىن كېيىن، 12 ياشلىق زەھىرىددىن ئۇنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمدار بولىدى. ئۇ پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى مەركەزلەشكەن دۆلەت ئاستىدا بىرلەشتۈرۈشكە ئىنتىلەتتى. ئەپسۇسكى، مەملىكەتتە ئۇزۇن يىل داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇشلار ۋە شايبانىخان باشچىلىقىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ ھۇجۇملىرى بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى. 1504 - يىلى شايبانىخان قوشۇنى ئەندىجاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن زەھىرىددىن ئاز سانلىق قوشۇن بىلەن ئافغا-نىستانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدى. ئۇ يەردە كابۇل ۋە بەدەخشاننى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، 1526 - يىلى ھىندىستاننى ئىشغال قىلىپ، تارىختا «بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى» (1526 — 1761) نامى بىلەن مەشھۇر بولغان دۆلەتنىڭ ئاساسىنى سالدى.

بابىر مەشھۇر ھۆكۈمران بولۇپلا قالماي، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ پۈتۈن شەرقتە، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان كاتتا شائىرلاردىن بىرى. ئۇ لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ئۇلۇغ سەنئەتكار. ئۇنىڭ غەزەل ۋە رۇبائىلىرى ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقى، مەزمۇندارلىقى ۋە يۈكسەك بەدىئىلىكى بىلەن ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. بابىر شېئىرلىرى تارىخىي ۋەقە ۋە ھادىسىلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنسانىي مۇھەببەت، پاك سۆيگۈنى ئۇلۇغلاش، ۋاپادارلىق، ھىجران ۋە ئەلەملەردىن شىكايەت مەركىزى مەزمۇ-ننى تەشكىل قىلىدۇ؛ ۋەتەنگە ۋە خەلققە بولغان مۇھەببەت مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئىللەتلىرىگە، جاھالەت ۋە خۇراپاتلىققا قارشى كەسكىن كۆرەش قىلغان.

بابىر ئۆز ئۆمرىدە جاھانغا مەشھۇر بولغان قامۇس ئەسەر — «بابىرنامە» نى،

www.uyghurkitap.com



«مۇبەييەن»، «دىۋان» ناملىق شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ تۈزگەن «خەتتى بابىرىي» دەپ نام ئالغان ئېلىپبە كىتابى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ساۋات چىقىرىشنىڭ دەستۇرى بولغانىدى.

زەھىرىددىن بابىر ئۇيغۇر تارىخىدا مەشھۇر بولغان يەركەن «سەئىدىيە، خانلىقى»نىڭ سۇلتانى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېشىتخاننىڭ تاغىسى بولۇپ، ئەينى يىللاردا يەركەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقى بىلەن، بابىر شاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئافغانىستان ۋە ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە، ئۆزئارا ھەمكارلىق ناھايىتى قويۇق بولغان. جۈملىدىن شائىر ئابدۇرېشىتخان شېئىرىيەتتە بابىرنى ئۆز ئۇستازى ھېسابلىغان. بابىر ئەسەرلىرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىغا ئەنە شۇ چاغدىلا تارقالغان بولۇپ، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە نەۋائىي، خوجا ھافىز، سۇفى ئاللايار ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا بابىرنىڭ «مۇبەييەن» ۋە «دىۋان» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇھىم ئوقۇشلۇق بولۇپ كەلگەنىدى.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا 1982-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «بابىر شېئىرىيىتىدىن» ناملىق توپلامدىن بىر قىسىم غەزەللەرنى تاللاپ بەردۇق.

**1**

ياغلىغىڭكىم، جان بىلە مەن خەستەدۇرمەن زار ئاڭا،
خەستە جانلار رىشتەسىدىندۇر مەگەر بىر تار ئاڭا.
ئەۋرەلۇر باشىڭغە يۇ گاھى يۈزۈڭگە يۈز قويار،
بۇ جەھەتدىن ئوت ئېمىش گۈلپىچۇ گاھ گۈلزار ئاڭا.
بىر چەمەندۇر سەھنىكىم بولغاي بىنەپشە سەر-بەسەر،
تېگرەسى گۈلزارىدۇر كىم، بولماغاي بىر خار ئاڭا.
ياغلىغىڭ تاكىم يۈزۈ كۆزۈڭگە تەگمىش باردۇرۇر،
يۈز مېنىڭدەك زار يۈز مىڭ مەن كەبى بىمار ئاڭا.
ئەي كۆڭۈل، يۈز پارە قىلسا يار تىيغى، غەم يېمە،
لۇتف ئېتىپ گەر باغلار ئۇلسا ياغلىغىنى يار ئاڭا.
كۆڭلۈم ئىستەر ياغلىغىڭنى، بەلكىم ئاندىن بىر نەسىم
يەتسە بابىرغا، ئېرۇر جان بىرلە مىننەتدار ئاڭا.

**2**

كەلتۈرسە يۈز بەلانى ئۇشول بىۋەفا ماڭا،
كەلسۇن، ئەگەر يۈزۈمنى ئەۋۇرسەم بەلا ماڭا.
نېتكەيمەن ئول رەفىق بىلە كىم قىلۇر بەسى،

مىھرۇ ۋەفا رەقىبىغە، جەۋرۇ جەفا ماڭا.
بىگانە بولسا ئەقىل مىنى تەلبەدىن، نىتاڭ،
چۇن بولدى ئول پەرى سىفاتىم ئاشنا ماڭا.
ئاھۇ ياشىمدىن ئارتادۇرۇر زەئىف، ئەي تەبىب،
بىلدىم ياراشماس ئەمدى بۇ ئابۇ ھەۋا ماڭا.
دەردىم كۆرۇپ مۇ ئالەجەدە زايىئ ئەتمە ئۇمر،
كىم جاندا دەردى ئىشقدۇرۇر بىدەۋا ماڭا.
تا يار كىمنى ئىستەرۇ، كۆڭلىنە كىم ياقار،
تەشۋىشى بىجىھەتدۇرۇر ئاخىر ساڭا، ماڭا.
بابىر بولۇپتۇرۇر ئىكى كۆزۇم يولىدە تۆرت،
كەلسە نەبولدى قاشىمە بىر ـ بىر ماڭا ـ ماڭا.

3

چۇن مىنى قويماس فەلەك بىر لەھزە ۋەسل ئەييامىدا،
تاڭ يوق، ئەي بىمىھر، ئەگەر ئۆلسەم فىراقىڭ شامىدا.
ئەي كۆڭۈل، يۈزىن كۆرۈپ زۇلفى پەرىشانىن ساغىن،
شامى ھىجراندىن تەۋەھھۇم ئەيلە ۋەسل ئەييامىدا.
زۇلفىدە كىم مەسكەن ئەتتىڭ كۆر زەنەخدان چاھىنى،
ۋاقىف ئولغىلكىم ئىبرۇرسەن ئەجدەھانىڭ كامىدا.
غۇنچەدەك ئاغزىڭ غەمى كۆڭلۈمدە گەر يوق، بەس نى دۇر
چاك كۆڭلۈم ھەيئەتى گۇل غۇنچەسى ئەندامىدا.
يارىڭ پەيغامىدىن تاپتى تەنى فەرسۇدە جان،
ئىبسە ئەئجازى مەگەر مۇزمەردۇرۇر پەيغامىدا.
بابىر ئول گۇل زۇلفى ئاستىندا ئەمەسدۇر خاللار،
جان قۇشىن سەيد ئەيلەر ئۈچۈن دانەلەردۇر دامىدا.

4

نى كۆرەي تۇبىنى قەددى خۇش خىرامىڭ بارىدا،
نى قىلاي سۇنبۇلنى، خەتتى مۇشك فامىڭ بارىدا.
كىم خىزىر سۇيىن ئىبغىزلانغاي لەبىڭنىڭ قاشىدە،
كىم مەسىھ ئەلفازىدىن دېگەي كەلامىڭ بارىدا.
ئاشىقىڭنى دەۋلەتى ۋەسلىڭ بىلە قىل مۇھتەرەم،
ھۇسنى ئەھلى ئىچرە مۇنچە ئىھتىرامىڭ بارىدا.

www.uyghurkitap.com

بىزدىن ئايرۇ دائىم ئەل بىرلە ئىچەرسەن بادەنى،
بىزنى ھەم گاھى ساغىن شۇربى مۇدامىڭ باريدا.
ئەي كۆكۆل، گەر غەير سۆزى زەھرى قاتىلدۇر، نى غەم،
لەبلەرىدىن شەربەتى يۇھىيىلئىزامىڭ باريدا.
تەركى ناموس ئەيلەبان بەدنام بولغىل ئىشق ئارا،
كىم سىنى ئاشىق دىگەي ناموسۇ نامىڭ باريدا.
بابىر ئول گۇل كوّيىدار بۇلبۇل كەبى تاپتىڭ مەقام،
بىر نەۋائى راست قىل مۇنداق مەقامىڭ باريدا.

5

ئۆلۈم ئۇيقۇسىغە بارىپ جەھاندىن بولدۇم ئاسۇدە،
مىنى ئىستەسەڭىز، ئەي دوستلار، كۆرگەيسىز ئۇيقۇدە.
نىكىم تەقدىر بولسا، ئول بولار تەھقىق بىلگەيسىز،
ئىرۇر مەگگۇ جەدەل، رەنجۇ رىيازەت بارچە بىھۇدە.
ئۆزۈڭنى شاد تۇتقىل، غەم يىمە دۇنيا ئۇچۇن زىنھار،
كى، بىردەم غەم يىمەككە ئەرزىمەس دۇنيايى فەرسۇدە.
زەمانە ئەھلى ئىچرە، ئەي كۆكۆل، ئايا تاپىلغايمۇ،
سىنىڭدەك دەردى پەيمانۇ، مىنىڭدەك دەردى پەيمۇدە.
ئۆلۈسىدىن تىنمادىم ئۇمرۇمدە ھەرگىز، لەھزەئى، بابىر،
مەگەر ئۆلسەم بۇ ئالەم ئەھلىدىن بولغايمەن ئاسۇدە.

6

بولمادىم ئۇمرۇمدە بىردەم خاتىرى خۇررەم بىلە،
گەر ئىلىكدىن كەلسە بىردەمنى كەچۇرمەك غەم بىلە.
نىچە بولغاي يار ھىجرانىيۇ دەۋران مىھنەتى،
نەقدى ئۇمرۇم، ئاھكىم، ئۆتتى غەمۇ ماتەم بىلە.
زاھىر ئولغاي ھەر نەفەس بىر تون ساچىڭنىڭ ھەجرىدە،
ئوتلۇق ئاھىم دۇد يەكلىغ چىقسا پىچۇ خەم بىلە.
ئەي كۆكۆل، تاكىم كۆرۈپمەن ئول پەرىدىن ئىلتىفات،
ئىختىلاپ ئەتمەك ماڭا ياقماس بەنى ئادەم بىلە.
قەتئى ئىتىپ بابىر باردىن چۇن ساڭا كەلتۈردى يۈز،
ھاك ئەمەس، يەكرۈي بولسا جۇملەئى ئالەم بىلە.

7

ئۇلكى يىللار، ئايلار ئۆتكەزگەي غەمۇ ماتەم بىلە،
شادۇ خۇررەم بولماغاي نەۋرۇز ئىلە، بەيرەم بىلە.
ئۇلكى دەۋرانىنىڭ ئاياغىدىن دەمادەم قان يۇتار،
نەشئە تاپماس گەر ئىچەر هەر دەۋر جامى جەم بىلە.
دېمە، ئەي هەمدەم، دىيارۇ يار سۆزىنكىم مېنىڭ،
ئۇلغەتىم يوق ئالەم ئەهلى بىرلە، بەل ئالەم بىلە.
سەندىن ئايرۇ نەيلەگەيمەن ئېيد ئىلە نەۋرۇزنى،
ئايۇ يىل خۇشتۇر سېنىڭ بىرلە ئەگەر بولسەم بىلە.
تارتىپ ئەفغان، ئاھ ئۇرۇپ هىجراندا، بابىر، يىغلاساڭ،
نەۋهە تۈزگەي بەزمى غەم ئەهلى بۇ زېرۇ بەم بىلە.

8

خەتتىڭ ئارا ئۇزارىڭ سەبزە ئىچىندە لالە،
ئول چەشمە پۇر خۇمارىڭ لالەداغى غەزالە.
بارچە پەرىلەر، ئەي جان، گىردىڭدە زارۇ هەيران،
گويا ئېرۇر نەمايان ئاي تېگرەسىندە هالە.
مېهرۇ ۋەفانى ئەغيار، كۆپ كۆردى سەندىن، ئەي يار،
جەۋرۇ جەفانى بىسيار قىلدىڭ ماڭا هەۋالە.
هەجرىڭدە، ئەي پەرىرو، كۆزۈمدىن ئۇچتى ئۇيقۇ،
هەر كېچە تاڭغا دېگرۇ ئىشىمدۇر ئاهۇ نالە.
يۈز سەهفەسىندە خەتلەر باشىدىنكى هەر تەرەف بار،
ئىشقىڭدە بابىر ئەيلەر بۇ نەۋئى يۈز رىسالە.

9

خەتىڭ پەرۋانە كەلتۈرگەچ تىرىلدى ئۇشبۇ دېۋانە،
ئانى تىرگۈزمەك ئۇچۈن گويىيا كەلتۈردى پەرۋانە.
قۇياشتەك يۈزۈڭۇ دۇردەك تىشىڭنىڭ هەجرىدە، ئەي ئاي،
كۆزۈمنىڭ ياشىدۇر يۈز قەترەۋۇ هەر قەترە دۇردانە.
قەدىڭ كۆرسەتمەدىڭ بىر تارى ساچىڭدىن يۈبەر پىنهان،
ئىنايەت توغرى گەر يوقتۇر، نې بولدى بولسا تولغانە.
ئانىڭ ئۇمرۇڭ كۆزىدىن باردى چۇن دىنىم ئەۋى بەرباد،

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

مەنۇ، ئەي دوستلار، مۇندىن نەرى مەي بىرلە مەيخانە.
جەمالىڭ شەمئى ھەجرىدە چۇ بابىر ئۆرتەنىپ باردى،
قاچان باشىڭدىن ئەۋرۇلگەي كېلىپ پەرۋانەدەك يانە.

**10**

ساچىڭنىڭ سەۋداسى تۈشتى باشىمە باشدىن يەنە،
تىيرە بولدى رۇزىغارىم ئول قارا قاشدىن يەنە.
مەن خۇد ئول تىفلى پەرىۋەشكە كۆڭۇل بەردىم، ۋەلې
خانۇمانىم ناگەھان بۇزۇلماغاي باشدىن يەنە.
يۈز يامانلىق كۆرۈپ ئاندىن تەلبە بولدۇڭ، ئەي كۆڭۇل،
ياخشىلىغىنى كۆز تۇتارسەن ئول پەرىۋەشدىن يەنە.
تاش ئۇرار ئەتفال مېنى، ئۆيىدە فارىغ ئول پەرى،
تەلبەلەردەك قېچقىرۇرمەن ھەر زەمان تاشدىن يەنە.
ئاياغىم يەتكۈنچە بابىردەك كېتەر ئېردىم، نېتەي،
ساچىڭنىڭ سەۋداسى تۈشتى باشىمە باشدىن يەنە.

**11**

جانىمە ئوت سالدى ئول رۇخسارەئى زىبا يەنە،
كۆڭلىمە ئول زۇلفى بولدى مايەئى سەۋدا يەنە.
كۆرسەتىپ رۇخسارى زۇلفىن ئول پەرى پەيكەر ماڭا،
جانۇ كۆڭلۈمنى قىلىبدۇر نالەۋۇ شەيدا يەنە.
ياركويىنداكى تام سەنسەن ماڭا پۇشتۇ پەناھ،
سايەئى لۇتفىڭنى سال، چۇن ساڭا كەلدىم تا يەنە.
شادلىقنىيۇ فەراغەتنى قويۇپ ئاشىق بولۇپ،
مېھنەتۇ غەمنى قىلىپمەن ئۆزۈمە پەيدا يەنە.
يارگە قۇلمەن دېگەچ بابىرنى رەسۋا ئەيلەدى،
تەڭرى مەندەك بەندەسىنى قىلماسۇن رەسۋا يەنە.

**12**

كۆزۈمدە مۇتتەسىل ئول ئەگمە قاش كېرەك بولسا،
قاشىمدا كۆز يارۇغى ئول قۇياش كېرەك بولسا.
سۇجۇد ۋەقتىدە مېھراب بولماسۇن ھەرگىز،

كی، باش قویاردا ئۇشۇل ئەگمە قاش كیرەك بولسا.
ھەبىب ئىشقدە باشدىن كەچ، ئەي كۆڭۈل، یوق ئیسە،
بۇ یولغە قویما ئایاق ساڭا باش كیرەك بولسا.
قویۇپ ئایاغىغە باش، سورسا لەئلىدىن ھەر كىم،
باشىغە تۇپراقۇ ئاغزىغە تاش كیرەك بولسا.
سینىڭ بىلە باری ئەل ناخۇش ئولسا، ئەي بابىر،
نە بولغۇسی ساڭا، ئول یاری خوش كیرەك بولسا.

**13**

ئىشىگىدە باش ئۇرارمەن تەلبەلەر یەڭلىغ یۈرۈپ،
ئەي پەری یول بەر ۋىسالىڭغەكی، كەتمەي باش ئۆرۈپ.
سەرۋ قەددىڭ باردا ئۆز قەددىنی چۇن قىلدی ۋەسف،
ئوتقا یاقتی باغبان سەرۋی سیھیىن سىندۇرۇپ.
ئولتۇرۇپ ئیردی، قوپۇپ كەتمەككە چۇن ئەزم ئەیلەدی،
یەنە تىرگۈزدی مینی، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئۆلتۈرۈپ.
كۆزلىری سەید ئەیلەر ئۈچۈن تەلبە كۆڭلۈدنی مینىڭ،
قاشی یاسىنی كۆرۈپ، كىرپىك ئوقىنی تولدۇرۇپ.
تا سەبا زۇلفىنی ئول گۇلنىڭ پەرىشان ئەیلەدی،
جان بىلە ئەقلۇ كۆڭۈلنی یەلگە بەردىم ساۋۇرۇپ.
بوینۇمە زەنجىری غەم یابوغزۇمە تىغی سىتەم،
ھەرنە كەلسە ئىشق یولىدا تۇرۇپمەن تەلمۈرۈپ.
مەن بىلۈرمەن كۆزی قاتىل، لەئلی جان بەخش ئیركەنىن،
چۈنكی بابىر ھەجرىدە كۆپ یىغلادىم ئاغزىم قۇرۇپ.

**14**

كىمكی بولغاي سەن كەبی ئالەمدە دىلداری ئانىڭ،
ھەرقایان ئەزم ئەیلەسە بولغاي خۇدا یاری ئانىڭ.
كۇیىڭدىن مەن ئەزم ئیتەرمەن قالغۇدەكتۇر خاتىرىم،
خاتىرىڭنی ساقلاسا تەڭری نىگاھداری ئانىڭ.
كەلدىم ئیرسە كەلمەدی ھەرگىز ئانىڭ كۆڭلىگە رەھم،
باردىم ئەمما، بارمادی كۆڭلۈمدىن ئازاری ئانىڭ.
ئول قۇیاشدىن نەئاسىغ چەكمەك جەفاۋۇ جەۋرىكىم،
مەیلی یوقتۇر زەررەئی میھری ۋەفا ساری ئانىڭ.

بارغاي ئېردىم باش ئىلە كوۋيىگە، نەيلەي، بابىرا.
ھەرقاچان بارسام ئىشىكىگە، كېلۇر ئارى ئانىڭ.

**15**

قايسى بىر ئازارىن ئەيتاي جانىمە ئەغيارنىڭ،
قايسى بىر ئاغرىتقانىن كۆڭلۈمنى دەي دىلدارنىڭ.
قايسى بىر بىرەھلىگىنى تالېئى گۇمراھىنىڭ،
قايسى بىر كەجرەۋلىغىنى چەرخى كەجرەفتارنىڭ.
قايسى ھەسرەت بىرلە ئەرمانىن ۋەفاسىز ۋەسلىنىڭ،
قايسى مېھنەت بىرلە رەنجىن فۇرقەتى خۇنخارنىڭ.
غۇربەت ئىچرە، ئەي كۆڭۈل، ئەلدىن ۋەفا ئىستەرنى قوي،
چۇن ۋەفاسىن كۆرمەدىڭ ھەرگىز دىيارۇ يارنىڭ.
بابىر، ئول گۇل جەۋر ئېتەر، ئەغياردىن نې ياخشىلىق،
گۇلنىڭ ئازارى بۇ بولسا، ۋاھ نې بولغاي خارنىڭ.

**16**

ئۆلتۈرۈر گەرچە مېنى گۇفتارىڭ،
تىرگۈزۈر ئول لەبى شەكەر بارىڭ.
كۆيدۈرۈر ھەسرەتىدە مېنى، نېتەي،
ئاتەشىن گۇلدەك ئىككى رۇخسارىڭ.
ئەي كۆڭۈل، ياخشى ئىككى دۇنيادىن،
بىر نەزەر قىلسا ساڭا دىلدارىڭ.
خار كۆرمە غەمىن ئول ئاينىڭكىم،
بۇدۇرۇر فۇرقەتىدە غەمخارىڭ.
كەلدى تا گۇل يۈزىدە زاھىر خەت،
بابىرا، بولدى خەتتى بىزارىڭ.
خىرەدى سەبر كېلدىپ، ئەلبەتتە،
ئىشقدىن ئەمدى مېنى قۇتقارىڭ.

**17**

كۆڭۈلگە بولدى ئەجايىپ بەلا قارا ساچىڭ،
شىكەستە كۆڭلۈمە ئېرمىش قارا بەلا ساچىڭ.

مۇيەسسەر ئولدى جۇنۇن مۇلكى، ئەي جۇنۇن ئەهلى،
نىسارى ئەشكىنى ئەددى بۇ كۆن ماڭا ساچىڭ.
ساچىڭ شىكەستىدە باردۇر شىكەستە كۆڭۈللەر،
كۆڭۈللەر ئاچىلۇر، ئاچىلسا ئول قارا ساچىڭ.
ئاچىلدى كۆڭلى، چۇ ئاچتىڭ ساچىڭنى، بابىرنىڭ،
نې ئەيب ئەگەر دېسە دىلبەندۇ دىلكۇشا ساچىڭ.

18

نې چەمەندە سەرۋ بار ئول قامەتى رەئنا كەبى،
نې گۇلىستان ئىچرە گۇل بار ئول رۇخى زىبا كەبى.
نې جەفا تەۋرىدە بار دۇنيادا ئول بىمېھرىدەك،
نې ۋەفا بابىدا بار ئالەمدە مەن شەيدا كەبى.
دانەئى خالى مەسىھئاسا لەبىنىڭ ئۈستىدە،
ناتەۋان جانىمغە بولدى مايەئى سەۋدا كەبى.
ئەيلەسەم كۆيىدا مەئۋا، ئەيلەيىس جەننەتنىكىم،
بار ماڭا ئول هۇر كۆيى جەننەتۇل مەئۋا كەبى.
بەزم ئارا، ئەي دوستلار، نې مەيكى، قان ئىچمەكدۇرۇر،
ساقىئى گەر بولماسە، ئول شوخ بەزم ئارا كەبى.
مىنىسە ئەبرەش ئول قۇياش، كۆيمەي نېتەيكىم، بابىرا،
مېنى كۆيدۇرمەككە يەلدۇر مەركەب، ئوتدۇر راكىبى.

19

شۇكرلىللاھ، ئەيمش يۇزلەندىيۇ مېھنەت قالمادى،
يەتتى ئەيىيامۇ ۋىسالۇ شاھى فۇرقەت قالمادى.
يۇزلەنىپ ئەمنۇ فىراغەت غۇسسەۋۇ غەم بىر دى دەفئە،
ئەيشۇ ئىشرەت قىلدىيۇ رەنجۇ مۇشەققەت قالمادى.
مېھنەتۇ هىجرانىكى، ئاندىن چاك ـ چاك ئېردى كۆڭۈل،
بولدى راھەتقە مۇبەددەل، ئول جەراھەت قالمادى.
مۇرتەفىئ بولغاندا هىجران، كەل تەۋەققۇف قىلما كىم،
ئىنتىزارىڭنى چېكەرگە ئۆزگە تاقەت قالمادى.
ۋەسلىگە يەتكۈزدى دەۋران ئاقىبەت بابىرنى شۇكر،
ئەمدى دەۋراندىن ماڭا ئەسلا شىكايەت قالمادى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 20

ياز بولدىيۇ بولدى يەنە جەننەت كەبى يازى،
خۇش ئۇل كىشكىم ئەيش ئىلە ئۆتكەي قىشۇ يازى.
دۇتارە ئۈنى ئەيشۇ فەراغەتنى بېرۇر ياد،
مۇترىبغە قۇلاق تۇتكى، نې دەر نەغمەدە سازى.
چۇن قىبلەم ئېرۇر يار، قىلاي قاشىدە سەجدە،
ناسىھ سۆزىنى نەيلەي، ئەمەس سۆزى نەمازى.
بۇ تەلبەۋۇ مەدھۇشۇ دىلۇ جانغە نې خۇشدۇر،
گەھ قەھرۇ ئىتابە بىلە، گەھ ئىشۋەيۇ نازى.
تۇت مۇغتەنەم ئۇل يارنى، بابىركى جەھاندە،
مەھمۇد كىم ئېردى، نې كىشى ئېردى ئايازى.

## 21

كۆرمەگەي ئېردىم جەمالى ئالەمئارا كاشكى،
بولماغاي ئېردىم بارى ئالەمغە رەسۋا كاشكى.
ئىشق باغىنىڭ نىهالى غەم، بارى ھىرمان ئىمىش،
قىلماغاي ئېردىم بۇ گۇلشەننى تەماشا كاشكى.
قىلماغاي ئېردى كۆڭۈل ئىشقىن ھەۋەس، بەل تىلگە ھەم،
كەچمەگەي ئېردى ئانىڭدەك لەفزى ئەسلا كاشكى.
قاشى يالار كويىدا ئۇمرى شەرىف ئەتكۇنچە سەرف،
قىلغاي ئېردىم مەسجىدۇ مېھراب ئارا جا كاشكى.
ئىختىيار ئەت ئۆزگە ئىش، بابىركى، ھاسىل بولماغاي،
ئىشقى ۋەسلۇ ئەيش ئىلە ئىشرەتدىن ئىللا كاشكى.

## 22

قەدى شاخى گۇلدەك نىگارىم قەنى،
لەبى غۇنچەدەك گۇلئۇزارىم قەنى؟
نې تاڭ، يۈز نىگار ئۆلسە قان-ياش بىلە،
كى ئۇل يۈزى گۇل، ياش نىگارىم قەنى؟
قارا كېچەلەردە كۆزۈم يارۇتۇر،
ئۇ شۇل شەمئى شەبهايى تارىم قەنى؟
يارىم كېچەلەر كېلۇر ئېردى بۇرۇن،

بۇ تۇن كەلمىدى، ئاھ، يارىم قەنى؟
دېمەك تەركى ئىشقنى قىل ئىختىيار،
بۇ ئىشتا مېنىڭ ئىختىيارىم قەنى؟
فىراقىدا كۆڭلۈمنى قان ئەيلەسەڭ،
ساڭا بولغاي ئۇل بىقەرارىم قەنى؟

**23**

گاھى ساغىن، نې بولدى، زارلارنى،
ئۇنۇتماغىل بۇرۇنقى يارلارنى.
سېنى كۆرمەي يىراقدىن زار بولدۇم،
بىرەر ياد ئەد يىراقدىن زارلارنى.
يۈزۈڭدىن ئايرۇ مەن خار، ئەي ئەزىزىم،
كىشى گۈلدىن ئايىرماس خارلارنى.
كۆزۈڭ بىمارىمەن مەندىن يۇمۇپ كۆز،
يەنە ئاغرىتماغىل بىمارلارنى.
ساڭا كۆڭلۈمنى ئالدۇردۇم جىھاندە،
كۆرۈپمەن گەرچە كۆپ دىلدارلارنى.
ساڭا بىر يول ئېتەر فىكرىدەدۇرمەن،
ئۇنۇتما بىر يولى ئەفگارلارنى.
سېھىي قەدلەرغە، بابىر، ئاشىق ئولساڭ،
بۇرۇنراق كۆزلەگەيسەن دارلارنى.

**24**

شامى ھىجرانىن ماڭا ئۇل بىۋەفا كۆرسەتمەگەي،
ھەجر شامى ئەسرۇ مۇھلىكدۇر، خۇدا كۆرسەتمەگەي.
ئۇل قارا كۆز ھەجرىدە تۈندەك قارايدى كۈندۈزۈم،
يارەب، ئانداق كۈننى ئۇل كۆزى قارا كۆرسەتمەگەي.
ۋەئدە ئەيلەپ ۋەسل، كۆرسەتكەي نېچە جانىمغە ھەجر،
نېچە كۆڭلۈمگە جەفا قىلغاي، ۋەفا كۆرسەتمەگەي.
ئىشق ئىستەر بولسا مەجنۇن ئەيلەگەي پەيرەۋلىغىم،
يولنى نې بىلگەي كىشى، تارەھنەما كۆرسەتمەگەي.
ئاچماغاي كۆزىنى، تا سۆكمەككە ئاغزىن ئاچماغاي،
يۈزىنى كۆرسەتمەگەي، تا يۈز جەفا كۆرسەتمەگەي.

www.uyghurkitap.com

ئۈچقۇدەكدۇر جان قۇشى ھىجراندا بابىر ئاھىدىن،
كەل پەرى، تەئجىل ئىلە، جانىم ھەۋا كۆرسەتمەگەي.

25

بىر پەرى مەن تەلبەنى ھۇسنىگە مايىل قىلغۇدەك،
كۆزۈم ئىچرە يەر تۇتۇپ، كۆڭلۈمدە مەنزىل قىلغۇدەك.
كوڭلۈمىزگە جەۋرى بىھەد قىلدى ئول نامېھرىبان.
جانىمە يۈزمىڭ غەمۇ مېھنەتنى ھاسىل قىلغۇدەك.
ناتەۋان كۆڭلۈمگە ئىشقى قايغۇنى كەلتۈرگىدەك،
ئەيشۇ ئىشرەتنى كۆڭۈلدىن قايغۇرۇر ئەل قىلغۇدەك.
قىلمادى فەرھادۇ مەجنۇن ئۆزنى رەسۋا مەن كەبى،
كىم، بۇ نەۋئ ئىش ئىش ئەمەسدۇر ھېچ ئاقىل قىلغۇدەك.
ئول پەرى ئىشقىدە بابىر جان بېرىپ، ئەي ئەھلى ئىشق،
ئىشقى ئەتۋارىنى ئىشق ئەھلىگە مۇشكىل قىلغۇدەك.

26

نې خۇش بولغايكى بىر كۈن ئۇيقۇلۇق بەختىمنى ئويغاتسام،
كېچەلەر تارى مويىدەك بېلىگە چىرماشىپ ياتسام،
گەھى گۈلدەك يۈزىنى ئول شەكەر سۆزلۈكنى ئىسلەسەم،
گەھى شەككەر كەبى ئول يۈزى گۈلنىڭ لەئلىدىن تاتسام.
قەنى شىرىن بىلە لەيلىكى، سەندىن ناز ئۆرگەنسە،
قەنى فەرھادۇ مەجنۇنكىم، ئۇلارغە ئىشق ئۆرگەتسەم.
يارۇق كۈندۈز، قارانغۇ كېچىدە ئەنجۇم كەبى بولغاي،
چېكىپ گەرئاھ دۇدىنى كۆڭۈل ئوتىنى تۇتراتسام.
كۆزۈم رەۋشەنلىغىدە بولغاي، ئەي بابىر، بەسى كەملىك،
ئەگەر قاشى بىلەن يۈزىن ھىلالۇ كۈنگە ئوخشاتسام.

27

جانىمدىن ئۆزگە يارى ۋەفادار تاپمادىم،
كۆڭلۈمدىن ئۆزگە مەھرەمى ئەسرار تاپمادىم.
جانىمدىن ئۆزگە جاننى دىلئەفكار كۆرمەدىم،
كۆڭلۈم كەبى كۆڭۈلنى گىرىفتار تاپمادىم.

ئۆسرۆك كۆزىگە تاكى كۆڭۆل بولدى مۆبتەلا،
هەرگىز بۆ تەلبىنى يەنە هۆشيار تاپمادىم.
ناچار فۆرقەتى بىلە خۆي ئەتمىشەم، نىپتەي،
چۆن ۋەسلىگە ئۆزۆنى سەزاۋار تاپمادىم.
بارى باراي ئىشكىگە بۆ نەۋبەت، ئەي كۆڭۆل،
نەچىكى بارىپ ئىشكىگە بار تاپمادىم.
بابىر ئۆزۆڭنى ئۆرگەتەكۆر يارسىزكى، مەن
ئىستەپ جەهاننى مۆنچە قىلىپ يار تاپمادىم.

**28**

غەير تاشى زەخمىدىن دەردىنى ئىزهار ئەتمەدىم،
ئىچتەكى پىنهان غەمىم تاشدىن نەمۆدار ئەتمەدىم.
قاندىن ئەلگە يايدى تىفلى ئەشك سىررىمنى مېنىڭ،
چۆنكى مەن ئول ياشنى هەرگىز ساهىب ئەسرار ئەتمەدىم.
كەلمەدى كۆڭلۆمگە ئىشقىنىڭ سۆررۆرى دەۋلەتى،
تا كۆڭۆلنى مېهنەتۆ غەمگە سەزاۋار ئەتمەدىم.
يۆزى خۆرشىدى، تىشى دۆررىدىن ئايرۆ جىسمىدە.
قالمادى بىر زەررە ئەركىم، تىشدىن ئەفگار ئەتمەدىم.
تالېئىمدىن نې ئاسىغ، بابىر، فىغانۆ نالەكى،
ئۆيقۆلۆق بەختىمنى بۆ ئۆن بىرلە بىدار ئەتمەدىم.

**29**

خەزان ياپراغى يەڭلىغ گۆل يۆزۆڭ هەجرىدە سارغاردىم،
كۆرۆپ رەهم ئەيلەگىل، ئەي لالەرۆخ، بۆ چېهرەئى زەردىم.
سەن ئەي گۆل، قويمادىڭ سەركەشلىگىڭنى سەرۋىدەك هەرگىز،
ئاياغىڭە تۆشۆپ بەرگى خەزاندەك بۆنچە يالبارديم.
لەتافەت گۆلشەنىدە گۆل كەبى سەبزى خۆررەم قال،
مەن ئەرچە دەهرى باغىدىن خەزان ياپراغىدەك باردىم.
خەزاندەك قان-ياشىم، سارىغ يۆزۆمدىن ئەل تەنەففۆردە،
بە هەر رەنگى، بىهەمدىللاه، ئۆلۆسدىن ئۆزنى قۆتقاردىم.
نە تالېئدۆر ماڭاكىم ئەختەرى بەختىم تاپىلمايدۆر،
فەلەك ئەۋراقىنى هەر نېچەكىم دەپتەردەك ئاختاردىم.
ئۆلۆسنىڭ تەئنە تەئرىفى ماڭا، بابىر، بەرابەردۆر،

بۇ ئالەمدە ئۆزۈمنى چۈن يامان ـ ياخشىدىن ئۆتكەردىم.

30

سىنىڭ ئىشقىڭدە، ئەي نامېھرىبان، بىخانۇمان بولدۇم،
دېمەن بىخانۇمان، ئەۋۋارەئى ئىككى جەھان بولدۇم.
لەبىڭ گەر بەرمەسە بۇسە نېچۈك جان ئىلتە ئالغايمەن،
بۇ يولدا كىم ئىدەم سەھراسىغە ئەمدى رەۋان بولدۇم.
سوروپ ئول ئاي لەبىدىن ئاغزىنىڭ رەمزىنى ئاڭلادىم،
بىر ئاغىز سۆز بىلە كۆرۈڭكى، مۇنچە خوردەدان بولدۇم
نېچە كىم قاشى يالار ئىشقىدە تۈزلۈكنى كۆرسەتتىم،
ۋەلى ئاخىر مەلامەت ئوقلارىغە ئوق نىشان بولدۇم.
كۆلەر ئېردىم بۇرۇن فەرھادى مىسكىن داستانىغە،
بۇ شىرىندۇركى ئانىڭ بىرلە ئوق ھەم داستان بولدۇم.
ۋىسالىڭ دەۋلەتىغە يەتمەسەم بابىر كەبى، نېتاڭ،
كى ھەجرىڭ مېھنەتىدە ئەسرۇ زارۇ ناتەۋان بولدۇم.

31

يەنە كۆز ئۆيىدە مەئۋا قىلىپسەن،
كۆڭۈل كاشانەسىدە جا قىلىپسەن.
يەنە سەۋدايى زۇلفۇڭدىن، نىگارا،
مېنى ئاشۇفتەۋۇ شەيدا قىلىپسەن.
غەمىڭ يوق، جان ئەگەر بەرسەم غەمىڭدە،
ئۆزۈڭنى مۇنچە بىپەرۋا قىلىپسەن.
قاشىڭدىن مېنى ئوقتەك تاشلار ئۈچۈن،
يېڭى ئايدەك قاشىڭنى يا قىلىپسەن.
كۆزۈمدىن ياشۇرۇپ، ئەي بەھرى ئەلتاف،
كۆزۈمنىڭ ياشىنى دەريا قىلىپسەن.
ساغىنماس جىدىن تۇل مەئۋانى بابىر،
ئانىڭ كۆڭلىدە تا مەئۋا قىلىپسەن.

32

نېچە ھۆسن ئەھلىدىن، مەھزۇن كۆڭۈل، ئازار تاپقايسەن،
نېچە گۈل چېھرەلەردىن باغرىڭ ئىچرە خار تاپقايسەن.

www.uyghurkitap.com

نىچە ئىشقۇ فىراقۇ رەھىمسىز ئىغيار ئىلكىدىن،
ئۆزۈڭنى خارۇ، جاننى زارۇ كۆز خۇنبار تاپقايسەن.
نەچە مەقدۇر بار، نىچە ئانىڭ رەئىيچە بارغايسەن،
نىچە بارغانچە سەن ئۆزۈڭنى بىمىقدار تاپقايسەن.
تەنىمغە نەچچىكىم نەززارە قىلساڭ، داغ كۆرگەيسەن،
كۆڭۈلدە ھەر نەچىكىم ئىستەسەڭ، ئازار تاپقايسەن.
بۇ مەھۋەشلەرغە كۆڭۈل بەرمەگىلكىم، ئاسراي ئالماسلار،
كۆڭۈلنى ئاسراغىل، بولغايكى، بىر دىلدار تاپقايسەن.

33

تەكەللۇف ھەر نەچە سۈرەتتە بولسا، ئاندىن ئارتۇقسەن،
سىنى جان دەرلەر، ئەمما بىتەكەللۇف جاندىن ئارتۇقسەن.
پەرىنىڭ ھۆسنى ئىچرە ئاتى ... بىنىھا يەتدۇر،
مىنى دىۋانە قاشىدە ۋەلىكىن ئاندىن ئارتۇقسەن.
پەرى بۇ ھۆسن بىرلە كۆرسە يۈزۈڭنى بولۇر تەلبە،
سىنى تەئرىف ئىتەر، لىكىن سىفەت قىلغاندىن ئارتۇقسەن.
قەدەم رەنجىدە قىل كۆڭلۈم ئۈچۈن، ئەي يارىنىڭ ئوقى،
مىنىڭ بۇ ناتەۋان كۆڭلۈمگە چۈن دەرماندىن ئارتۇقسەن.
ئىقامەت چۈنكى قىلدىڭ، بابىرا، ئول ھۇر كويىدا،
مەقامىڭ رەۋزەدىن ئەۋلا، ئۆزۈڭ رىزۋاندىن ئارتۇقسەن.

34

شاخى گۈلۇ نەستەرەن ياد بىرۇر بويىدىن،
ئەتىرنى مۈشكى خوتەن كەسب قىلۇر مويىدىن.
رەۋزەغە گەر يەتكىمەن، ئانىسىز نە ئىتكىمەن،
مۈمكىن ئەمەس كەتكىمەن، ئول قارا كۆز كويىدىن.
گۈل يۈزىدىن مۈنفەئىل سەرۋ قەدىدىن خىجىل،
رەڭ ئالۇرلەر مۈتتەسىل لالەۋۇ گۈل رويىدىن.
جانغە قىلۇر يۈزسىتەم، كۆڭلۈمە يۈز ئانچە ھەم،
كۆز ئاقىرار جۈيى غەم، شوخ بەلا جۈيىدىن.
گەرچە قىلۇر يۈز كەرەم، ۋەسلى ئىتەر مۈھتەرەم،
لىك بىسى قورقارەم بابىر ئانىڭ خۈيىدىن.

www.uyghurkitap.com



35

بۇ يەگىلىغ بىلسەم ئېردى ھەجرىنىڭ مۇھلىك قارا شامىن،
بېرۇرمۇ ئېردىم ئۈلگۈنچە ئىلىگدىن ۋەسل ئىدىيامىن؟
جەھاندە ئەيشۇ ئىشرەتدىن كۆڭۈل ئارام تاپقايمۇ،
كىشى تا كۆرمەگۈنچە ياندا مەھۋەش دىلئارامىن؟
كۆڭۈلدە ھەسرەتى ئول ئاينىڭ ئاغزىنىڭ چۇ بىھەددۇر،
كۆڭۈل گوياكى مۇنددىندۇر تۇتۇبدۇر غۇنچە ئەندامىن.
مەسىھە ئەنفاسى يەگىلىغ جان بېرۇر فەرسۇدە جىسمىمغە،
سەبا كەلتۇرسە ناگاھ ھەجر ئارا ئول يار پەيغامىن.
مۇۋافىق، يارلار بىرلە بۇ دەۋنى خۇش كەچۇر، بابىر،
نې ئۈچۈنكىم كېلۇر دەمگە بۇلا ئالماس كىشى زامىن.

36

سەندىن نەفەسى مۇراد تاپمان،
ئىشقىڭدا كۆڭۈلنى شاد تاپمان.
ئىشق ئەھلىغە ئىلتىفات كۆرمەن،
ھۆسن ئەھلىدە ئېئتىقاد تاپمان.
قىلسام ساڭا ھەر نەچە تەزەللۇم،
فەريادۇ فىغانىكى، داد تاپمان.
فەريادكى، دېيەرگە ئىشق رازىن،
بىر كىشىنى ئېئتىماد تاپمان.
قاشىڭ غەمى شەرھىنى يازارغە،
كۆز قاراسىدىن مىداد تاپمان.
مەن بۇندا جۇز ئىنقىياد بىلمان،
سەندە شاھدە جۇز ئىناد تاپمان.

37

تىشىڭ دۇرر، لەبىڭ مارجان، خەدىڭ گۇل، خەتىڭ رەيھان،
يۈزۈڭ ھۇر، ساچىڭ ئەنبەر، سۆزۈڭ مۇل، ئېڭىڭ ئېينان.
تەفاخۇر كۆزۈم، كۆڭلۈم قىلۇرلەر، مەگەر باردۇر،
كۆزۈڭگە كۆڭۈل ۋالە، يۈزۈڭگە كۆزۈم ھەيران.
تەفەككۇر نەچە قىلسام تاپىلماس سىنىڭ مىسلىڭ،

پەرىدەك سىنى كۆردۇم، ئەمەسسەن مەگەر ئىنسان.
بەلادۇر ماڭا ھەجرىڭ، دەۋادۇر ماڭا ۋەسلىڭ،
ئىتابىڭ ماڭا ئافەت، ھەدىسىڭ ماڭا دەرمان.
چۇ بابىر ساڭا قۇلدۇر، نەزەرقىل ئاڭا زىنھار،
تاپىلماس يەنە بىر قۇل ئانىڭدەك ساڭا، ئەي جان

**38**

بۇ كېچە كۇلبەمغە كەلدى ئول قۇياشىم ياشۇرۇن،
قەرىنلەردە كەلمەدى ھەرگىز مۇنىڭدەك كەچقۇرۇن.
ئاغزىدەك تار فۇرسەتى ۋەسلىڭ ھەم ھەجرى يولى،
ئول مۇئەنبەر ساچى يەڭلىغ ھەم قارانغۇ ھەم ئۇزۇن.
تا خىيالى ئارەزىڭ تۈشدى كۆڭۈلگە، ئەي قۇياش،
بولدى كۆڭلۈم بىر يانار ئوتتۇ سۆڭەكلەرىم ئوتۇن.
بولدى كۆڭلۈمدە گىرىھ ھەسرەت ئانىڭ تار ئاغزىدىن،
بار مەگەر جىسمىم مېنىڭ تارۇ كۆڭۈل ئاندا تۈگۈن.
ئالغالى جانىمنى ھىجرانىغە ھاۋالە قىلدى يار،
قويمە ھىجرانغا ئەجەل، جانىمنى ئال تەڭرى ئۈچۈن.
سەرۋىدەك قەددى فىراقىدە فىغانىمدۇر بەلەند،
گۇل كەبى رۇخسارى ھەجرىدە ياشىمدۇر لالەگۇن.
ئىشق ئىلە دېۋانەلىكدە بولمىشەم ساھىبكە مال،
ئىشق ئەھلى ئەمدى بابىرنى دېگەيسىز زۇفۇنۇن.

**39**

ئىشق ئېلىنىڭ ئاھىدىن ئول سەرۋ قەد خەم بولماسۇن،
غەم ئېلىدىن ئول مۇئەنبەر زۇلفى دەرھەم بولماسۇن.
دەھرى دۇندىن تەگمەسۇن ئازار نازۇك جىسمىگە،
دەھر ئەھلىدىن مۇبارەك كۆڭلۈگە غەم بولماسۇن.
كۆپ جەفاۋۇ جەۋر كۆردۇم، ئەي قۇياش ھەجرىڭ كۈنى،
باشىمىزدىن سايەئى سەرۋى قەددىڭ كەم بولماسۇن.
ئالەم ئەھلى بىرلە ئالەمدىن ماڭا سەنسىن غەرەز،
زاتى پاكىڭ بولماسا، ئالەمدە ئادەم بولماسۇن.
گەر ھەۋادارىم ئېرۇرسەن، ئەي سەبا، ئەرز ئەيلەگىم،
ئول يۈزى گۇل سەرۋ ھەر خەس بىرلە ھەمدەم بولماسۇن.

www.uyghurkitap.com

گەرچە ئاشق لازىمى ئالەمدە رەسۋالىقدۇرۇر،
ئىشق ئارا بابىر كەبى رەسۋايى ئالەم بولماسۇن.

40

يەڭى ئاي يەر يۈزى بىرلە كۆرۈپ ئول شاد بەيرەملەر،
ماڭا يۈزۈ قاشىڭدىن ئايرۇ بەيرەم ئايىدە غەملەر.
مېنىڭ بۇ تارى مو يەڭلىغ تەنىمغە تابلار سالدى،
ئول ئايىنىڭ يۈزىدە سۇنبۇل كەبى زۇلفىدەغى خەملەر.
ھەۋاغە دۇدى ئاھىم تۇتراتۇر ئىشق ئەھلى غەيرەتىدىن،
سەبا تەھرىكىدىن ھەرگاھ فەرشان بولسا پەرچەملەر.
ئاچىلدى زۇلفىيۇ خەيلەر نەمۇدار ئولدى يۈزىندە،
گۈل ئۈزرە چۈن بولۇر پەيدا كېچە ئاچىلسا شەبنەملەر.
مەنۇ غەم كۇنجىيۇ ئاھۇ فىغانۇ ئەشكى خۇنئالۇد،
نە خۇشدۇر گۇشەئى ھالى، مەيى سافىيۇ ھەمدەملەر.
كۆڭۈلنى ئىشق بۇزدى، نە ئاسىغ پەندۇ نەسھەتدىن،
مېنىڭ مەجرۇھ كۆڭلۈمگە ياراشماس ئۇشبۇ مەرھەملەر.
يۈزى نەۋرۇزى، ۋەسلى ئىيدىنى بابىر غەنىمەت تۇت،
كى، مۇندىن ياخشى بولماس بولسا يۈز نەۋرۇزۇ بەيرەملەر.

41

قارا زۇلفۇڭ فىراقىدە پەرىشان رۇزغارىم بار،
يۈزۈڭنۈڭ ئىشتىياقىدە نې سەبرۇ نې قەرارىم بار.
لەبىڭ باغرىمنى قان قىلدى، كۆزۈمدىن قان رەۋان قىلدى،
نېگە ھالىم يامان قىلدى، مەن ئاندىن بىر سورارىم بار.
جەھاندىن ماڭا غەم بولسا، ئۇلۇسدىن گەر ئەلەم بولسا،
نې غەم يۈز مۇنچە ھەم بولسا، سېنىڭدەك غەمگۇسارىم بار.
ئەگەر مۇسلىھە مەن، ئەرمۇفسد ۋەگەر ئاشقمەن، ئەر ئابىد،
نە ئىشىڭ بار سېنىڭ، زاھىد، مېنىڭكى ئىختىيارىم بار.
فىغانىم ئاشتى بۇلبۇلدىن، غەمى يوق زەررە بۇ قۇلدىن،
بىسى، بابىر، ئۇشۇل گۇلدىن، كۆڭۈلدە خارخارىم بار.

42

بەھار ئەييامىدۇر داغى يىگىتلىكنىڭ ئەۋانىدۇر،
كېتۈر ساقى، شەرابى نابكىم، ئىشرەت زەمانىدۇر.

گەهی سەهرا ئۇزارى لالە شەكلىدىن ئىرۇر گۇلگۇن،
گەهی سەهنی چەمەنگۇل چېھرەسىدىن ئەرغۇۋانىدۇر.
يەنە سەهنی چەمەن بولدى مۇنەققەش رەنگى گۇللەردىن،
مەگەركىم سۇنئىنىڭ نەققاشىغە رەڭ ئىمتىھانىدۇر.
يۈزۈڭ، ئەي سەرۋ، جانىم گۇلشەنىنىڭ تازە گۇلزارى،
قەدىڭ، ئەي گۇل، ھەياتىم باغىنىڭ سەرۋى رەۋانىدۇر.
نەيەردە بولساڭ ئەي گۇل، ئاندادۇر چۈن جانى بابۇرنىڭ،
غەرىبىڭغە تەرەھھۇم ئەيلەگىلكىم، ئاندا جانىدۇر.

44

ئەگەرچە سەنسىزىن سەبرى ئەيلەمەك، ئەي يار، مۇشكۇلدۇر،
سېنىڭ بىرلە چىقىشماقلىق داغى بىسيار مۇشكۇلدۇر.
مىجەزىڭ نازۇكۇ سەن تۇند، مەن بىر بىئەدەب تەلبە،
ساڭا ھالىمنى قىلماق، ئەي پەرى، ئىزھار مۇشكۇلدۇر.
نە ئاسىغ نالەۋۇ فەرياد خابئالۇد بەختىمدىن،
بۇ ئۈزنلەر بىرلە چۈن قىلماق ئانى بىدار مۇشكۇلدۇر.
ماڭا ئاساندۇرۇر بولسا ئەگەر يۈزمىڭ تۈمەن دۈشمەن،
ۋەلې بولماق جەھاندا، ئەي كۆڭۈل، بىيار مۇشكۈلدۇر.
ۋىسالىڭكىم تىلەرسەن، نازىنى خۇش تارتقىل، بابۇر،
كى ئالەم باغىدە تاپماق گۇلى بىخار مۇشكۇلدۇر.

44

كۆك ۋۇسمەدە ئول ئاي قاشى گويا خەيالدۇر،
يا ئاي باشىدا كۆكتە كۆرۈنگەن ھىلالدۇر.
نې نەۋئى ئوخشاسۇن يۈزىگە ئافتابكىم،
ئاينىڭ زەۋالى باردۇرۇ بۇ بىزە ۋالدۇر.
ئاغزىيۇ ئىككى زۇلفى قەدى بولماسا ماڭا،
رەيھانۇسەرۋۇ غۇنچە كۆرەردىن مەلالدۇر.
ئۇششاق ئاھى يەلىدىن ئاسىب تەگمەسۇن،
قەددىڭكى ھۆسن باغىدە نازۇك نىھالدۇر.
كۆڭلۈمگە دەرد كەلگەلى خەم بولدى قامەتىم،
قەددىم مەگەركى دەرد يانىدەغى «دال» دۇر.
گەرچە ۋەفايۇ مېھرىنى بىلمەس مېنىڭ ئايىم،
لېكىن جەفاۋۇ جەۋرىدە ساھىبى كەمالدۇر.

www.uyghurkitap.com

ھەر نەچە بىئنايەت ئېسە يار، بابىر،
سەن قويما خىزمەتىڭنىيۇ ئانى ئۇيالدۇر.

45

مېنىڭ كۆڭلۈمكى، گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك تەھ-بەتەھ قاندۇر،
ئەگەر يۈزىمىڭ بەھار ئولسا، ئاچىلماغى نې ئىمكاندۇر.
ئەگەر ئول قاشى ياسىز باغ گەشتىن ئارزۇ قىلسام،
كۆزۈمگە ئوقدۇرۇر سەرۋۇ كۆڭۈلگە غۇنچە پەيكاندۇر.
بەھارۇ باغ سەيرىن نې قىلايكىم دىلىستانىمنىڭ،
يۈزى گۈل، زۇلفى سۇنبۇل، قامەتى سەرۋى خىراماندۇر.
ۋىسالى لەززەتىدىن رۇھ تاپماقلىق ئېرۇر دۇشۋار،
فىراقى شىددەتىدە يوقسە جان بەرمەكلىك ئاساندۇر.
باشىدىن ئەۋرۈلۈر ئەرمانى بىرلە ئۆلدۇم، ئەي بابىر،
مېنىڭ نەئشىمنى بارى ئول پەرى كويىدىن ئايلاندۇر.

46

مەندىن ئۆزگە خەستەلەرغە لەئلىدىن دەرمان بېرۇر،
مەن بېرۇرمەن جانۇ ئول ئۇمر ئۆزگەلەرگە جان بېرۇر.
ئاشىقىمەن، ئول قىلۇر ئەغيارغە مەھبۇبلۇق،
دەردمەندمەن ۋەلى ئول ئۆزگەگە دەرمان بېرۇر.
ئوقىدا پەيكان ئەمەس بىر قەترە ھەيۋان سۇيىدۇر،
يەتكەچ ئوق جانسىز تەنىمغە جان ئۇشول پەيكان بېرۇر.
قان ياشىمنى ھەجرىدە، شېئرىمنى ۋەسفىدە كۆرۈڭ،
كىم بۇ يەڭلىغ دۇررۇ گەۋھەر قايسى بەھرۇ كان بېرۇر
بولغالى قەددىغە مايىل ۋەسلىدىن مەھرۇمەن،
بابىرا، ئول ھۆسن ۋەسلى بار مەگەر ھىرمان بېرۇر.

47

يۈزىدە ئول لەبى خەندان كۆرۈنۈر،
سۇتكە كۆپ باقسا بەلى قان كۆرۈنۈر.
خەتتى مۇشكىنمۇدۇرۇر گۈل يۈزىدە
يا سومەن ئۈستىدە رەيھان كۆرۈنۈر.

كۆرمەگەي خاتىرىنى جەمئ ئۆزگە،
كىمگە ئول زۇلفى پەرىشان كۆرۇنۇر.
ئىشقنى ئەل نە خىيال ئەيلەبدۇرۇر،
ئەسرۇ مۇشكىلدۇرۇر ئاسان كۆرۇنۇر.
سەرۋى بويلۇق سەنەمىلك، ئەي بابىر،
راست ئەيتاي سۆزى يالغان كۆرۇنۇر.

47

كۆڭلۈمنى چۇ ئول پەرى ئالىپتۇر،
دىۋانە بولۇرغە نې قالىپتۇر.
بىدىل ئىكىدنىمنى ئەددى بىلگەي،
چۇن بىر كىشى كۆڭلىنى ئالىپتۇر.
كۆڭلۇ نى ئالىپ تەغافۇلنى كۆر،
بىلمەستە ئۆزىنى نە سالىپتۇر.
زۇلفۇڭ چىرىكىنى يىغكى جەمئى،
بۇ فىتنەدىن ئەسرۇ قوزغالىپتۇر.
بابىر، نەچە كۇن كۆڭۇلنى خۇش تۇت،
بۇ ئالەم ئىشى چۇ مۇنقەلىبتۇر.

40

نېچە دەۋران غۇسسەسى بولغاي مېنىڭ جانىمغە خاس،
كاشكى ئۆلچەم داغى بۇ غۇسسەدىن بولسام خەلاس.
ئاھۇ ۋاۋەيلا سۇرۇدىم، دەردۇ غەم ھەمسۇھبەتىم،
بادە ئەشكىم قانى، كىم كۆردى مۇنىڭدەك بەزمى خاس؟
گەر شىكەستىم بولسا پەست ئەغيار دىن تەئن ئەتمەڭىز،
كىم، شىكەستىغە سەبەب ئالماسىنىڭ باردۇر رەساس.
ئاشىق ئولغاچ بىخۇدۇ دىۋانە بولدۇم، بىلمەدىم،
كىم پەرى رۇخسارلەر ئىشقىغە بۇ ئېرمىش خەۋاس.
خۇبلەرنى كۆز كۆرۇپ قان قىلدى بابىر باغرىنى،
ئەمدى كۆزدىن قان تۆكەرمەنكىم، بولۇر ئاڭا قىساس.

50

چەرخنىڭ مەن كۆرمەگەن جەۋرۇ جەفاسى قالدىمۇ؟
خەستە كۆڭلۇم چەكمەگەن دەردۇ بەلاسى قالدىمۇ؟

مېنى خار ئەتتىيۇ قىلدى مۇددەئىيغە پەرۋەرىش،
دەھرى دۇنپەرۋەرنى ئۆزگە مۇددەئاسى قالدىمۇ؟
مېنى ئۆلتۈردى جەفاۋۇ جەۋرى بىرلە ئول قۇياش،
ئەمدى تىرگۈزمەك ئۈچۈن مېھرۇ ۋەفاسى قالدىمۇ؟
ئاشىق ئۇلغاچ كۆردۈم ئۆلۈمنى ئۆزۈمگە، ئەي رەفىق،
ئۆزگە كۆڭلۈمنىڭ بۇ ئالەمدە ھەۋاسى قالدىمۇ؟
ئەي كۆكۈل، گەر بابىر ئول ئالەمنى ئىستەر، قىلما ئەيب،
تەڭرى ئۈچۈن دە، بۇ ئالەمنىڭ سەفاسى قالدىمۇ؟

## 51

مېنىڭ ناگەھ كۆزۈمگە ئۇچراپ ئۆترۈ،
مېنى دېۋانە قىلدىڭ، ئەي، پەرىرۇ.
جەھاندە ھەر كىشىگە بار مۇرادە،
مېنىڭ يوقتۇر مۇرادىم سەندىن ئايرۇ.
مەگەر ئۇيقۇدا يۈزۈڭ كۆرگەي ئېردىم،
ۋەلى ھەجرىڭدە كۆزدىن ئۆچتى ئۇيقۇ.
ئىكى ساچىڭ بىلە يۈزۈڭ قۇياشىن،
كېچەلەر ياد ئېتەرمەن تاڭغا دىگرۇ.
تەرەھھۇم ئەيلەكىم، بىچارە بابىر،
سېنىڭ ئىشقىڭدە بولدى زار ئەسرۇ.

## 52

ئالدى كۆڭلۈمنى ساغىندىمكىم، ماڭا دىلدار ئېمىش،
بىلمەدىم بۇ نەۋئى مەندىن ئول پەرى بىزار ئېمىش.
ئاشىق ئۇلغاچ كۆردۈم ئول شەمشاد قەددىن يۈز بىلە،
ئاللاھ، ئاللاھ ئىشق ئارا مۇنداق بەلالەر بار ئېمىش.
ئىلتىفات ئەتمەسلىكىن بازى خىيال ئەيلەر ئىدىم،
ئەمدى بىلدىمكىم، ئاڭا مەندىن بۇ يەڭلىغ بار ئېمىش.
ئول پەرى ئىشقىدا يوق ئۆلمەكدىن ئۆزگە چارەئى،
چۈن ئۆزى قاتىل، سۆزى مۇھلىك، كۆزى خۇنخار ئېمىش.
ھۇسن ئەھلى، ئەي كۆڭۈل، ئالەم ئارا ئىشق ئەھلىنىڭ،
كۆڭلىنى ساخلار ئېمىش ھەركىمگە كىم دىلدار ئېمىش.
ئول ۋەفاسىز ياردىن چەكمەك نې يەئنى مۇنچە غەم،
ھۇسن ئەھلى چۈنكى بابىر دۇنيادە بىسيار ئېمىش.

## 53

كىم كۆرۇپتۇر، ئەي كۆڭۈل، ئەھلى جەھاندىن ياخشىلىغ،
كىمكى ئاندىن ياخشى يوق، كۆز تۇتما ئاندىن ياخشىلىغ.
بۇ زەماننى نەفئى قىلسام ئەيب قىلما، ئەي رەفىق،
كۆرمەدىم ھەرگىز نىتەيىن بۇ زەماندىن ياخشىلىغ.
دىلرەبالاردىن يامانلىق كەلدى مەھزۇن كۆڭلۈمە،
كەلمەدى جانىمغە ھىچ ئارامى جاندىن ياخشىلىغ.
ئەي كۆڭۈل، چۇن ياخشىدىن كۆردۈك يامانلىغ ئەسرۇ كۆپ،
ئەمدى كۆز تۇتماق، نې يەئنى ھەر ياماندىن ياخشىلىغ.
بارى ئەلگە ياخشىلىغ قىلغىنكى، مۇندىن ياخشى يوق،
كىم دېگەيلەر: «دەھر ئارا قالدى فەلاندىن ياخشىلىغ».
ياخشىلىغ ئەھلى جەھاندا ئىستەمە بابىر كەبى،
كىم كۆرۇپتۇر، ئەي كۆڭۈل، ئەھلى جەھاندىن ياخشىلىغ.

## 54

قاشىيۇ قەدديۇ ئاغزىن ئول ماھ،
كۆرسەتمەسە ماڭا نەيلەيىن ئاھ!
تۇتتۇم ساچىنى يۈزىن كۆرەي دەپ،
تۈن ئۇزۇنۇ مەن غەرىب گۇمراھ
قەددى بىلە ئىككى زۇلفۇ، ئاغزى،
جانىمغە بەلا بولۇپتۇر، ئاللاھ.
خاھ ئىستە كۆڭۈلنى، خاھ قاۋلە،
چۇن سەنسەن بۇ كۆڭۈلگە دىلخاھ.
ئەل بىلمەسە ھالەتىم بىلۇر يار،
ھالىمدىن ئېرۇر خۇدايى ئاگاھ.
كابۇل سارى گەر ئەزىمەت ئەتسەڭ،
قۇربان قىلاي ئۆزىنى ساڭا، ئەي شاھ.
بابىر يەنە ئوتلۇق ئاھ چەكتەڭ،
كۆيدۈرمەسۇن ئەلنى ئاھ ناگاھ.

# هاپىز شىرازى شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## 1 - هاپىز شىرازى دەۋرىنىڭ تارىخىي ئوبزورى

«هاپىز شېئىرلىرىدا ئۆمەر ھەييام ئىدىيىسى، جالالىددىن رۇمىي روھى، شەيخ سەئدى تىلى مۇجەسسەملەنگەن»

— ئەل دەستى

پارس لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ مىسلىسىز يۈكسەك ماھىرى، ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدە دەپسەندە قىلىنغان ئىنسانىي قىممەت ۋە گۈزەللىكنىڭ قەيسەر ھامىيسى، شەرق ۋە غەرب گىزمانىستىك سەنئەت مۇنبىرىدىكى شۆھرەتلىك ئەدىب خوجا شەمسىددىن مۇھەممەد هاپىز شىرازى ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب مەزمۇن، ئاجايىپ رەڭدار ۋە رىتىمدار شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر — توركىي شېئىرىيىتىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا سالماقلىق تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

ئىران تارىخىدا، XIV ئەسىر ئەنسىزلىك ۋە قالمىق يىللار بىلەن خاراكتېرلەنگەندى. هاپىز شىرازى يالغۇز ئۆزى ياشىغان دەۋرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر قانچە ئەسىرلىك ئىمزىچىل تارىخنىڭ مۇنەۋۋەر ئەقلىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئوزۇقلانغان، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ھەسرەت - ئەلەملىرىنى قەلبىگە توپلىغانىدى.

قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋە ئەڭ قەدىمكى قۇلدارلىق ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلغان ئىران زېمىنى 642 - يىلى ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ئات تۇيىقى ئاستىدا يانجىلدى. توغرۇلبېك باشچىلىقىدىكى سالجۇق تۈركلىرى ئۇنى 1050 - يىلى يەنە دەپسەندە قىلدى. ھىلاكۇخان [1] باشلىغان موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇنى 1258 - يىلى پايىمال قىلدى. تۆمۈرلەڭ باشلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي قوشۇنلىرى بۇ زېمىننى 1387 - يىلى يەنە ئىشغال قىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن يەتمىش مىڭ كىشىنىڭ باش سۆڭىكىدە مۇنار تىكلىدى.

قەدىمكى بابىلىيە، ئاخمانىلار ۋە ساسانىلار مەدەنىيەتلىرىنى ياراتقان بۇ زېمىن غەيرى خەلقلەر ئىستىلاسى دەۋرىدىمۇ شەرق - غەرب مەدەنىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن جىلۋە قىلدى. خەلىپە مەئمۇننىڭ «بەيتۇل ھېكمە» ئاكادېمىيىسىدىن باشلانغان شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدە ئۇ شەرق مەدەنىيىتى بىلەن قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلغان جايىغا ئايلاندى. مۇئتەزىلىزم، ناتورال پانتېئىزم، تەبىئەت ئىلىملىرى ۋە ھەر خىل سوپىستىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىمۇ مۇشۇ زېمىندا بىخ يېرىپ چىقتى.

1) ھىلاكۇخان — چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى.

مەلىك شاھ زامانىسىدا مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر «نىزامىيە» ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە يېڭىچە رىـ
ئالىستىك پىكىر ئىبىقىمى ئۆمەر ھەييام، شەيخ سەئىدىدەك تەپەككۇر ئەزىمەتلىرىنى تەربىيىلىدى.

IX، X ئەسىرلەردە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا «دارى تىلى» دەپ ئاتالغان پارس ئەـ
دەبىي تىل - يېزىقى شەكىللەندى. پارس كلاسسىك شېئىرىيىتىدە «ئادەمۇششۇ ئىرا» (شاـ
ئىرلىقنىڭ ئادەمئاتىسى) دەپ شۆھرەت قازانغان ئابدۇللا رۇداكى (858 — 940) قاراخانىـ
لار، سامانىلار، غەزنەۋىلەر، خارەزىم خانلىقى بىللە ياشىغان دەۋردە، ئوتتـۇرا ئاسىيانىڭ
«سەيقەلى» (ئۇزۈك كۆزى) ھېسابلانغان سەمەرقەند شەھىرى يېنىدا دۇنياغا كەلدى. ئەبولـ
قاسىم پىردەۋسى (940 — 1020) سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى دەۋرىدە ئۆزىنىڭ ئاتمىش مىڭ
بېيىتلىق «شاھنامە» داستانىنى تاماملىدى. بۇ داستاندا مىلادىدىن 3223 يىل ئىلگىرىـگە
مۆلچەرلەنگەن رىۋايەتلەردىن تاكى مىلادى 642 - يىلى سامانىلار پادشاھلىقى مۇنقەرز بولـ
غىچە بولغان تۆت مىڭ يىلغا يېقىن ئىران خانلىرى تارىخى، بولۇپمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى
782 - يىلدىن مىلادى 50 - يىلغىچە بولغان ئىران - تۇران جەڭنامىسى سۆزلەنـدى. ئـۆمەر
ھەييام (1040 — 1122) رۇبائىلىرى، ئەۋھەدىددىن مۇھەممەد ئەنۋەرى (— 1152) قەسىـ
دىلىرى، ئىلياس يۈسۈپ نىزامى گەنجەۋى (1141 — 1203)نىڭ مۇھەببەت داستانلـىرى،
جالالىددىن مۇراۋى (رۇمى) (1207—1273) نىڭ سوسىتىك لىرىكىلىرى ۋە مەسنەۋىيلىرى،
شەيخ سەئىدى (1202 — 1291) ئەسەرلىرى، خوجا ھاپىز شىرازى (1320—1389) غەزەلـ
لىرى پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل داڭقىنى تىكلىدى. گيوتې ئۆزىنىڭ «شەرق - غەرب
دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە: پارسلار ئۆزلىرىنىڭ بەش يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مەيـ
دانغا كەلگەن شائىرلىرى ئىچىدە يەتتە نەپەرنى ئەڭ ئۇلۇغۋار دەپ قاراپ كەلدى. ئەسـ
لىدە ئۇلار تىلغا ئالمىغان شائىرلارنىڭ خېلى كۆپى يەنىلا مەندىن ئۈستۈن ئىـدى، دەپ
كۆرسەتكەن. بۇ يەتتە ئۇلۇغۋار شائىر رۇداكى، پىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، ئەنـۋەرى، رۇـ
مى، سەئىدى ۋە ھاپىز شىرازىدىن ئىبارەت ئىدى. پارس ئەدەبىياتى يەنە دەقىقى، ناسىرـ
خۇسراۋ، خاقانى، خۇسراۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇراخمان جامىدەك ئۇلۇغ سەنئەت ئۈستىـلىرىـنى
يېتىشتۈرگەن. ھاپىز شىرازى ئەلىشىر ناۋائىينىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، يالغۇز پارس ئەدەـ
بىياتىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا «غەزەلنىڭ مىسلىسىز ئۈستىسى»
بولدى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى تارىخ سەمەرلىرى، زامان زىددىيەتلىرى، شېئىرىيەت ئەنئەنىلىـ
رى ئاساسىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن زىننەتلەپ چىقتى.

### 2 - ھاپىز شىرازىنىڭ ھايات _ پائالىيىتى

«قابىسى تۈپراقتا ۋە قايسى دەۋردە ئۆتۈپ
ئۆسكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ھەقىقىي شېئىرىيەت
چېچەكلىرى مەڭگۈ تۈكـۈلمەستۇر»
— ئا. فېت

ھاپىز شىرازىنىڭ تولۇق ئىسمى خوجا شەمسىددىن مۇھەممەد ھاپىز شىرازىـدىن ئىباـ
رەت. ئۇ خۇسراۋ دېھلەۋىنىڭ «خۇسراۋ ۋە شىرىن» داستانىنى كۆچۈرگەن خۇش خەتلىك

www.uyghurkitap.com



نۇسخىسىغا 1355 ـ يىلى ئۆز ئىسمىنى «مۇھەممەد بىنى مۇھەممەدۇل مۇلەققەب بى شەمسۇل ھاپىز شىرازى» دەپ يازغان 1).

ھاپىز شىرازىنىڭ دادىسى ئىسپىھانلىق ھۈنەرۋەن ــ دۇكاندار بولۇپ، شىرازغا كۆچكەندىن كېيىن ھاپىز شىرازى تۇغۇلغان. ھاپىز شىرازى دادىسىدىن كىچىكىدە يېتىم قالغان. شۇندىن كېيىن ئۇ نامرات تۇرمۇش گىردابىغا تاشلانغان. ئۇ كىچىكىدە بىر تەرەپتىن ناۋايخانىدا شاگىرت، نىمكار بولۇپ ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئەقىللىق، خۇش خەت، خۇش ئاۋازلىقى تۈپەيلى، يۇرت ئىچىدە خەتمىقۇرئان قىلىشتا جامائەتچىلىككە تونۇلۇپ «ھاپىز مۇھەممەد» دەپ ئاتالغان. ئۇ 20 ياشقا كەلگەندە لىرىك شېئىرىيتى ۋە خۇش ئاۋاز شېئىرىي تەلەپپۇزى بىلەن ئەتراپقا تونۇلۇشقا باشلىغان.

ھاپىز شىرازىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان شىراز ھاكىمى ئەبۇ ئىسھاق ئىنجۇ ئۇنى ساراي خىزمىتىگە تەكلىپ قىلغاندا ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان.

ھاپىز شىرازىنىڭ رەپىقىسى ۋە ئىككى پەرزەنتى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتى تېخىمۇ مۇشكۈللۈك ئىچىگە گىرىپتار بولغان.

ھاپىز شىرازى بىر مەزگىل شىرازدىكى بۇرۇقتۇرما ھاۋادىن بىزار بولۇپ، باشقا جايلارنى ساياھەت قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. ئۇ بۇ ھەقتە:

«بىلىمدانلىق ۋە خۇش خانلىق ئەمەس شىرازدا ھېچ مەئىزۇر،
كەل ئەي ھاپىزكى، بىز يۈزنى بۆلەك يۇرتقا قاراتقايمىز.»

دەپ يازغانىدى. ئۇ يەزد ۋە باشقا جايلارنى ئايلىنىپ، ھەممە يەرنىڭ دۇم كۆمتۈرۈلگەن قازاندەك بۇرۇقتۇرما ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شىرازغا قايتىپ كەلگەن.

تۆمۈرلەڭ ئىراننى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنى ئىسلام شەرقىدىكى ئەڭ گۈزەل شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزى ئىستىلا قىلغان جايلاردىكى بىناكار ئۇستىلار، ئالىم ۋە سەنئەت مۆتىۋەرلىرىنى سەمەرقەندكە توپلىغانىدى. ئۇ شىرازغا كەلگەندە ئۇزۇندىن داڭقىنى ئاڭلىغان ھاپىز شىرازىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئاتىمىشتىن ھالقىغان شائىرغا ئۆز تەكلىپىنى قويغان. ھاپىز شىرازى تولىمۇ نامراتلىق ئىچىدە تۇرسىمۇ، بۇ جاھانگىر سۇلتاننىڭ بەخش ئاماەتلىرىگە موھتاج ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆز يۇرتى ۋە ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىن ئايرىلمىغان. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

«ئەگەر شىراز گۈزەللىرى مېنىڭ كۆڭلۈمنى رام قىلسا،
بۇخارا ھەم سەمەرقەندنى ئۇنىڭ خالىغا بەرگەيمەن.»

ھاپىز شىرازى ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق روشەن ئىپادىلىگەن:

«بۇ قانداق ياخشى پۇرسەت، بادە چاغى،
ۋەزىر، شاھ ۋەھمى يوق، راھەتتەدۇر جان.»
«بىلىمدە بولسا گەر تۇرمۇش پاراۋان،

1) بۇ نۇسخا ئۆزبېكىستان شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا ساقلانغان.

قالاتتى ئەڭ ئىغىر كۆنلەردە نادان.
نادانلار ئۆتىشەر شۇنچە پاراۋان،
ئەقىللىقلەر بۇ ئىشتىن شۇنچە ھەيران.»

هاپىز شىرازى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شىرازدا ماددىي نامراتلىقتا ياشىدى. ئۇ تولا چاغلاردا «مۇسەللا» بېغى ۋە «رۇكناباد» دەريا ياقىسىدىكى ئىستىراھەت جايىدا «مەلىكۇل كەلەم» (سۆز پادىشاھى) دېگەن ھۆرمەتى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ مۇسەللا بېغىدا مەڭگۈ قالدى.

هاپىز شىرازى هايات ۋاقتىدا دىۋان تۈزمىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد گۆلەندامنىڭ مۇقەددىمىلىك ماقالىسى بىلەن ئىشلەنگەن ئۇنىڭ دىۋانى ھەرخىل جايلاردا ھەرخىل بولۇپ مەيدانغا كەلدى. XVII ئەسىرنىڭ بېشىدا سۇدىي ناملىق ئىلىمدار كىشى هاپىز شىرازى دىۋانلىرىنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ رەسمىي «دىۋان هاپىز شىرازى»نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ 1423 - يىلقى ئەڭ قەدىمكى نۇسخا دەپ تونۇلغان نۇسخىدىنمۇ قەدىمكى نۇسخىلارنى توپلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا هاپىز شىرازىنىڭ 573 غەزەلى، 42 قىتئە ۋە 69 رۇبائىيسى كۆرسىتىلگەن.

**3 - هاپىز شىرازىنىڭ گۇمانىستىك ئىدىيىسى**

«پەقەت ئەقىلدىن ئازغان كىشى مېنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەشتۈرۈشى مۇمكىن. هاپىز يەلكەنلىرىنى كېرىپ، ئويقۇن يېرىپ ماڭغان كېمە بولسا، مەن دېڭىز دولقۇنلىرىدا ئىغاڭلاپ يۈرگەن قېيىقمەن»

— گيوتې

ف. ئېنگېلس «گېرمانىيىدە دېھقانلار ئۇرۇشى» ناملىق كىتابىدا: «فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي ئۆكتىچىلەر پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر داۋامىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. شارائىتنىڭ بىردەك بولمىغانلىقى تۈپەيلى، ئۇ بەزىدە سوپىزم شەكلىدە، بەزىدە ئاشكارا دەھرىيلىك شەكلىدە، بەزىدە قوراللىق ئىسيان شەكلىدە ئىپادىلەندى»، دەپ يازغانىدى. فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ماھىيىتى يەنىلا فېئودالىزىمنىڭ ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە ئەركىنلىكىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىغا، ئۇنىڭ ھاكىممۇتلەق زوراۋانلىقىغا قارشى كۈرەش ئىدى. چۈنكى «ئىنساننى كەمسىتىش ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ بىردىنبىر پرىنسىپى» (ماركس) ئىدى.

ئىسلامىيەت شەرقتە مۇئەززىلىزم تەقىب قىلىنغاندىن كېيىن ئەركىن پىكىر نامايەندىلىرى ئۆزلىرىنى سوپىزم نىقابىدا يوشۇرۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك تەشەببۇسلىرىنى تولاراق شېئىرىي — مەجازى ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئەھمەد يەسەۋى (؟ — 1166) ۋە مۇھەممەد غەززالى (1059 — 1111) ۋەكىللىكىدىكى ئىلاھىيەتچىل سوپىزم قاراشلىرىغا خاتىمە بېرىپ، XIV ئەسىردە باھاۋىدىن نەقشىبەندى (؟ — 1388) ۋەكىللىكىدىكى يېڭى

سوپىزم ئېقىمى مەيدانغا كەلدى. نەقشىبەندى ئېقىمى مەنسۇر ھەللاجى (858 — 922)، پەرىدىددىن ئەتتار (1148 — 1229)، جالالىددىن رۇمى (1207 — 1273) لارنىڭ سوپىزمىدىكى بارلىق رېئاللىققا ۋە ئىنسانىيەتنى ئۇلاغلاشقا يۈزلەنگەن گۇمانىستىك ئامىللاردىن شۇنداقلا ئۆمەر ھەييام، شەيخ سەئدىلارنىڭ ئىلغار قاراشلىرىدىن ئوزۇق ئالغانىدى.

ھاپىز شېرازىنىڭ گۇمانىستىك قاراشلىرى باھاۋىددىن نەقشىبەندى قاراشلىرى بىلەن زامانداش ھالدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ رېئال تەقدىرىنى مەزمۇن قىلغان ئالىيجاناپ قەلبى، خارلانغان ئىنسانىي قىممەتكە ھامىيلىق ئىسيانكار شېئىرىيىتى بىلەن ئۆمەر ھەييام بىلەن جالالىددىن رۇمىدىن ھالقىپ، شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى قەيسەر ئەزىمەتكە ئايلاندى.

ھاپىز شېرازى ئالدى بىلەن تەركىدۇنيالىق، رېئال ھايات ۋە رېئال دۇنيا گۈزەللىكلىرى، ئىنسانىنىڭ رېئال دۇنيادىكى بەخت-سائادىتىدىن ۋاز كېچىشكە قارشى چىقىپ، ئىنسانىنىڭ «تىرىك جەسەت» بولۇشتەك مەنىۋى خارلىنىشقا قارشى ئىسيان كۆتۈردى.

ئۇ:

«بولسا جەننەت باغى ھەم قانچە يېقىملىق ۋە لېكىن،
بىل غەنىمەتتۇر ساڭا تال سايىسى، جامۇ شاراب.
ھاپىزا، ئالساڭ ئۆلۈم چاغىدىمۇ قولۇڭغا جام،
بارسەن توغرى بېھىشنىڭ باغىغا چەكمەي ئازاب.»

يەنە:

«ئەگەر جەننەت تىلەرسەن بىر بىلەن مەيخانىغا يۈرگىل،
سېنى خۇمنىڭ تېگىدىن ھەۋزىكەۋسەرگە يېتۈرگەيمەن.»

دەپ يازغان.

ھاپىز شېرازى ئەينى زامان ئىسلام تەقۋادارلىرىغا قارشى ھالدا ئەقىدە زەنجىرىدىكى ئىنسانىي خارلىق ۋە شاراب مەجازىدىكى ھۆررىيەت-ئەركىنلىك زىددىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن كۆپلىگەن گۈزەل شېئىرلارنى يازدى. ئۇ زاھىت — ئىشانلارغا: مەيخورلارنى ھاقارەتلىمە، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزىنىڭ تۇرسا ساڭا نېمە كاشىلىسى، كىم نېمىدىن دان چاچسا شۇنىڭدىن ھوسۇل ئالىدۇ، دەپ خىتاب قىلدى. ئۇ مۇنداق يازغانىدى:

«مەيخور بولكى قەلبى پاك — تازا،
بولما زاھىت باغرى قاپقارا.»

ھاپىز شېرازى تەركىدۇنيالىققا قارشى تۇرۇپ، كىشىلىك سىرىنى تەركىدۇنيالىق يولىدىن ئىزدىمەسلىكنى، رېئال دۇنيادىكى ھەقىقىي كىشىلىك ھاياتقا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۆمەر ھەييام بىلەن ئاھاڭداش ھالدا:

«ئول كۈنى لايىمىزدىن كوزا ياسىغاي پەلەك،
باشىمىز كاساسىغا ئەلۋەتتە لىقلاپ شاراب.»

دەپ يازدى. ھاپىز تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن شۇنى چۈشەندىكى، تەركىدۇنيالىق ئەپسانىلىرى مەنىسىز بولۇپ قالماستىن، ئەينى زامان رېئال دۇنياسىمۇ تېتىقسىز، ئۇنىڭغا پەقەت ھالاكەت تىلەش ۋە ئىنسانىيەتنى ئىنسانىيەتكە قايتۇرۇپ بېرىدىغان ھەقىقىي يېڭى دۇنيا تىكلەش زۆرۈر. ئۇ مۇنداق يازغانىدى:

«ئەسلى ئادەم تاپمىدىم مەن ئۇشبۇ ئالەمنى كېزىپ،
باشقا ئالەم، يېڭى ئادەم قايتىدىن تۈزمەك كېرەك.»

ئۇ باشقا بىر شېئىرىدا: «كەل چېچەكلەر چاچايلى، جاملارغا مەي تولدۇرايلى، بېشىمىز تۇرغان مۇشۇ ئالەمنى بۇزۇپ، يېڭى ساما ئاچايلى، بۇ دۇنيادا كىشىلىككە ھېسسىيات يوق، قېنى كەلگىن، ھېسسىياتچان باشقا بىر يېڭى دۇنيا يارىتايلى». دەپ ئىندا قىلىدۇ.

## 4 - ھاپىز شىرازىنىڭ ئىسيانكار لىرىكىسى

«خوجا ھاپىزنىڭ ئاھاڭدارلىقى ئۇچقۇرۇپ تۇرغان ئىنتايىن نەپىس ئەسەرلىرىنى ئۆز تىلىدا ئوقۇغان كىشى تولىمۇ روھلىنىدۇ»

— ف. ئېنگلس 1)

ھاپىز شىرازى لىرىكىلىرى گۇمانىستىك شېئىرىيەتنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى مىسلىسىز يۇقىرى ئۆلگىسىنى ياراتتى. ئۇنىڭ شېئىرىيەت گۈزەللىكىنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مۇنداق يۇقىرى ئىستېتىك قىممەتكە مۇيەسسەر بولالىغانلىقىنىڭ سىرى نېمىدە؟

بۇ سىر شۇنىڭدىكى، ھاپىز شىرازى بىرىنچىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك توپ ئىجتىمائىي - رېئال تېمىسىنى ئۆز بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ توپ تېماتىكىسى سۈپىتىدە چىن ۋە يالقۇنلۇق ھالدا ئىپادىلىدى. بۇ سىر يەنە شۇنىڭدىكى، ھاپىز شىرازى ئىككىنچىدىن، ئەينى زامان شارائىتىدە ئۆز تېماتىكىسىنى ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە ئىپادىلەشنىڭ ئوچۇق ئىستىھزا ۋە يوشۇرۇن مەجازى شەكىللىرىنى، ئاھاڭدار تىل ۋە بېيىت قۇرۇلمىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشقا سېلىشنى بىلدى.

روشەنكى، ئەينى زامانىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك توپ تېماتىكىسى، ھەرقانداق باشقا يانداش تېماتىكىلاردىن ۋە ساختىپەز ھەمدۇسانالاردىن پەرقلىق ھالدا ئالەمنىڭ كۆركى ۋە كائىناتنىڭ ئىپتىخارى بولغان ئىنساننىڭ غەيرى ئىنسان تەقدىرىگە مۇپتىلا بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق رېئاللىق ئالدىدا دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ۋە روھانىيدىچىل زاھىت - ئىشانلار قۇلچىلىق ياكى تەركىدۇنيالىقنى تەرغىپ قىلاتتى. ھاپىز شىرازى مۇنداق زوراۋانلىق، ھاكىممۇتلەق تۈزۈم ھامىيلىرىنىڭ قۇلچىلىق ئەقىدىلىرىگە

1) ئېنگېلس پارس تىلىنى ئۆگەنگەندە ھاپىز شىرازىنىڭ پارسچە شېئىرلىرىنى ئوقۇغان. («ماركس - ئېنگېلس سەنئەت ھەققىدە» بىرىنچى، ئىككىنچى توم، 104 - بەت)

www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىڭ گۇمانىستىك، ئەركپەرۋەر، ئىسيانكار قاراشلىرىنى قويىدى. ئۇنىڭ دەردلىك ۋە مۇھەببەتلىك قەلبى مۇشۇ مەنىدە ئالىيجاناب قەلب، مۇتەپەككۇرانە قەلب ئىدى.

هاپىز شىرازى ئۆزىنىڭ پىكىر - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ئەڭ گىزەل، ئەڭ لىرىك ئارۇز شەكلىنى تاپتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىر تەرەپتىن، شېئىرىيەتتىكى رەڭدار سۈرەتتەك تۇرمۇش رېئاللىقىنى، تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنى، ئىنسان گىزەللىكىنى يۇقىرى سەنئەت ماھىرلىقى بىلەن ئىپادىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۇچۇق پىكىرلىرىنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش ۋە يوشۇرۇن ئىپادىلىرىنى كېچەيتىپ جانلاندۇرۇش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، شېئىرىي تەپەككۇر، شېئىرىي مەجاز، شېئىرىي نۇتۇقنىڭ ئاجايىپ كۆپ قىرلىق دۇردانىلىرىنى ياراتتى. شۇنى ئېيتىش هاجەتكى، هاپىز شىرازى شېئىرلىرىدا ئۇچقۇر، ئويناق، يالقۇنلۇق پىكىر ۋە تەسەۋۋۇر تولپارلىرى ئەقىل ۋە مەنتىق، رىتىم ۋە ۋەزىن مىزانلىرى بىلەن يۈگەنلەنگەنىدى.

بىز هاپىز شىرازى شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا رەڭدار باهار گۈزەللىكىنى، ئېچىلغان ئەتىرگۈل خۇش پۇرىقىنى، سېھىرلىك ساهىبجامال دىدارىنى، مەيخانىدىكى هۆررىيەت كەيپىياتىنى، مەھبۇب سىماسىدىكى ئىنسان سۆيگۈسىنى، يەنە قانداقتۇر باشقا گۈزەللىكلەرنى كۆرىمىز. بۇلارنىڭ هەممىسى بىر نەرسىگە — خارلانغان ئىنسانىيەتنى قەدىرلەشكە ۋە ئۇنى خارلىغۇچىلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قارىتىلغان.

### 5 - هاپىز شىرازىنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى يۈكسەك تەسىرى

«هافىزنى كۆرۈڭ ئۇشبۇ زامان تۈرك تىلىدە،
گەر كەچتى ئېسە فارسىدا ئۇل هافىزى شىراز.»
— «دىۋان هاپىز تۈركىي» دىن 1)

دەرۋەقە، هاپىز شىرازى ئۆز شېئىرلىرىدا سوپىزىملىق — روھانىيەتچىل ئىدىيە تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بۇ هەممە كىشى ئۇچۇن ئومۇم بولغان تارىخىي ۋە بىلىش چەكلىمىسىنىڭ ئۇنىڭدىكى ئىپادىسى، ئەلۋەتتە.

هاپىز شىرازى شېئىرلىرى كەمسىتىلىش، بۇرمىلىنىش، يوقىتىلىش تەقدىرىدىن خالى بولالمىغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ مۇخالىپلىرىنىڭ خاهىشىنىڭ ئەكسىچە ئەينى زامانىنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا شەرقتە، غەربتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

1791 - يىلى ئۇنىڭ شېئىرلىرى رەسمىي بېسىلىپ چىقتى.

هاپىز شېئىرلىرى XIX ئەسىردە ئاتاقلىق نېمىس مەرىپەتچىسى، مۇتەپەككۇر شائىرى ۋولفگان گيوتې (1749 — 1832) تەرىپىدىن يۇقىرى باهالاندى. گيوتې ۋە پۇشكىن، جالالىددىن رۇمى ۋە هاپىز شىرازى شېئىرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانىدى. ئېنگېلس

1) «دىۋان هاپىز تۈركىي» ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ ئىجاد قىلغان تۈركىي خەلقلەر شائىرى هاپىز خارەزمى (؟ — 1435) نىڭ ئەسىرى. ئۇ ئۆز ئەسىردە هاپىز شىرازىنى ئۈلگە قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

پارسچىنى ئۆگەنگەندە ھاپىز شىرازىنىڭ ئەسلى شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئىنتايىن زوقلانغان.

ھاپىز شىرازى شېئىرلىرى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ:

«ئەگەر ئان تۈركىي شىرازى بەدەست ئارەد دىلى مارا،
بەخالى ھىندۇۋەش بەخشەم سەمەرقەندۇ بۇخارارا».

تەرجىمىسى:

ئەگەر كۆڭلۈمنى شاد ئەتسە ئۇشول شىرازى جانانى،
ئۇنىڭ خالىغا بەرگەيمەن سەمەرقەند ھەم بۇخارانى.

دېگەن غەزىلى ھازىرغىچە ناخشا-كۈيدە كۈيلەنمەكتە.

ھاپىز شىرازى شېئىرلىرى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر مەدرىسلىرىدە ئەدەبىيات ۋە پارس تىلى ئوقۇشلۇقى قاتارىدا ئوقۇلغان. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان نەرسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلى شېئىرلىرىدىكى شېئىرىي گۈزەللىك ئىدى.

پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۆزىنى كۈيلىگەن بۇ ئاجايىپ تالانت ئىگىسىنىڭ ھۆرمىتىنى ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئېلىپ بارغۇسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەسەۋۋۇف ھەققىدە

ۋ. زاھىدوۋ

**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەسەۋۋۇفنى پەلسەپە نۇقتىسىدىنمۇ تەتقىق قىلىش زۆرۈر. بۇ ھەقتە پەلسەپە ئەھلىنىڭ تىرىشچانلىقىغا مۇھتاجمىز.

سوۋېت ئۆزبېك ئالىمى ۋ. زاھىدوۋنىڭ بۇ ماقالىسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغان تەسەۋۋۇف ھەققىدە خېلى ئەھمىيەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ. كىتابخانلىرىمىزنىڭ بەھرىمەن بولۇشى، جۈملىدىن ياش پەلسەپە ئەھلىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشى ئۈچۈن بۇ ماقالىنى ژۇرنىلىمىزغا باستۇق.

شەرقتىكى تەسەۋۋۇف ئۆز باشلانغۇچىنى ئۇزاق تارىختىن ئالغان ۋە بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدە ئەدەبىياتتا ناھايىتى چوڭ ئورۇن ئىگىلىگەن پەلسەپىي مەسىلىدۇر. گەرچە ئىسلام دىنىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ ئايرىم، سىستېمىلاشتۇرۇلمىغان كۆرۈنۈشلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن ئاساسەن، ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، فېئودال - كلېرىكال ئەكسىيەتچىلىكنىڭ، زۇلۇمنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئادالەتسىزلىكنىڭ، نامراتلىقنىڭ ۋە ئۇلارغا قارشى قوزغالغان نارازىلىقلارنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ئارقىسىدىمۇ راۋاجلانغان، سىستېمىلاشقان، بىر قانچە تارماقلارغا ئىگە بولغان پەلسەپىي ئېقىمغا ئايلانغان، (ئىنچىكىلىك) سوتىسىزم VII — XI ئەسىرلەردىلا تېزلىك بىلەن راۋاجلانغان، تارقالغان، مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇفلار مەيدانغا كەلگەن. رابىئە، ئىبن ئەل - ئەرەبى، ئىبراھىم ئىبن ئەدھەم، فەرىددىن ئەتتار، ھەسەن ئەل - بەسرى، ھەسەن ئەل - بەستامىي، ئەبۇ بەكرى ئەش - شىبلى، ئەبۇ مەنسۇر ئەل - ھۈسەيىن ئەل - ھەللاج ۋە باشقىلار تەسەۋۋۇفنىڭ يېتەكچىلىرىدۇر.

شەرقتە تەسەۋۋۇفنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىدا يۇنانلىرىمۇ خېلى قاتناشقان. شەرقتە ناھايىتى مەشھۇر بولغان پلاتون (ئەفلاتون)، پىلاتىن، نېئوپلاتونچىلىق (ئىشىتىراكىيۇنچىلىق) گىنوستىتسىزىم، ئارىستوتېل (ئەرەستو) نىڭ ئىدىئالىستىك، مىستىك تەرەپلىرىمۇ خېلى چوڭ رول ئوينىغان، تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ پلاتوننىڭ، نېئوپلاتونچىلارنىڭ مىستىك مۇنىزىملىرى، خۇدا قانداقتۇ ماكانسىز ۋە زامانسىز، ئابستراكت مۇتلەقىي بارلىقتۇر. نەرسىلەر بولسا ئۇنىڭ ئىماناتسىيىسى (چاقنىشى) دۇر. ئاشۇ خۇدانىڭ

ۋاقىتلىق سايىسىدۇر، ئاشكارىلىنىشىدۇر. خۇدا ئالدىدا ئۇلار ھېچنەرسە ئەمەس. ئىنسانىڭ ۋەزىپىسى — ئىنتۇئىتسىيە (ئىچكى ھېس)، ئىكستاز (ھاياجانلىنىش)، مەۋھۇمەي ئويلاش يولى بىلەن جانلىق ھاياتتىن يۈز ئۆرۈپ، شۇ خۇدانى بىلىشتۇر، دېگەن تەلىماتلىرى، ئارستوتىلنىڭ بولۇپمۇ شەكىل ۋە ئەقىل ھەققىدىكى، ئېنتېلېخىيە ① توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى تەسەۋۋۇفنىڭ تۇغۇلۇپ راۋاجلىنىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەسادىپىي ئەمەسكى، بىر مۇتەۋۋۇفلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدا پىلاتون ۋە پلاتوننىڭ تەلىماتلىرىنى، نىئوپلاتونچىلىق ۋە مىستىك ئارستوتىلچىلىك مۇئەننىلارنى ئۇچرىتىمىز. ھۇسەيىن ئىبىن ئىسھاق (IX - ئەسىر)، ئەبۇ بەشىر (IX - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە X - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا)، يەھيا ئىبىن ئادىل ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاشلار ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشتى، ئۇلاردىكى ئىدىيىلەرنى ئاممىۋىلاشتۇرۇشتى، يېيىشتى. پىلاتون ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ تەلىماتلىرىنى ئاممىۋىلاشتۇرغان، شەرھىلىگەن مەشھۇر تارفىرى (تەخمىنەن مىلادىنىڭ 230 — 304 - يىللىرىدا ياشىغان) ئەسەرلىرى، نىئوپلاتونچىلىق مەكتىپىنىڭ ئاساسچىسى پلاتوننىڭ مۇئەللىمى ھېسابلانغان ئاممانىي ساككاس (تەخمىنەن مىلادىنىڭ 242 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ تەلىماتلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچى ئەسەرلەر، گەرچە ئىزچىل نىئوپلاتونچى بولمىسىمۇ، لېكىن پلاتون بىلەن ئارستوتىل پەلسەپىسىنىڭ بىرلىكىنى، ئۇمۇمىيلىقىنى دەۋا قىلىپ، شۇنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان ئېكلىكتىك تېمىستى (مىلادى IV - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا) ئەسەرلىرى، پەۋقۇلتەبىيگە (خۇداغا) ئىززلۇكسىز كۆتىرىلىش، خۇدا بىلەن بىرلىشىش زۆرۈرىيىتىنى تەشۋىق قىلغان، نىئوپلاتونچىلىقنى ناھايىتى راۋاجلاندۇرغان، پلاتوننىڭ ئەسەرلىرىنى شەرھىلىگۈچىلەر ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ فىگورا بولغان پروكلىنىڭ (مىلادى 410 — 485 - يىللار) ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنغان.

سۆز ئارا شۇنى ئېيتىپ ئۆتەيلى، سوپىزمگە ئومۇمىيلىق كۆز بىلەن قاراش، ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش، ھەممىسىنى بىر خىل رەڭدە، دېيىش توغرا ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە كونكرېت ۋە تارىخىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە ناھايىتى كۆپ تەتقىقاتچىلار مانا شۇنداق ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئومۇمەن سوپىزمنى پۈتۈنلەي ئەكسىيەتچىل دۇنيا قاراش سۈپىتىدە تەلقىن قىلىشتىكى، بۇ ئەسلى ھەقىقەتكە توغرا كەلمەيدۇ. شۇنداق پىكىردە بولغانلار بىلمىدىكى، ئىزچىل سوپىزم دىنىي ۋە فېئودال - كلېرىكال ئەكسىيەتچىلىككە قارشى ھالدا راۋاجلاندى. شۇ ئەكسىيەتچىلىك ھاكىم بولغان جايلاردىكى يارىماس، بوغۇق ئىجتىمائىي ۋەقەلىككە نارازىلىق سۈپىتىدە راۋاجلاندى. بۇنداق مۇتەسەۋۋۇفلار ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاساسىي ئەقىدىلىرىگە، تەلىماتلىرىغا (جەننەت، جەھەننەم، قۇرئان، پەيغەمبەر ۋە باشقىلارغا) مەسخىرە بىلەن قاراشتى، تەپتىش قىلىشتى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم مەنىدە ۋە ئوبيېكتىپ

① ئېنتېلېخىيە — ئارستوتىل پەلسەپىسىدىكى بىر خىل ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ماددىدىن غەيرىي بولغان بىرخىل سىرلىق «جانلىق كۈچ» نى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



هالدا ئەجايىب رول ئوينىدى. گەرچە بۇ ھەرىكەت مىستىك فورمىدا بولغان بولسىمۇ، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ تەسادىپى ئەمەسكى، ئىسلام پىشۋالىرى مۇتەسەۋۋۇفلارنىڭ بەزىلىرىنى (ھەللاج. بايەزىد، تەيپۇر ئەل - بەستامىي ۋە باشقىلارنى) ئۆلتۈرۈشتى، گۇمانىست ھۆررۇفى ئىمادىددىن نەسىمىنىڭ تېرىسىنى شىلىشتى. ئۇ ئاشۇ رەزىللەرنىڭ قولىدا تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن جان بەردى:

ئەگەر زاھىدىن بارماغىن كەلسەڭ دۆنۈپ ھەقدەن قاچار،
گۆر بۇ مىسكىن ئاشىقى، سەرپا سويارلەر ئاغلاماز.

ئۇنىڭ ھەققىدە تۈركمەن شائىرى مەختۇمقۇلى يازغانىدى:

نەسىمنى دابانىدەن سويدىلەر،
سامان تىقۇب دەرۋازەگە قويدىلەر.

شۇنداق قىلىپ، تەسەۋۋۇفقا بىر تەرەپلىمە قارىغۇچىلار ئېنىگىلىسنىڭ فېئودالىزىمغا قارشى كۈرەش قانداق شەكىلدە بولالىشى مۇمكىنلىكى ۋە بولغانلىقى ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى چۈشەنمىگەنلەر.

سوپىزىم بىر قانچە يۆنىلىشلەرگە، تارماقلارغا بۆلىنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ دۇنياغا، تەبىئەتكە، ئۇنىڭدىن ھاياتقا، ھاكىم فېئودال ئىدېئولوگىيىسى — ئىسلام دىنىغا بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ ئۇلارنى ئاساسەن ئۈچ ئېقىمغا بۆلۈش مۇمكىن.

بىرىنچىسى، مەنسۇر ھەللاج، فەرىدىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمىي ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاشلار مەنسۇپ بولغان ئېقىم. مۇئەييەنلىك ئۈچۈن بۇلارغا ئېكستانچى (ھاياجانچى) سوپىلار دەپ نام بەرسە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمىدا مەسىلەن، رۇمىيدا گۈزەل گۇمانىستىك ئاھاڭلارمۇ بار.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ناھايىتى زىددىيەتلىك بولغان.

ئۇلارچە ئىسلام دىنى دۇنيانى، بارلىقنى ئىككىگە — خۇدا ۋە تەبىئەتكە بۆلۈپ خاتا قىلغان. دۇنيانى، ھاياتنى ئىككىگە (بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنياغا) ئاجرىتىۋېتىشمۇ ھەقىقەتكە زىت. بۇنداق سوپىلارنىڭ قارىشىچە، بىرلا باغلىق، ۋاھىد باشلانغۇچ، يىگانە ھەقىقەت، بىرلا ماھىيەت باركى، ئۇ بولسىمۇ خۇدادۇر. ئۇ مۇتلەقتۇر، ئۇ ماكانسىز ۋە زامانسىزدۇر. ئۇ ھەممىنى، پۈتۈن بارلىقنى، ئۇمۇم كائىناتنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەر يەردە. ئۇنىڭدىن باشقا ماھىيەت، ئۇنىڭغا زىت نەرسە، ئۇنىڭدىن باشقىچە (سوبىستانسىيە ئېتىبارى بىلەن) مەۋجۇدات يوقتۇر ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن مەۋجۇدات، كونكرېت نەرسىلەر، تەبىئەت ئاشۇ ۋاھىد (بىرلا) ماھىيەتنىڭ ئىپادىسى، ئۇنىڭ شۇ كونكرېت نەرسىلەر تەبىئەت شەكلىدە گەۋدىلىنىشى، ئۇ شۇلارنىڭ ماھىيىتىنى، ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ نەرسىلەر، تەبىئەت خۇدادىن تەسادىپەن، ۋاقىتلىق ئۈزۈلۈپ، ئاجرىلىپ چىققاندۇر ۋە يەنە ئاشۇ ئۆز مەنبەلىرىگە، ئاشۇ ئاساسىي ماھىيەتكە قايتىدۇ، ئايلىنىدۇ. سوپىلارنىڭ ئاللىگۇرىيىلىك تەبىرىچە، خۇدا بىپايان دېڭىزدۇر. نەرسىلەر بولسا ئاشۇ دېڭىزدىن ۋاقىتلىق ئۇچۇپ، ئاجرىلىپ چىققان تامچىلار، كۆپۈكلەردىنلا ئىبارەتكى، ئۇلار يەنە شۇ

دېڭىزغا - مەنبەگە قايتىشلىرى، ۋاسىل بولۇشلىرى زۆرۈر، ئەسلىگە قايتىشلىرى كېرەك. شۇنىڭدەك، يەنە ۋەھدەتنى (بىرلىكنى) تەشكىل قىلىپ ۋەھدەتى ۋۇجۇد (ۋۇجۇد بىرلىكى) بولىدۇ، ۋاقىتلىق ئايرىملىقنى يوقىتىدۇ. ئىنسانمۇ شۇنداق مەۋجۇداتلارنىڭ بىرسىدۇر.

ئاساسىي ماھىيەت، يەنى خۇدا قارىشىدا نەرسىلەر، بۇ دۇنيا، تەبىئەت قانداق قىممەتكە ئىگە، قانداق ئورۇن تۇتىدۇ، قانداق مەرتىۋىگە ئىگە — ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا! ئالدى بىلەن، يۇقىرىدىمۇ ئېيتىلدى، خۇدا مەزكۇر سوپىلارنىڭ قارىشىچە، مۇتلەق. ئۇنىڭ ئەۋۋىلىمۇ يوق، ئاخىرىمۇ يوق. ئۇ دائىمدۇر، كەم - كۈتىسىز، ھەممە جەھەتتىن كامىل، ئومۇمەن بولۇشى مۇمكىن بولغان ئەڭ ئالىي، دائىمىي گۈزەللىك ئۇنىڭدا، شاتلىق، ئەبەدىي بەخت ئۇنىڭ ۋەسلىدە - فانى (يوق) بولۇشىدا. يەردىكى نەرسىلەر، تەبىئەت ئۇنىڭ قارىشىدا قىممەتسىز، كامىل ئەمەس، ھېچقانداق ھەقىقىي لەززەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساختا، ۋاقىتلىق گۈزەللىكلىرىگە ئىنسانىنى جەلىپ قىلىپ، ئەبەدىي پالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان مەككاردۇر. دېڭىزدىن ئېتىلىپ، چاچىراپ چىققان تامچە، كۆپۈكچىلەر دېڭىزلىك خاسىيەتكە ئىگە بولمىغىنىدەك ۋە دېڭىز قارىشىدا ھېچنەرسە ئەمەستەك، تەبىئەتنىڭ ھەربىر نەرسىمۇ خۇدا قارىشىدا شۇنداقتۇر. بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، نەرسىلەر ئالەمى، قارىشىمىزدىكى تەبىئەت غۇربەتخانىدۇر. جالالىددىن رۇمى ئۆزىنىڭ سوپىزمنىڭ قامۇسى ھېسابلانغان «مەسنەۋى»سىدە خۇداغا خىتابەن شۇنداق دەيدۇ:

«سەن قادىرى مۇتلەقسەن، سەن — ھەممە سەن، سەن بىزگە فەنا (يوقىلىش)نى كۆرسىتىسەن. بىز، بىزنىڭ بارلىقىمىز بولسا ھېچنىمە، ھېچنەرسە». بۇيۇملار خۇدا قارىشىدا پەقەت «ناملاردۇر».

ئىنسانمۇ شۇنداق. ئۇ ئابستراكت پىكىر (خۇدا) ئالدىدا ھېچقانداق قىممەت ۋە مەرتىۋىگە ئىگە ئەمەس. ئۇ تەسادىپەن ئۆز مەنبەئىدىن ئايرىلىپ سەرسانلىقتا، غۇربەتخانە كىشەنلىرى بىلەن كىشەنلەنگەن بارلىقتۇر. ئىنسان جەسىدىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق ئەلەم، قۇللۇق قەپىزىكى، ئۇنىڭغا جان بەختسىزلىكتىن تەسادىپەن قامالغاندۇر. تىرىك بولۇشنىڭ ئۆزى جان ئۈچۈن پالاكەتتۇر.

جاننى شۇ قەپەزدىن (تەبىئەتتىن، جەسەتتىن) ئازاد قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك، ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى نېمىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك؟

ئىنسان ئۆزىنى ئاشۇ يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ۋاھىد ماھىيەتكە ئىگە بولغان ۋاقىتلىق دەپ بىلىشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنى، تەبىئەتنى ئاساسىي ماھىيەتكە — ھەقىقەتكە - خۇداغا نىسبەتەن ئەھمىيەتسىز نەرسە دەپ ھېسابلىشى زۆرۈر. بۇ تەبىئەت، بۇنىڭدىكى ھايات ئۇنىڭغا چىن ئەبەدىي بەخت - سائادەت بېرەلمەسلىكىنى، غۇربەتخانە، مەككار ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم. ئۇ بىلىشى كېرەككى، ئەسلى، ھەقىقىي، ئەبەدىي لەززەتلەر، خاتىرجەملىك، بەخت - سائادەت، ئابستراكت، ماكانسىز ۋە زامانسىز، چەكسىز گۈزەل ۋە كامىل خۇدادا، ئۇنىڭ ۋەسلىدە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خۇداغا ۋاسىل بولۇشقا، ئۇنىڭ بىلەن ۋەھدەت تەشكىل قىلىشقا، شۇنداق قىلىپ ئۆزلىكىنى، ئۆزىنىڭ مەنىسىز ئۆزلىكىنى، شەخسىيىتىنى يوقىتىشقا ئىنتىلىشى كېرەك ۋە شۇنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى دەپ بىلىشى شەرت. ئۇ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنيا لەززەتلىرىدىن، گۈزەللىكلىرىدىن ۋاز كېچىشى، گۈزەل، خالىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك. خىلۋەتكە كىرىپ ئادەملەردىن، تەبىئەتتىن يىراقلىشىپ، تەبىئەتتىن خەۋەر بېرىدىغان ئاشكارە سەزگۈ ئەزالىرىدىن، ئەقىلدىن ۋاز كېچىپ، ئىنتۇئىتسىيە (ئىچكى ھېس) بىلەن، ئىچكى ھېس ئەزالىرى بىلەن خۇدانى ئىدراك ئېتىشكە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنى ھەرقانداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ ئوبيېكتىگە ئايلاندۇرۇشى شەرت. مادامىكى، بۇ دۇنيانىڭ، تەبىئەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىماسلىقى لازىم ئىكەن. ئۇنداقتا تەبىئىكى، ھەقىقىي ئىلىملەر ئۇلار (شۇ سوپىلار) ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا كىرمەكچى بولغانلار خۇدا ۋەسلىگە ۋاسىل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋەھدەت تەشكىل قىلىش مەقسىدىدە بولغانلار قارشىسىدا كېرەكسىز ۋە زەرەرلىك مەشغۇلاتتۇر.

سوپىلارنىڭ قارىشىچە، خۇدا ۋەسلىگە ۋاسىل بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ۋەھدەت تەشكىل ئېتىش ئۈچۈن تۆت (بەزىلىرىدە بۇنىڭدىن كۆپ، بەزىلىرىدە ئاز) باسقۇچتىن ئۆتۈش كېرەك.

1. شەرىئەت: — دىنىي مۇراسىملارنى ۋە شەرىئەت ئەقىدىلىرىنى، تەقۋالارنى بېجىرىش، خۇداغا ئىبادەت قىلىش.

2. تەرىقەت: — شەيخ ياكى دەرۋىشكە شاگىرت بولۇپ يەر يۈزىدىكى لەززەتلەردىن ۋاز كېچىش، نەپسىنى تىيىش، خۇشاللىق بىلەن خۇدا توغرىسىدا ئويلاش، خىلۋەتتە ياشاش، مەنىۋىي مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەقەت خۇدا توغرىسىدىلا خىيال سۈرۈش، ئويلاش، ئەسلەش.

3. مەرىپەت: — ھەممە نەرسىنىڭ، پۈتۈن بارلىقنىڭ ئاساسى خۇدا ئىكەنلىكىنى، نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭ قارشىسىدا ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ماھىيىتى خۇدا ماھىيىتى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئېتىقلاش. بۇنىڭدا ئادەم ئۈچۈن بارچە دىنلار، دۇنيانىڭ بارچە ھادىسىلىرى بىر خىل، پەرقسىز، مەنىسىز، كېرەكسىز بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولىدۇ. ئۇلارغا ئادەم بىپەرۋا قارايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارىپ (تونىغان) بولىدۇ.

4. فەنا: — بۇنىڭدا ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئېرىشكەن، ۋەسلىگە ۋاسىل بولغان دەپ بىلىدۇ، خۇدا بىلەن بىر، ئۇنىڭ بىلەن ۋەھدەت (بىرلىك) تەشكىل قىلىدۇ. خۇدادا تەجەسسۇم ئېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ فانىي نامىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولىدۇ ۋە ئەنەل - ھەق (مەن ھەق) دېيەلەيدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى دەلىللەش ئۈچۈن سوپىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەزى نەقىللەرنى كەلتۈرەيلى.

جالالىددىن رۇمىي ئېيتىدۇ:

«نەزەر - دىققىتىڭنى ھەقىقەت (خۇدا) تەرەپكە قاراتقىن».

«كۆزلىرىڭنى تىكىپ قويغىن؛ قوي، قەلبىڭ كۆز نۇرىنى ئىگەللىسۇن. سەن بۇ كۆزلىرىڭ (قەلبىڭ) بىلەن دۇنيانى تامامەن باشقىچە كۆرىسەن».

«ئىچكى قۇلاقنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان توسالغۇ — تاشقى قۇلاقلاردۇر. بۇ تاشقى قۇلاقلار بىكىتىلمىگىچە ئىچكى قۇلاقلار زادى ئاڭلىمايدۇ».

خۇدا ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە (رىيازەتكە) ئۆزىنى دۇچ قىلىش، ئازابلاردىن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈش زۆرۈركى، شۇندىلا ئەبەدىي بەختكە (ۋەھدەتكە) يېتىش مۇمكىن دەپ، يەنە ئاشۇ جالالىددىن يازىدۇ:

«تاشقىن بار جايدا مايسىلار ئۈنىدۇ. شۇنىڭدەك، كۆز يېشى تۆكۈلگەن جايدا ھەم بەخت ھەم شەپقەت بولىدۇ».

«قايغۇ بىلەن يىغلىغان كۆزلەردىن ئاققان ياش كىشىنىڭ دىلىدا گۈلباغ يارىتىدۇ».

ئۇ يەنە يەردىن، تەبىئەتتىن بەخت ئىزدەش — بىھۇدە ئىشتۇر، دەپ يازىدۇ:

«پەررەندە (ئۇچار قۇشلار) ئاسماندا ئۇچىدۇ، ئۇنىڭ سايىسى يەرگە چۈشىدۇ. ئەخمەت ئوۋچى شۇ سايىنى راست پەررەندە دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەيدۇ، ئاخىرى چارچاپ بار - يوقىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ بۇنىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پەرەندىنىڭ سايىسى ئىكەنلىكىنى، شۇ سايىنىڭ ئەسلى (ئاساسى) قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ». ئۇ يەنە باشقا يەردە شۇنداق دەيدۇ:

«قەلب، سەن ئەگەر گۈزەللىنى ئىزدىسەڭ، ئۇنداقتا ئۆز - ئۆزۈڭدىن مەرتلەرچە كەچ، ئۆزۈڭنى يوقات، ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچ، شۇنداق قىلىپ، خۇدا بولىسەن، مۇخالىپسىز قۇل بولىسەن».

سوپى سەيد ئەمىر كۇلالى ئېيتقانىدى:

ئەۋلىيالار ئەۋلىيالىقنى (سوپىلار تىپىدىكى) تۆرت نەرسە بىلەن ئىگەللەيدۇ: «ئاچلىق، ئىزتىراپ، جىم تۇرۇش ۋە يالغۇزلۇق» (خىلۋەت).

بەزى سوپىلار ھەتتا شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارغانكى، قەھرىتان قىشتا يېلىڭ ياز كىيىمىنى كىيىشتى. ئۆز بەدەنلىرىنى مېقلار سانجىپ ئازابلاشتى. بايەزىد تەيفۇر ئەلبەستامىي بىسمىللا دېيىشتىن - خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشتىن بۇرۇن ئاغزىنى چايقايتتى.

ئەرىي سەقاتىي «ئۆزىنىڭ نەپسىنى تىيگەن كىشى ئەڭ كۈچلۈك كىشىدۇر، نەپسىگە تەسلىم بولغان كىشى ئەڭ ئاجىز كىشىدۇر» دەپ 70 يىل ئىچىدە ئورۇندا ياتمىدى، بېشىنى ياستۇققا قويمىدى؛ ئەبۇ بەكر ئەش - شىبلى بۇ دۇنيادىن، تەبىئەتتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، پەقەت خۇدا يولىدىلا شۇغۇللىنىش، خۇدا بىلەنلا بولۇش، خۇداغىلا ئىخلاس قويۇش، ئۇنى ئىنتۇئىتسىيە يولى بىلەن بىلىش ئۈچۈن بۇ يورۇق دۇنيانى زادى كۆرمەي دەپ، ئۆز كۆزلىرىگە تۇز سېپىپ، ئۆزىنى ئۆزى كور قىلغانىدى. سوپىلار فانىي، ۋاسىل بولىمەن، جاننى بەدەن قەپىزىدىن، مەنىسىزلىكتىن، سەرسانلىقتىن، ئازاپتىن، ھىجران ئەلەمىدىن ئازاد قىلىمەن دەپ، بۇ دۇنيادىن، جەمئىيەتتىن ئۆزلىرىنى خىلۋەتكە ئېلىپ، شۇ قەدەر پاجىئەلىك ھايات كۆچۈرگەن ئىدىكى؛ ياشاشلىرى شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىدىكى؛ ئۇلارنىڭ قىياپەتلىرى شۇنداق ئىدىكى، بەزىلىرىنى كۆرگەن ئاددى كۆز دەھشەتكە چۈشمەي قالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى خۇداغا شۇنچىلىك مەھلىيا ئىدىكى، ھەممىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىشقانىدى.

www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغ گۇمانىست جامىنىڭ «باھارىستان»دا شۇنداق ئېپىزوتقا دۇچ كېلىمىز: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ قولىغا كىرگۈزگەن جايلىرىنىڭ بىرىسىدە بىر قەلئەنى بۇزماقچى بولۇپ قالىدۇ، بىراق ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىشىچىكى، بۇ قەلئەدە بىر دەرۋىش، زاھىد ياشايدىكەن. شۇندىن كېيىن سەركەردە بۇ دەرۋىشنى ئۆزىنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ تەلەپ بىجىرىلىپ، دەرۋىش ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلىدۇ. سەركەردە دەرۋىشنىڭ قىياپىتىنى، كىيىملىرىنى كۆرۈپ دەھشەتكە چۈشىدۇ: «ۋە ‹ئاھ› قانداق دەھشەتلىك كۆرۈنۈش، ئۇ ئادەملەرنى ھەيرانلىقتا ۋە قورقۇنچقا سالىدۇ...» دەيدۇ. دەرۋىش بولسا، ئىسكەندەرنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىستېھزا بىلەن شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

— بۇ جۇلجۇل ۋە جۇنۇنىي تاشقى كۆرۈنۈشىمگە قاراپ ماڭا باھا بەرمە، گەپ غىلاپتا ئەمەس، بەلكى پىچاقتا...

فانى بولۇش (يوق بولۇش)، تەۋەھھۇد (بىرلىك) ئاشۇ سوپىلارنىڭ قارىشىچە، خۇدا بولۇش دېمەكتۇر. ۋاسىل بولغان، «ئەنەل ـ ھەق» لىققە ئېرىشكەن، ئابىستىراكت دۇنياۋىي ماھىيەت بىلەن بىرلەشكەن ئادەم ھەر قانداق ئازابلاردىن، تەلەپلەردىن ئازاد بولىدۇ. ئۇ — ھەممە بولىدۇ؛ «مەن» — «ھەممە» گە ئايلىنىدۇ؛ ئۇ ھەم ھەدسىز گۈزەل ھەم چەكسىز ئەبەدى بەختلىك بولىدۇ، ھاياتىي ھوقۇقىي چەكلىنىشلەردىن ئازاد بولىدۇ، يەنى سوپىلار چۈشەنچىسىدىكى خۇدا قانداق سۈپەتكە ئىگە بولسا، شۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولىدۇ، ھەقىقەت بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئېرىشكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ جالالىددىن رومىي بۇنداق دەيدۇ:
سەماۋىي تەخت ئۈستىدە يەر تۈزاڭدىن ئاسمان نەرسىلىرىگىچە،
ھىجراندا ۋە كۆرۈشىش شاتلىقىدا سېنىڭ بارلىق كۆرگەنلىرىڭ — ھەممىسى مەن.
ئىنجىل... قۇرئان — ھەممىسى مەن.
كەئبە ۋە خوداغا قۇربانلىق تەييارلاپ تەلپۈنگۈچىلەرنىڭ جايى — ھەممىسى مەن.
ئوت، سۇ، ھاۋا، يەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن،
ئوت، سۇ، ھاۋا، يەر ھەممىسى مەن.
پەرىشتەلەر ۋە جىنلار، روھ ۋە دىۋىلەر — ھەممىسى مەن.
مېنىڭ بەلگەم — نىشانسىز، مېنىڭ جايىم — ماكانسىز.
مەندە نە بەدەن، نە جان بولسۇن، چۈنكى ئۆزۈم جانلارنىڭ جېنى؛ ئۆزۈمدىن ئىككىلىكنى ھەيدىدىم ۋە كۆردۈمكى، ئىككى دۇنيا بىردۇر.
مەن شاھنىڭ قۇلى ۋە مەن دۇنيانىڭ شاھى، مەن بىرلىكمەن ۋە كۆپلىكمەن.
مەن ۋەھدەتكە (بىرلىككە) توپلانغانمەن، مەن چېچىلغان ئەمەسمەن.
مەن ھەم تاق، ھەم مېھمانلار بىلەن بىللە ئولتۇرىمەن.
مەن ھەم چۈشەنگۈچى، ھەم چۈشىنىۋاتقانمەن.
ھازىردا بولمىغان، ھەم ھازىردا يوشۇرۇن، ھەم تېپىلغان — مەن.

مانا بۇ تەسەۋۋۇفلارچە خۇدا بىلەن بىرلەشكەن، ئۆزىنىڭ شەخسى «مەن» لىكىنى

كوسمىك (ساماۋىي) «مەن» دە يوقاتقان ئادەمنىڭ خاراكتېرىستىكىسى.

جالالىددىن رومي تەسەۋۋۇفىغا، پەلسەپىسىگە گېگېل شۇنداق خاراكتېرىستىكا بەرگەندى:

«ئاجايىپ جالالىددىن رومىيدا جاننىڭ يىگانە زات بىلەن بىرلىكى مەخسۇس قەيد قىلىنغان، بۇ بىرلىك سۆيگۈ دەپ ئاتالغاندا شۇ نەرسە كېلىپ چىقىدۇكى، بۇ روھىي بىرلىك دۇنيادىكى چەكلەنگەن ۋە ئەھمىيەتسىز بارلىقلاردىن (يەنى بارچە ماددىي نەرسە ۋە ۋاقىئەلەردىن) ئاجرىلىپ يۇقىرىغا كۆتىرىلىش دېمەك بولىدۇ، روھىي ۋە تەبىئىي ۋاقىلىقنىڭ قايتا شەكىللىنىشى دېمەك بولىدۇكى، — بۇنىڭدا تەبىئەتتىكى، ئېمپىرىك دۇنيادىكى، روھىي ئالەمدىكى بارچە تاشقى كۈزۈنىشلىك مۇۋەققەت نەرسىلەرمۇ ئالاھىدە زوھۇر ئېتىلىدۇ، ھەم ۋەھدەتكە سىڭىپ كېتىدۇ» 1).

گيوتې ئېيتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، جالالىددىن رومىي «ۋاقىلىقنىڭ مۇئەممالىق زېھنىدە ئۆزىنى ناقۇلاي-ئاساسسىز ھېس قىلىدۇ» ۋە «نامايەن، ئۇكۇللى — ۋەھدەت تىلىماتىغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇكى، ئاقىبەتتە شۇ تۇپەيلى قانچىلىك يوقاتسا، شۇنچىلىك ئۇتىدۇ، ناھايەت ھەم مەمنۇن ھەم شۇ دەرىجىدە مەمنۇن ئەمەس، ھېچ بولۇپ قالىۋېرىدۇ» 2).

گېگېلنىڭمۇ، گيوتېنىڭمۇ جالالىددىن رومىي دۇنيا قارىشىغا بەرگەن بۇ قىسقا باھاسى ناھايىتى خاراكتېرلىق بولۇپ، كۆپ نەرسىنى ئايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى يالغۇز جالالىددىنغىلا ئائىت بولۇپ قالماي، مەلۇم جەھەتلەردىن، ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ ئائىتتۇر.

شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ سوپىلار ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائىي ۋاقىلىكتە ھەقىقىي بەخت تاپالمىغاندىن كېيىن مەزكۇر ۋاقىلىككە شۇنداق مىستىكا ئارقىلىق ئۆز نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئىسلام خۇداسىنى، دىنىنى، ئۇنىڭ ئۇ دۇنياسىنى، جەننەت، جەھەننەمنى، قۇرئان، ئىنجىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئاخىر رەت قىلىشقا كېلىپ يېتىدۇ، پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن سۈپەتلەرگە ئېتىراز كۆزى بىلەن قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەسادىپىي ئەمەسكى، مەۋجۇد دىنلارغا، جۈملىدىن ئىسلام دىنىغا قارشى. ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن تەسەۋۋۇفنىڭ ئۆزىگىمۇ قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار ماتېرىيالىست، ئاتېئىست، شەرقنىڭ نۇرانىي ئەقلى مىرزا فەتەلى ئاخۇندوۋ ئۆزىنىڭ، بولۇپمۇ «ھىند شاھزادىسى كەمالىددەۋلەنىڭ ئىران شاھزادىسى جەلالىددەۋلەگە يازغان مەكتۇبلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئاخىرقىنىڭ جاۋابلىرى»، «جەلالىددىن رومىي ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ دىنغا، ئۇنىڭ دۇئالىزىمىغا قارشى كۆرىشىدە سوپىلارنىڭ مونىزىم ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش پەلسەپىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى پىكىرلىرىدىن مەلۇم مەندە پايدىلاندى، ئۇلاردىن دەلىل سۈپىتىدە پايدىلاندى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىقتىباسلار كەلتۈردى، ئۇلارغا ئىسلام دىنىغا زىتلىق ئۈچۈن زىننەت بېرىپ، رىغبەت كۆرسەتتى.

1) گېگېل. پەلسەپە پەنلىرى قامۇسى.

2) گيوتې. غەربىي-شەرقىي دىۋان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، جالالىددىن رومىي دىيوككىرتنىڭ تەرجىمىلىرى ئارقىلىق گېرمانىيىدە ياخشى تونۇلغانىدى.

www.uyghurkitap.com



بۇنداق ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان سوپىلارنىڭ بەزىلىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق تەلىماتلىرى ئۈچۈن ئىسلام روھانىيلىرى تەرىپىدىن قەتل ئېتىلگەنىدى. باشقىلىرى بولسا، سۈرگۈندە، تەھدىت ئاستىدا بولغانىدى. چۈنكى فېئودال ئەكسىيەتچىلىكنىڭ تايانچى — دىن نامايەندىلىرى شۇنى ياخشى چۈشەنگەنىدىكى، بۇ سوپىلارنىڭ تەلىماتلىرى دىننى تەپتىش قىلىشقا قارىتىلغان، دىنىنىڭ ۋە بۇنىڭدىن مەنپەئەتدار بولغانلارنىڭ ئەكسىيەتچىل پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن قارشىلىق. ھەقىقەتتىمۇ ئاساسەن شۇنداق بولغانىدى. لېكىن، بۇ سوپىلارنىڭ بۇ قارشىلىقلىرى پاسسىپ خاراكتېردا ئىدى، ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ قارشى تۇرۇش ئوبيېكتىگە قارشى ئاكتىپ، ئەمەلىي كۈرىشىش، ئاممىنى شۇنداق كۈرەشكە چاقىرىش ھالىتى بولمىغانىدى. ئۇلار باشقا تەرەپتىن باشقا يول بىلەن ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكسىيەتچىل رول ئوينىغانىدى. ئۇلار دەيدۇكى. بۇ دۇنيادا (جەمئىيەتتە) زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك، نامراتلىق، غەم ـ ئەلەم شۇنداق قاتتىق ئورناشقانكى، بۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىش كېرەكلىك نەتىجە بەرمەيدۇ ۋە ئۇلار (زۇلۇم ئادالەتسىزلىك ۋە باشقىلار) ھەريەرگە شۇنداق كەڭ غۇلاچ يايغانكى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ دۇنيادا ئويناش ـ كۈلۈش ئۈچۈن ئىمكانىيەت قالمىغان، شاد ياشاشقا، ئەركىن نەپەسكە بەختكە ئورۇن قالمىغان. شۇندىن كېيىن بۇنداق سوپىلار بۇ دۇنيادا بەختنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، تەبىئەت ئەلەم ئۆيىدۇر دەپ، ھەقىقىي بەختنى، چىن خۇررەملىكنى، ئەسلى ھاياتنى تەبىئەتتىن ئەمەس، خۇدا ۋەسلىدە فانىيلىقتا كۆرۈشتى. تەركى دۇنياچىلىق، رىيازەت يولىغا كىرىشتى. بۇنداق پىكىرنى ھاكىم ئىسلام دىنى ئەكسىيەتچىلىكىنىڭ، زۇلۇمىنىڭ، ئادالەتسىزلىكىنىڭ، نامراتلىقنىڭ كەڭ غۇلاچ يايغان بىر دەۋردە ياشىغان مەشھۇر سوپى ھەسەن ئەل — بەسرى (مىلادىنىڭ 642 — 728 ـ يىللىرىدا ياشىغان) ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە ئىسلام دىنىغا قارىتا زەھەرخەندىلىك بىلەن ناھايىتى ياخشى ئىپادىلىگەن:

«دۇنيانىڭ بارچە سائادەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن تەقدىرىدىلا دوزاق ساختىلىقلىرىدىن، ئازاپلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولىدىكەن؛ مادامىكى، دۇنيادا كىشىنى قىزىقتۇرۇدىغان نەرسىلەر تولۇپ ياتقانىكەن، ئۇلاردىن ۋاز كېچىش بەك تەس؛ ئەمدى ... دۇنيادا ھېچقانداق نازـ نېمەت يوق ئىكەن، ئۇندىن ۋاز كېچىش، دېمەك جاننى خالاس قىلىش ناھايىتى ئاسان... مانا بۇ سوپىزىمنىڭ ئوبيېكتىپ ھالدا ئوينىغان ئىرتىجالىق رولى.

ئەمدى سوپىزىمنىڭ ئىككىنچى ئېقىمىغا قىسقىچە خاراكتېرىستىكا بېرەيلى. بۇنىڭغا ئېكلېكتىك دەپ نام بەرسەك بولىدۇ.

بۇ ئېقىمغا مەنسۇپ بولغانلار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن سوپىلارنىڭ پىكىرلىرىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ۋە خېلىلا قوبۇل قىلغانلار، لېكىن ئۇلارنى ئىسلام دىنى تەرتىپ ـ قائىدىلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلگەنلەر، شۇنداق سوپىزىم ئېقىمى بىلەن ئىسلام دىنىنى بىرلەشتۈرۈش، كېلىشتۈرۈش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغانلار. شۇنىڭ بىلەن مەلۇم مەنىدە ئېكلېكتىك دۇنيا قاراشنى يارىتىشقا ھەرىكەت قىلغانلار. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئەكسىيەتچىل رول ئوينىغان يۇقىرىدىكى سوپىزىم ئېقىمىنى ئىسلام دىنى بىلەن

بىرلەشتۈرۈپ، كېلىشتۈرۈپ، ئۆتۈپ كەتكەن ئەكسىيەتچىل ئېكلىكتىك مەزھەپنى ياراتقانىدى. دېمەك، شۇ مەنىدە بۇ ئېقىم ئىزچىل مونىستىك پانتېئىزىم (خـۇدا بىلەن تەبىئەت بىر دەپ قارايدىغان دىنىي - پەلسەپىي تەلىمات) پوزىتسىيىسىدە تۇرمىغان. بۇ ئـېقىم ھەر تەرەپلىمە ئەكسىيەتچىلىكنىڭ زور تايانچى بولغانىدى.

بۇ ئېقىمنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى مەشھۇر زەيندىدىن بىننى مۇھەممۇد ئىمام غەززالى (مىلادىنىڭ 1058 — 1111 - يىللىرى ياشىغانىدى.)

ئىمام غەززالى «ھۇججەتۇل ئىسلام» دەپ نام ئالغانىدى. شۇنداق دېيىلگەنكى، ئەگەر قۇرئان يوقۇلۇپ كەتسە، ئۇنى غەززالىنىڭ ئەسەرلىرى بويىچە تىكلەش مۇمكىن. غەززالى ئەرەب، پارس تىللىرىدا بىر قانچە ئەسەر يېزىپ پۈتۈن شەرقتە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن ۋە زور نوپۇزغا ئېرىشكەن.

غەززالى دەيدۇكى، دۇنيا ماھىيەتچە ئەمەس، فېنومېنچە (پەۋقۇلئاددە ھالدا) ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: ۋاجىبۇل - ۋۇجۇد ۋە مۇمكىنۇل - ۋۇجۇد. ۋاجىبۇل - ۋۇجۇد - مۇتلەقىي، ئۆزگەرمەس، دائىمىيدۇر. ئۇنىڭ ئەۋۋىلىمۇ يوق، ئاخىرىمۇ يوق. شۇ شۇنداق بارلىقتۇركى، ئۆزىدىن باشقىچە بارلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ھېچقانداق سەۋەبكە مۇھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۆزى سەۋەبتۇر، ھەر قانداق سەۋەبلەرنىڭ باش سەۋەبىدۇر. ئۇ ئـۆز بارلىقىدا، ئۆزىنىڭ «ئـۆز» ى بولۇپ تۇرۇشىدا ھېچقانداق باشقا بارلىققا مۇھتاج ئەمەس، مۇتلەقىي، مۇستەقىلدۇر. ھەممە جەھەتتىن كامىلدۇر. ئۇ ئۆزىگە ئوخشىغاننى بىلمەيدۇ ھەم، بۆلۈنمەيدۇ ھەم. مۇمكىنۇل- ۋۇجۇد بولسا بۇنداق ئەمەس. بىرىنچىدىن، ئۇ ۋاجىبۇل - ۋۇجۇددىن ماھىيەتچە بارلىق بولماستىن ، ئاشۇنىڭ ئۆزىنىڭ زۇھۇرىدۇر، ئاشۇنىڭ مېۋىسىدۇر، ئۇنىڭ ياراتقىنىدۇر. ئىككىنچىدىن، مۇمكىنۇل - ۋۇجۇد شۇنداق خاراكتېرگە ئىگىكى، ئۆز ھالىچە ياشىيالمايدۇ، ئۆزىدە ۋاجىبۇل - ۋۇجۇدقا باغلىق بولماستىن ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس، بار بولۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم. ئۆز ياشىشىدا، ۋاقىلىكىدە ئۆزىدىن باشقا بارلىققا، كۈچكە مۇھتاج، ئۆز - ئۆزىگە، ئۆز ۋاقىلىكىگە، ئۆز ھاياتىغا سەۋەب بولالمايدۇ، بۇنىڭدا ئۇ ئـۆزىدىن باشقا سەۋەبكە مۇھتاج. شۇنداق باشقا بارلىق، باشقا سەۋەب، كۈچ - ۋاجىبۇل - ۋۇجۇددۇر. ئۈچىنچىدىن، مۇمكىنۇل - ۋۇجۇد ۋاجىبۇل - ۋۇجۇد ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. مۇمكىنۇل - ۋۇجۇد ۋاجىبۇل - ۋۇجۇدنىڭ بىچارە زۇھۇرىدۇر.

غەززالى ۋاجىبۇل - ۋۇجۇد دەپ خۇدانى چۈشىنىدۇ. مۇمكىنۇل - ۋۇجۇد دەپ بۇ دۇنيانى، تەبىئەتنى، ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارنى چۈشىنىدۇ.

غەززالى بىرىنچى ئېقىمدىكىگە مەنسۇپ سوپىلاردەك، ئېيتىدۇكى، ئىنساننىڭ روھى، جېنى دۇنياۋى روھنىڭ (غەززالى ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا، ۋاجىبۇل - ۋۇجۇدنىڭ — خۇدانىڭ) ۋاقىتلىق، مەلۇم قىسقا ۋاقىتقا ئاجرىلىپ چىققان تەركىۋى بولۇپ، ئۇ ئـۆلمەستۇر، كۆچكۈچىدۇر. ئۇ بەدەندە (ئىنساننىڭ) ۋاقىتلىق بولىدۇ: بەدەن ئۇنىڭ ئۈچۈن قەپەز، قۇللۇق زەنجىرى. بەدەن ۋاقىتلىق، روھ - جان بولسا ئەبەدىي. بىر چاغدا بۇ روھ بەدەن مەھبۇسلىقىدىن ئازاد بولىدۇ ۋە يەنە دۇنياۋى روھقا قوشۇلىدۇ، قايتىدۇ، جەننەتتىن ئورۇن

www.uyghurkitap.com



ئالدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان خۇدا ۋەسلىگە يېتىدۇ، ئەبەدىي بەختكە ئېرىشىدۇ، تەييار سائادەتكە ئىگە بولىدۇ، ھەر قانداق ئەلەمدىن، بىرەر نەرسە تۇغرىسىدا غەم چېكىشتىن قۇتۇلىدۇ، ئەڭ ئالىي ۋە ئەبەدىي شەرەپلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

مەسىلە شۇنىڭدىكى، بۇ ئۆز - ئۆزىدىن بولمايدۇ. بۇنىڭغا يېتىشىش ئۈچۈن ئىنسان مەلۇم شەرتلەرنى بېجىرىشى، مۇئەييەن يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشى شەرت. غەززالىچە، بۇ شەرتلەر، يوللار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئىسلام دىنىنىڭ ئېيتقانلىرىنى، قانۇن - قائىدىلىرىنى، ئەقىدىلىرىنى، قۇرئاننى ھەمىشە ھەقىقەت دەپ بىلىشۇن، ئۇلارغا تەۋە بولسۇن، ئۇلارنى سۆزسىز بېجىرسۇن. ئىسلام ئەربابلىرىنىڭ، روھانىيلانىڭ شەيخ، دەرۋىشلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى قىلىپ ئۇلارغا بويسۇنسۇن، ئۆزىنى پۈتۈنلەي دىن يولىغا بېغىشلىسۇن.

شۇنداق قىلىپ، غەززالى ئىسلام دىنىنىڭ بارچە ئەقىدىلىرىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ، قۇرئاننى، پەيغەمبەرنى، جەننەت، جەھەننەمنى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ ۋە تەسەۋۋۇفنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان مۇناسىۋىتىدىكى مۇسبەت تەرەپلىرىنى - ئىجابىي مومېنتلىرىنى ئېلىپ تاشلايدۇ ۋە خەلقنى ئەبەدىي بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن (بۇ ھەقىقىي ئالەمدىن تاشقىرىدا) ئىسلام دىنىنىڭ، ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلغان تەسەۋۋۇفنىڭ قانۇن قائىدىلىرىنى بېجىرىشنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭچە، ھەربىر ئادەم بىلىشى كېرەككى، بۇ دۇنيا، ئۇنىڭدىكى ھايات ۋاقىتلىقتۇر، ئېچىنىشلىقتۇر. ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاش ئادەمنى بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ، ئىنسانغا دوست بولۇپ كۆرىنىدۇ، ئالدامچىلىق قىلىدۇ، ئەسلىدە ئىنسان بەختىنىڭ دۈشمىنىدۇر. غەززالى ئۆزىنىڭ مەشھۇر «كىميايى سائادەت» دېگەن ئەسرىدە يازىدۇكى، خۇدانى ۋە ئاخىرەتنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن مۇھەببىتىنى بۇ دۇنياغا قاراتقانلار ۋە ئۇنى سۆيۈش ئۈچۈن ئۆز دىلىنى ئۇنىڭغا باغلىغانلار كافىردۇر، ئەبەدىي سائادەتتىن مەھرۇم بولغان بەختسىزلەردۇر. دېمەك، غەززالىچە، دۇنيادىن، ئۇنى ئۆگىنىشتىن، پەنلەردىن، دۇنيا لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىش كېرەك. بۇ ھەقتە يەنە ئۇ يازىدۇ:

«ئىلمى زاھىر (تەبىئەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇنى ئۆگىنىش، تەبىئەت تۇغرىسىدىكى پەن) تەسەۋۋۇف يولىدا تورغان توسۇق. ئەگەردە سەن كۆڭۈل ئەينىكىدە بەش خىل ھېس بىلەن يارىتىلغان پەنلەر (تەبىئەت ھەققىدىكى ھەقىقىي پەنلەر) بىلەن شۇغۇللانساڭ، ئۇ چاغدا قەلبىڭ مەرىپەت (خۇدانى تونۇش) مەنبىئى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەردە سەن ئەينەكنى - كۆڭۈلنى ھېس بىلەن يارىتىلغان مەلۇماتلاردىن (ھېسلارنىڭ تاشقى ئالەم، تەبىئەت ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرىدىن) ئازاد قىلساڭ، ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە مەرىپەت مەنبىئى پەيدا بولغۇسى ۋە دۇنيا روشەن بولغۇسى».

دېمەك، تەبىئەتتىن يۈز ئۆرۈش كېرەك. قاياققا؟ خۇداغا، خىلۋەتكە، ئۆزلۈكتە چوڭقۇرلىشىشقا، ئىنتۇئىتسىيەگە (ھەقىقەتنى بىۋاستە تەجرىبىسىز بىلىش مۇمكىن دېگەن قاراشقا)، شۇنداق قىلىپ، خۇدانى بىلىشكە. غەززالى باشقا يەردە يازىدۇ:

«ئۆگىنىش (تەبىئەتنى) يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن چېكىنىش، ئېكستاز ۋە مەنىۋى ۋۇجۇدنىڭ قايتىدىن تۇغۇلۇشى ئارقىسىدىلا ئاخىرقى چېگىرىغا ئېرىشىش مۇمكىن

ئىكەنلىكى ماڭا ئوچۇق مەلۇم بولدى».

غەززالىچە، مانا شۇ شەرتلەرنى بېجىرىپ، شۇنداق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ خۇدا ۋەسلىگە يېتىش، جەننەتتىن ئورۇن ئېلىش مۇمكىن. فانىي بولۇش مۇمكىن.

ئىمام غەززالىي بۇنى ئېيتىپلا قالمىدى، بەلكى كۈچىنىڭ بارىچە ئۇلارنى تەرغىپ قىلدى. شۇ چاغلاردا جاھالەت، نامراتلىق، ئىلىمسىزلىك، زۇلۇم ئاسارىتىدە بولغان، ھەددىدىن ئاشقان ئىنسانىي ئېكسپىلاتاتسىيە چاڭگىلىدا ئىڭرىغان، ئادالەتسىزلىكنى زۇلمەتنى يوقىتىپ تاشلاشتا ئاجىزلىق قىلغان ۋە ئۈمىتسىزلىككە چۈشكەن بىچارىلەر ئارىسىغا ئۆز پىكىرىنى يېيىشتا غەززالىنىڭ قازانغان مەلۇم مۇۋەپپەقىيىتى تەئەججۈپلىنەرلىك ئەمەس.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دېمەك، غەززالىي دۇنيا قارىشىدا يېڭىلىق، ئورىگىناللىق يوق. ئۇنىڭدىكى «يېڭىلىق» ئېكلېكتىزىم.

كۆپ ئىلغار پىكىرلىك پەن ئەرباپلىرى غەززالىغا قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ باردى. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئەسىردىشى مەشھۇر پەيلاسوپ ئىبىن رۇشد غەززالىينىڭ نۇرغۇن تەلىماتلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇلارغا قارشى ئىسپانىيىدە مەخسۇس ئەسەرمۇ يازغانىدى. ئىبىن رۇشد خۇسۇسەن غەززالىنىڭ شەخسى روھىنىڭ (جېنىنىڭ) ئۆلمەسلىكى ھەققىدىكى تەلىماتىنى رەت قىلغانىدى. بۇ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى ۋە كېيىن شەرقتە غايەت ئىجابىي رول ئوينىدى.

ئەمدى، سوپىزىمنىڭ يەنە بىر ئاساسىي ئېقىمىنى ئالايلۇق. ئۇ XII - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋە XIV - ، XV ئەسىرلەردە ئورتا ئازىيادا راۋاجلانغان، ھەتتاكى، رەسمىلەشكەن سوپىزىم ئېقىمى. ئۇ ئاساسەن مەشھۇر نەقشبەندىنىڭ نامى، تەلىماتلىرى بىلەن باغلىق. بۇ ئېقىم يۇقىرىدىكى ئېقىملارنىڭ ئىككىسىدىنمۇ بەزى، ھەتتا پىرىنسىپال دۇنيا قاراش مەسىلىلىرىدە مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

بۇ ئېقىمنى مەشھۇر ئەھمىيلىكنىڭ *) ئاساسەن بىر كۆرۈنۈشى، دەپمۇ پەرەز قىلساق بولىدۇ. بۇ ئۈچىنچى ئېقىمغا تەركى دۇنياچىلىقنىڭ زورۇرلىكىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئېقىم نامىنى بېرىش مۇمكىن.

نەقشبەندگە قەدەر ئوتتۇرا ئازىيادا XII ئەسىرنىڭ ئالدىلىرىدا مەيدانغا كەلگەن

---

*) ئەھمىيلىك ئېقىمىغا نىزامىي گەنجەۋىيمۇ مەنسۇپ. ئەرەب سەيياھى ئىبنى بەتتۇتە ئەھمىيلەر ھەققىدە شۇنداق خەۋەر بېرىدۇ:

«رۇم تۈركلىرى بىلەن يۇرت بولغان پۈتۈن ئۆلكىلەردە، ھەر ۋىلايەتتە، ھەر شەھەردە، ھەر يېزىدا بولاردىن بار. پۈتۈن دۇنيادا غېرىپ ۋە يۇرتسىزلارغا بۇلاردەك غەمخور بولغان، ئاچ ئادەمنى تويدۇرۇدىغان، ئېھتىياجىغا ياردەم بېرىدىغان جەبىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، زالىم سەركەردىلەرنى، ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە تەييار بولغان ئادەمنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس». ئۇلار ئۆزلىرىگە باشلىق سايلايدۇ. ئۇ ئەخي ياكى فۇتۇۋە دېيىلىدۇ، «ئۆي سېلىنىدۇ، ئازادە، چىراق ۋە لازىم بولغان نەرسىلەر بىلەن جاھازلىنىدۇ. ئۇنىڭ (ئەھمىيلىك) ھەمراھلىرى كۈندۈزى ئىشلەيدۇ، ئۆيلىرىگە ئوزۇق تاپىدۇ. ئاخشىمى قاش قارايغاندا تاپقانلىرىنى ئەخي ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ پۇللارغا مېۋە، تاماق ۋە ئۆيگە لازىم بولغان باشقا نەرسىلەر ئېلىنىدۇ. شۇ كۈنى شەھەرگە بىر غېرىپ كەلسە، ئۇلار ئۆز يانلىرىدىن ئۇنىڭغا ئورۇن بېرىدۇ. ئۇنى بىكار ئوزۇقلاندۇرىدۇ ۋە ئۇ ئادەم كەتكىچىلىك ئۇلارنىڭ يېنىدا بولىدۇ... مەن دۇنيادا بۇلاردەك گۈزەل ئىشلار قىلىدىغان ئادەملەرنى كۆرمىدىم»

www.uyghurkitap.com

يەسەۋىيچىلىك ناھايىتى كەڭ تارقالغانىدى. يەسسەۋىچىلىك ئۆز تەسىرىنى ھەتتا ئۆز ۋەتىنىدىن تاشقىرىغا، مەسىلەن، ئىرانغا ئۆتكۈزەلىگەن. بۇ ئېقىم ئەھمەد يەسسەۋىي نامى بىلەن باغلىق. بۇ ئېقىم مەلۇم دەۋر ئىچىدە ئىدىيە ساھەسىدە ئىسلام دىنىي بىلەن بىرلىكتە ھاكىم ئىدى. ئۆزىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە سالماقلىق نەزىرىيىچىلىرىنى، داۋاملاشتۇرغۇچىلىرىنى، تەشۋىقاتچىلىرىنىمۇ ياراتقانىدى. شۇنداقلارنىڭ بىرى 1192 - يىلى ۋاپات بولغان سۇلايمان باقىرغانىي بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاخىر زامان»، «باقىرغان» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئايرىم ھاياتلىق روھىنىكى مومىنتلاردىن قەتئىي نەزەر، ئاساسەن ئۆز ئۇستازى خوجە ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تەلىماتلىرىنى يەنىمۇ ئاممىباپ قىلىش ۋە تەرغىپ ئېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

بۇنداق ئىدىيىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاشۇ چاغدىكى ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا خەلق ھەم مەملىكەت بېشىغا پالاكەتلەر كەلتۈرگەن چىنگىزخان ئادەملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئازىيانى ئىشغال قىلىشلىرى (1218 — 1225) ۋە ھۆكۈمرانلىقلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، ئەكسىيەتچىلىك، زۇلۇم ئاساسىي سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ، ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

ئەدەبىياتتا بۇنداق ئىدىيىنىڭ يەسسەۋىيچىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى XIV - ئەسىرگىچىلىك داۋام قىلدى ۋە كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي راۋاجلىنىش، ئۆزگىرىشلەر مىستىتسىزمغا كاتتا زەربە بەردى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭغا بىر قاتار پىرىنسىپال مەسىلىلەردە زىت بولغان باشقا دۇنيا قاراش ئالدى. بۇ دۇنيا قاراش ئىلمىنىڭ، دۇنياۋىي ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئىدىيىلەرگە قارشى كۈرەشتە چوڭ رول ئوينىدى. بۇ دۇنيا قاراش ھەققىدە سۆزلەشتىن ئاۋۋال يەسسەۋىينىڭ دۇنيا قارىشىغا قىسقىچە خاراكتېرىستىكا بېرىپ ئۆتەيلى.

ئەھمەد يەسسەۋىي غەززالىغا ئوخشاش ئۆتۈپ كەتكەن مىستىك سوپىزىم بىلەن ئىسلام دىنىنى بىرلەشتۈرۈشكە، تەسەۋۋۇپنى ئىسلام دىنىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا تىرىشقان ئېكلېكتىك.

يەسسەۋىي ئېيتىدۇكى، بۇ دۇنيا، تەبىئەت ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلغان خۇدا قارىشىدا، نېرىقى دۇنيا ئالدىدا كامىل ئەمەس، ئۇنىڭ قىممىتى ھېچ (يوق) دۇر. دېمەك ئۇنىڭدىن كۆڭۈل سوۋۇتۇش ۋە ۋاز كېچىش كېرەك. مەسىلەن، ئۇ يازىدۇ:

دۇنيا پەرەست ناجىنسلاردىن بويۇن تاۋلا،
بويۇن تاۋلاپ دەريا بولۇپ تاشتىم مانا.

ئىنساننىڭ ئاساسىي مەقسىدى خۇدا ۋەسلىگە يېتىش، ئۇنىڭدا فانىي بولۇش، ئۇنىڭ بىلەن ۋەھدەت تەشكىل ئېتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىكتىن، ئۆز يالغۇزلۇقىدىن ئىز قالدۇرماسلىق ۋە جەننەتتىن ئورۇن ئېلىشقا ئىنتىلىش لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقانلىرىنى بېجىرىشى، كۆپلىگەن سوپىلار، جۈملىدىن، يەسسەۋىينىڭ ئۆزى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت، ھەقىقەت كەبى باسقۇچلاردىن ئۆتۈشى كېرەك. دۇنيادىن ئۆزلىكىدىن ۋاز كېچىشى، جېنىنى قەپەزدىن - تەندىن خالاس قىلىشى كېرەك. ئۆزىنى خىلۋەتكە تارتىپ، پىكرىنىمۇ، زىكرىنىمۇ خۇداغا بېرىش، ئىنتوئىتسىيە يولى بىلەن ئۇنى ئىدراك ئېتىش ئۈچۈن تىرىشىش، ھەر-

قانداق ئازابلارغا چىداش، بېشنى ياستۇق ئورنىغا تاشقا قويۇش شەرت.

يەسسەۋىي ئۆز «ھىكمەت» لىرىدە يازىدۇ:

بارچە ئىشنى كامىل تۇتۇپ شەرىئەتكە،
باشىدىن كېچىپ، قەدەم قويۇپ تەرىقەتكە،
جان ۋە دىلنى مۇشتاق ئېتىپ مەرىفەتكە،
ھەقىقەتنى ئەسرارىغە جۇيان بولۇر.

پىر ئەمرىگە لازىم بىلىپ ئىستائەتنى،
پېشە ئەيلەر سەبرۇ رىز قەنائەتنى،
دائىم قىلىپ ئۆز نەفسىگە سىياسەتنى،
چىن تالىبلار قاتارىدا بولغان بولۇر.

ئاندىن سۇڭرە تائەتىدىن تاپىپ مەلال،
باتىنىدىن كېتەر ھەۋەس فاسىد خەيال،
زاھىر باتىن سالىك بولۇر ساھىبجەمال،
جەمالىدىن نۇر باتىنى تابان بولۇر.

ئاندىن سۇڭرە دىلىدىن سىرگە ئەبۇر ئېتەر،
تۆرت ئەناسىر ھىجابىدىن تەمام ئېتەر،
سىر كۆزىگە ئەسرار ئاندا زۇھۇر ئېتەر،

سىر سارى ئالىي ئەللاھنى بىلگەن بولۇر.
ئاندىن سۇڭرە بولۇر بولغاي جانى ئاگاھ،
جانى ئاگاھ بىرلە ئېتىپ فەنافىل ئەللاھ، ...

ئانداغ ئارىف بولۇر ئېرمىش كىميا نەزەر،
تۇپراق بولسا بىر نەزەردە ئەيلەرمىش زەر.

يەكۈن ئۈچۈن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كەلتۈرەيلى:

زالىم ئەگەر جەفا قىلسا ئەللاھ دېگىل،
ئىلگىك ئاچىپ دۇئا قىلىپ بويۇن سۇنغىل.

يەسسەۋىي، ھەتتا دەۋا قىلىپ ئېيتىدۇكى، ئۇ گويا ئاخىرى مەخسەتكە ئېرىشكەن — خۇدا بىلەن ۋەھدەت تەشكىل ئېتىشكە (يەنى خۇدا بىلەن بىرلىشىپ كېتىشكە) مۇۋەپپەق بولغان، «ئەنەلھەق» دېيىشكە نائىل بولغان ئىمىش.

ئايا دوستلار، پاك ئىشقنى قولغە ئالدىم،
بۇ دۇنيانى دۈشمەن تۇتۇپ يۈردۈم مانا.

www.uyghurkitap.com

ياقام تۇتۇپ دەرگاھىڭغا سېغىنىپ كەلدىم،
ئىشق بابىدە مەنسۇر سۈپەت بولدۇم مانا...

ئەي مۆئمىنلەر، مەن ھەم مەنسۇر بولدۇم مانا...

مانا، يەسسەۋىي دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىي مەھىيتلىرى.

بۇ يەردە سۆز ئارا ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، توغرا، يەسسەۋىي ئايرىم تەرەپلەردىن قارىغاندا ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا مەلۇم ئورۇنغا ئىگە. ئەدەبىي تىلىمىز تەرەققىياتىدا مۇئەييەن رول ئوينىغان. لېكىن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ خاراكتېرلىك بولغان غايە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەكسىيەتچىل مىستىتسىكا، تەركىي دۇنياچىلىق، مۇرەسسەچىلىك. XIV - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە يەسسەۋىچىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مىستىك دۇنياقاراش ئۆزىنىڭ ئورنىنى دۇنياۋىي ئېقىمغا، رېئاللىق، رېئال ھايات، تەبىئەت بىلەن باغلىق ئىدىيىگە بەردى. شۇنداق روھتىكى يېڭى ئىدىيىنىڭ، ئەدەبىياتنىڭ ئۇنۇپ، ئۇسۇشىدە نەقشبەندىيلىك ئېقىمىمۇ چوڭ رول ئوينىدى. بۇ ئېقىمنىڭ ئاساس سالغۇچىسى مەشھۇر نەقشبەندىدۇر. ئۇنىڭ تولۇق نامى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد فەزلى بۇخارىي ئىدى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 718 - يىلى (مىلادىنىڭ 1314 - يىلى) بۇخارادا قەسرى ئارىغان دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. سەييد شەرىفنىڭ «تارىخى راقىمىي» سىدە خەۋەر بېرىلىشىچە، نەقشبەند ئۆز تەھسىلىنى ۋە تەربىيىسىنى ئاساسەن مەشھۇر سوپى ئەمىر كۇلالىيدىن ئالغان.

نەقشبەند ئايرىم چېكىنىملەردىن قەتئىينەزەر سوپىيانە پانتېئىزىم، شۇنداق ئىدېئالىستىك مونىزىم پوزىتسىيىسىدە تۇرغان. ئۇنىڭچە، بىرلا خۇدا بار، ئۇ بىز كۆرۈۋاتقان رېئال نەرسىلەردە ئىپادىلەنگەن، يوشۇرۇن. نەقشبەند ئۇچۇن بۇنىڭدىن تەبىئىي ھالدا كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە شۇمۇ بولغانكى، بىرلا رېئال بارلىق بار. بىرلا دۇنيا بار، ئەسلىنى ئالغىنىمىزدا شۇ دۇنيا بىرلا ھايات بار. شۇنداق قىلىپ، نەقشبەند ئىسلام دىنىنىڭ دۇئالىزمىنى ئاساسسىز دېيىشكە بەزەن يېتىپ كېلىدۇ. نەقشبەند بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى.

مەسىلىنىڭ ئىككىنچى تەرىپى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك. مەسىلىنىڭ بۇ ئىككىنچى تەرىپى تۆۋەندىكى مەنىنى، پىكرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پانتېئىزىم شۇ ئاساستىكى مونىزىم ئىدىيىسىدىن نەقشبەند تەركى دۇنياچىلىقتا ئېلىپ بارىدىغان خۇلاسە چىقارمايدۇ، ئەكسىيەتچىل مىستىتسىكا، ئېكستازچىلىق، مۇتلەقىي خىلۋەتچىلىك، گۇشەنىشىنلىك (دەرۋىشلىك)، رىيازەت ۋاستىسى بىلەن خۇدادا فانىي بولۇش، شۇنداق قىلىپ، خۇدانىڭ ۋەسلىدە ھەقىقىي ھايات ئىزدەش، چىن بەخت، ئازادلىقتا ئېرىشىش پىكرىنى، غايىسىنى ئىلگىرى سۈرمەيدۇ. نەقشبەند بۇ دۇنيا ئەسلى ماھىيەت (دېڭىز) قارىشىدا ھېچدۇر، كامىل ئەمەستۇر، ئۇنىڭدىكى ھايات ۋاسىللىقتىكى ھايات قارىشىدا مەنىسىزدۇر دېمەيدۇ. نەقشبەند نەجات، ھەقىقىي بەخت، ئازادلىق ئېكستازدا، رىيازەتتە ۋە شۇ ئارقىلىق ئېرىشىلگەن فانىيلىقتا، ئۆزلىكىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئىگە قايتىشتا دېمەيدۇ. نەقشبەند دۇنيادىن ۋاز كېچىش كېرەك، ئۇنى - ئۇنىڭدىكى

ھاياتنى ئاساسقا ئەسلى ماھىيەتكە ــ خۇداغا، ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىنكى ھاياتقا ــ فانىيلىقتا قۇربان قىلىش كېرەك دېمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇ شۇ دۇنيادا، تەبىئەتتە شاد خۇرام ياشاش كېرەك، شۇ رېئال دۇنيانىڭ، تەبىئەتنىڭ لەززەتلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك، دەيدۇ. بۇ، بۇنداق ھالەت خۇدانى، كېلەچەكنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا، بىر تەرەپكە سۈرۈپ قويۇشقا ئېلىپ كەلمەسلىكى كېرەك دەيدۇ، نەقشىبەندى. ئۇنىڭچە باتىندىن (ئىچتىن) ھەق (خۇدا) بىلەن، زاھىردىن (سىرتتىن) خەلق بىلەن بولۇش كېرەك. ھايات بىلەن، تەبىئەت بىلەن بولۇش كېرەك. جامىي ئۆزىنىڭ «نەفەھاتۇل ـ ئۇنىس» دېگەن ئەسىرىدە دەيدۇكى، نەقشىبەندىچە، باتىندىن ھەق بىلەن شۇنداق مۇناسىۋەتتە، ئالاقىدا بولۇش كېرەككى، ئۇنى خەلق ياراتقۇچى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان، ھېچقانداق باغلىنىشى يوق دەپ ئويلىسۇن. بۇ، بۇنداق ھەرىكەت ۋاسىلىقتا، پانىيلىقتا خۇدا بىلەن بەخت تەشكىل ئېتىشكە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ ۋە ئۇنى، ئۇنىڭ ئىمكانىيىتىنى ئىستىسنا قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ مەلۇم مەنىدە شۇلارنى كۆزدە تۇتىدۇ، دەيدۇ. نەقشىبەند ۋە ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى 4 ئاساسىي پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن.
2. سەفەر دەر ۋەتەن.
3. نەزەر دەر قەدەم.
4. خۇش دەر دەم.

بۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ قىسقىچە خاراكتېرىستىكىسى تۆۋەندىكىچە:

1. خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن. بۇنىڭ بىلەن نەقشىبەند دېمەكچى بولىدۇكى، ئىنسانلاردىن ئايرىلغان ھالدا ياشاش، يەككىلىكتە كۈن كۆچۈرۈش، خىلۋەتخانىلارنى ماكان قىلىۋېلىپ، ئۇ يەرلەردە ئۆز ـ ئۆزلىگىدە چوڭقۇر چۆكۈپ ھايات كۆچۈرۈش يارىمايدۇ. بۇنداق خىلۋەتتە ئاپەت باردۇر، دەيدۇ، نەقشىبەند. نەقشىبەندىچە، ئىنسانلار ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىش، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ياشاش كېرەك. خەيرىيەت ـ جەمئىيەتتىن، دەيدۇ، نەقشىبەند. ئىنسانلار بىلەن جەمئىيەتتە جامائە بولۇش، ئۇلار بىلەن ئالاقە، باغلىنىشتا بولۇش، ئۇلار بىلەن ئۆزۈك ئۈچۈنمۇ، ئۇلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىق سۆھبەتتە بولۇش لازىم. شۇ مەنىدە ئىنسان ئىجتىمائىي بولۇشى كېرەك. شۇنداق بىرلىكتە ياشاشنىڭ پايدىلىق مۇناسىۋەتتە، سۆھبەتتە بولۇشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ــ ئۆز قول كۈچى بىلەن، ئۆز ئەمگىكى بىلەن، ئۆزئەمگىكى ئارقىلىق ئېلىنغان ھالال ئۇنۇم بىلەن كۈن كۆچۈرۈش، تىرىكچىلىك قىلىشتۇر، خۇشال ياشاشتۇر. بۇ ھالەت قول ساقلاشنى، خوجا بولۇشنى، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەمگىكىدىن پايدىلىنىشنى ئىستىسنا قىلىدۇ. نەقشىبەندىچە، قول بولۇش، خوجا بولۇش بەندىلىككە توغرا كەلمەيدۇ، خاس ئەمەس. بىز ئۆزىمىز خىزمەتچىمىز (خۇدانىڭ)... ئىبادەت دېگەن نەرسە ئون جۇزئىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوندىن توققۇزى بىراۋنىڭ ئەمگىكىسىز، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىسىز، ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق تېپىلغان نەرسىلەر بىلەن ھالال ھايات كۆچۈرۈشتۇر (ئەبول ھەسەن مۇھەممەد باقىر بىننى مۇھەممەد ئەلىنىڭ نەقشىبەند سەرگۈزەشتىلىرىگە ۋە قىسمەن تەلىماتىغا ئاتاپ يازغان «مەقاماتى نەقشىبەندىي» ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىرىغە قاراڭ). مانا شۇنداق ئەمگەك قىلىش ئۇچۇن، ئۇنىڭغا ئېرىشىش، قابىل بولۇش ئۈ-
چۈن نېمە دەخلى يەتكۈزسە، شۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەك. نەقشىبەند بەزەن، دىنىي تەق-
ۋالارنى شۇنداق دەخلى يەتكۈزگۈچىلەر دېيىشكىچە بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرىدى-
كى ئەسەردە خەۋەر بېرىلىشىچە، نەقشىبەند بىچارە مۇھتاجلارغا ياردەم بېرىش كېرەكلىكى
ھەققىدىمۇ سۆزلىگەن. ئۇنىڭچە، نەفئى ناماز، نەفئى روزىدىن شۇنداقلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش
ئەۋزەلرەكتۇر.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى بېجىرىشتە، ئۇلارغا رىئايە قىلىشتا نەقشىبەندنىڭ ئۆزى ۋە
ئۇنىڭ ئەتىراپىدىكىلەر، ئۇنىڭ ھەمپىكىرلىرى شەخسى ئۈلگە بولۇش ھەركىتىدىمۇ بولغانىدى.
مەسىلەن، ئۇلار ئۆز كۈچى بىلەن بىرلىكتە دېھقانچىلىق قىلاتتى، بىر-بىرسىگە ياردەملىشەت-
تى، ھالال ئەمگەك يولى بىلەن تېپىلمىغان نەرسىنى ئىستېمال قىلىشتىن ئۆزلىرىنى يىراق
تۇتاتتى. يۇقىرىدىكى ئەسەردە بۇ ھەقتە، مەسىلەن، شۇنداق بىر ۋەقە كەلتۈرۈلگەن:

بىر كۈنى ھىرات پادشاھى مەلىك ھۇسەيىن نەقشىبەندنى ئۆز ھوزۇرىغا مېھماندار-
چىلىققا دەۋەت قىلىدۇ. نەقشىبەند بۇنى بېجىرىشتىن باش تارتماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۆ-
زىگە باغلىق بولمىغان باشقا سەۋەبلەر بىلەن شاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.
بارغىنىدا ئۆزىنىڭ ئالدىدا مىلك خىل نازۇ نېمەتلەرنىڭ قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ. نەقشىبەند
ئۇلارغا پەرۋا قىلماي ئولتۇرىدۇ. ئۇلاردىن ئىستېمال قىلمايدۇ. پادشاھ ھەيران بولۇپ، قو-
يۇلغان تائاملاردىن يېيىشنى نەقشىبەندكە قايتا-قايتا تەكلىپ قىلىدۇ، لېكىن نەقشىبەند
ھېچ نەرسە يېمەيدۇ. شۇندىن كېيىن پادشاھ غەزەپ ئارىلاش تېخىمۇ ھەيرەتكە چۈشۈپ،
نەقشىبەندىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. نەقشىبەند ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ، مەن پادشاھ-
لار داستىخىنىدىن تاماق يېمەيمەن، چۈنكى بۇنىڭدىكى نەرسىلەر ھەقسىزلىق يولى بىلەن
بۇ يەرگە كەلتۈرۈپ قويۇلغان، پادشاھنىڭ ئۆز ئەمگىكى، ئۆز كۈچى بىلەن يارىتىلمىغان،
دېمەك، ئۇلار ھالال ئەمەس، دېگەن.

2. سەفەر دەر ۋەتەن. نەقشىبەند ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى بىرىنچى پىرىنسىپىنى مەن-
تىقىي داۋاملاشتۇرۇپ، راۋاجلاندۇرۇپ ئېيتىدۇكى، بىر يەردە، خىلۋەتتە ئولتۇرۇۋەرمەي، ئۆزلەتكە
قاچماي ھەر يەرلەرگە، باشقا شەھەرلەرگە، مەملىكەتلەرگە بېرىش كېرەك، ساياھەت قىلىش كېرەك،
دۇنياغا سەپەر قىلىش كېرەك، ھايات ئالىمىگە چوڭقۇرراق، كەڭرەك كىرىش كېرەك، ھايات
ئالىمىنى، تەبىئەتنى، ئۇنىڭ بايلىقلىرىنىمۇ يېقىندىن تاماشا قىلىش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش زۆرۈر.
نەقشىبەندچە، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسان ھاياتىنى، بۇ دۇنيانى، ئۇنىڭ لەززەتلىرىنى ياخشى
بىلگەن بولىدۇ، ئىنسانىنىڭ چۈشەنچىسى ئاشىدۇ. ئۇ ھەرقانداق يېڭىلىقلارنى، ئۇخشىماسلىقلارنى
كۆرىدۇ. دۇنيادا قانداق لەززەتلەر، گۈزەللىكلەر بارلىقىنى يەنىمۇ ياخشى سېزىدۇ. دۇنيانى
قەدىرلەيدىغان بولىدۇ، دۇنيانىڭ، تەبىئەتنىڭ غۇربەتخانە، غەمخانە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ،
شۇنداق دۇنيادا، شۇنداق تەبىئەتتە ئۆمۈرنى غەمدە، ئەلەمدە، خىلۋەتتە ئۆتكۈزۈش خۇدا
ئالدىدا نانكورلۇق ئىكەنلىكىگە ئىمىن بولىدۇ.

3. نەزەر دەر قەدەم. نەقشىبەندچە، ھەر قەدەمنى ئويلاپ، پىكىر قىلىپ، قەدىرلەپ
بېسىش كېرەك. بېسىلغان ھەربىر قەدەم بىكارغا كەتمىسۇن ۋە ئۇنىڭدىن بەختسىزلىك،

غەم ئەلەم يەتمەسۇن، هەربىر قەدەم پايدا سىرى بىسلغان بولسۇن، قەدەم هايات ۋە تەبىئەت سىرى، خۇررەملىك سىرى بىسلغان بولسۇن. هەربىر قەدەمنى غەنىمەت دەپ بىلسۇن ۋە غەپلەتتە قالمىسۇن.

4. خۇش دەر دەم. بۇ دۇنيا، تەبىئەت لەززەتلەر، نازۇ نىمەتلەر ماكانىدۇر ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە هەربىر شەخسنىڭ بۇنىڭدىكى هاياتى چەكلىكتۇر، ۋاقىتلىقتۇر. ئىنسان شۇ دۇنيادىن، شۇ تەبىئەتتىن، ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن، نازۇنىمەتلىرىدىن پايدىلىنىشى كىرەك. چۈنكى ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يارىتىلغان، ئۇلاردىن ئىنسانلار بەهرە ئالسۇن. تەبىئەت ئويناق، جىلۋىلىكتۇر، ئىنسان ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا قانات سۇندۇرمىسۇن، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بىرىپ، كۈچ سەرىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بەهرە ئالسۇن.

نەقشبەندنىڭ بۇ پىرىنسىپىچە، هەر نەپەسنى غەنىمەت، ئۇلجا دەپ بىلىش ۋە ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، شادلىق، خۇرسەنچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈش كىرەك ۋە شۇنىڭغا كىرىشىش، شۇ يولدا پائالىيەتتە بولۇش كىرەك. بۇنىڭ ئەكسى بولسا، ئۇنىڭدىن باش تارتىش زۇلۇر. بۇنداق خۇررەم نەپەس ئېلىشقا دىن پىشىۋالىرىنىڭ، هەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېيتقانلىرى ئىچىدە زىت پىكىرلەر بولسا، بۇلارغىمۇ قارىماسلىق كىرەك.

نەقشبەندچە، شادلىق بىلەن نەپەس ئېلىشنىڭ، خۇررەم ياشاشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى بەدەننىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، جىسمنىڭ ساغلام بولۇشىغا ئىنتىلىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن لازىم بولغان بارىچە ئەقلىي ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىپ، نىمە ئۇنىڭغا زىت بولسا، نىمە بەدەننىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى، ساقلىقىنى بۇزسا، زەئىپلەشتۈرسە، ئۇنىڭدىن ۋاز كىچىش كىرەك. روزا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دىنىي قائىدىلەر مانا شۇنداقلاردىندۇر. بۇنىڭدا بىز ئىبىن سىنانىڭ چوڭ تەسىرى ئىزىنى كۆرۈمىز. نەقشبەند ئېيتىدۇكى، كۆڭۈلگە قاراپ ئىش قىلىش كىرەك. بىر نەرسىنى قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش كىرەك. ئەگەر ئۇنىڭدىن بىر پايدا بولىدىغان بولسا، شۇندىلا ئۇنىڭغا كىرىشىش كىرەك؛ بىز روزىنى شۇ جەهەتتىن تەجرىبە قىلىپ كۆردۇق ۋە نەتىجىدە ئۇنىڭ پايدىسىزلىقى مەلۇم بولدى؛ كۆڭۈل تەلەپ قىلغانىنى قىلىش — يىتەرلىك دەرىجىدە تاماق يىيىش، ساغلام بولۇش، زەئىپلەشمەسلىك ۋە ئەمگەك قىلىش كىرەكلىكى ئايان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، نەقشبەندنىڭ روهانىيلار تەشەببۇسى بىلەن بەزىدە سۈرگۈندە بولۇشى، هەرقانداق بوهتانلارغا (مەسىلەن، نەقشبەند روهانىيلار تەرىپىدىن هەيدىلىپ، ئۇلارنىڭ تەقىبىدىن قېچىپ باشقا بىر يۇرتقا كەتكىنىدە ئاشۇ روهانىيلار گويا نەقشبەند شۇ يۇرت پادىشاهىنىڭ سارىيىدا جاللاتلىق ۋەزىپىسىنى بىجىرىۋاتىدۇ، دەپ گەپ تارقاتقان) دۇچار بولۇشى، ئەلۋەتتە تاسادىپى ئەمەس.

نەقشبەند ئېيتقان ئىدىكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ نەپسىنى كىرەكسىز، ئارتۇق هىرىسلەردىن تىيىشى كىرەك. ئۆزىگە كىرىكىدىن ئارتۇق نەرسە — مەبلەغ توپلاش، ئۇنىڭغا مۇهەببەت قويۇش هىسىدىن يىراق بولۇشى لازىم. بۇنداق هىسلارنى ئويغىتىدىغان پىكىردىن «بۇ مىنىڭلا بولسۇن ...» دىگەن چۈشەنچىدىن خالاس بولۇشى كىرەك.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كىرەككى، نەقشبەند پانتېئىزىم، ئىدېئالىستىك مونىزىم پوزىت-

سېيدە تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاساسەن ھاياتىي، دۇنىياۋىي، ئوپتىمىستىك (ئۈمىتۋارلىق) نەتىجىلەر چىقارغان، دىننى ئايرىم مەسىلىلەردە تەنقىت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى مىستىنىتىزىمدىن، زامان زۇلۇمىنىڭ نەتىجىسىدە چەككەن قاتتىق روھىي كېچىرمىلەرنىڭمۇ مېۋىسى بولغان مىستىك، ئۈمىتسىزلىك ۋە پىلاتونچىلىق مومېنتلىرىدىن، ئىزچىل ئىسلامچىلىقتىن، پەيغەمبەرگە بېرىلىشتىن ھەمىشە ئازاد ئىدى دېگەن نەتىجە كېلىپ چىقماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە.

نەقشىبەندىدىكى بۇنداق ئىزچىلسىزلىق، ئىككىلىنىش ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز دەۋرىنىڭ، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي شارائىتلارنىڭ سىرلىرى، خاراكتېرى بىلەن، شۇ چاغدىكى زىددىيەتلىك ھالەتلەر بىلەن ئىزاھلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تولۇق مىستىك تەسەۋۋۇپچىلىق، ئېكستاز، مىستىكا، كونسىرۋاتىپ دىن غايەت كەڭ قانات يايغان ۋە ھاكىم بولغان شارائىتلاردا ئۇلارغا زىت ھالدا ھاياتىيلىق، دۇنياۋىيلىق ئىدىيىلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى زور جۈرئەت ئىدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا خۇسۇسەن، ئەلىشىر نەۋائىي چوڭ باھا بەرگەن، ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر ئوقۇغان ۋە زور زوقمەنلىك بىلەن قارىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاسادىپىي ئەمەسكى، جامىي ئارقىلىق نەۋائىي نەقشىبەندىلىك سۇلۇكىگە كىرگەن ئىدى. جامىيمۇ ئۇنىڭغا كۆپ مەدھىيە ئوقۇپ، «يەسرىب-بەتخاغا ئۇرۇلغان زەربە، ئاخىر كېلىپ بۇخاراغا ئۇرۇلدى...؟ بۇنداق پاك گۆھەر ھەر يەردە بولىۋەرمەيدۇ، بۇخارا تۇپرىقى ئۇنىڭ كانى بولدى» دېدى. ئەلىشىر نەۋائىي نەقشىبەندىگە جامىيغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كونكرېتراق قارىغانىدى. ئۇ نەقشىبەندىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھاياتىيلىق، دۇنياۋىيلىق پىرىنسىپلىرىغا، ئۇنىڭ سىستېمىسىدىكى خۇسۇسەن، شۇ چاغلاردا ئىلغار خاراكتېردە بولغان سوتسىئال مومېنتلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنىدى.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» دېگەن ئەسىرىدە نەقشىبەند ھەققىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى ئىجابىي نەرسىلەر سۈپىتىدە كەلتۈرۈدۇ:

«بىرەۋ ئالاردىن (نەقشىبەندىدىن) سۇئال قىلدىكىم، دەرۋىشلىك سىزگە مەۋرۇس (مىراس) دۇر، يا مۇكتەسەب (كەسىپ)؟ ئالار دېدىلەر: تەگرى (تەگرى جەزبەسىدىن بىر جەزبە ئىنسان ۋە جىن ئەمەلى ئۈچۈن بەرابەردۇر) ھۆكمى بىلەن بۇ سەئادەتكە مۇشەررەف بولدۇق.

يانە ئالاردىن سوردىلەركى، سىزنىڭ تەرىقەتىڭىزدە زىكر جەھر ۋە خىلۋەت ۋە سەمائ بولۇر؟ دېدىلەركى، بولماس. يانە سوردىلاركى، سىزنىڭ تەرىقەتىڭىز بىناسى نە ئىشكەدۇر؟ دېدىلەركى، ئەنجۇمەندە خىلۋەت؛ زاھىر يۈزىدىن خەلق بىلە ۋە باتىن تەرەفىدىن ھەق سوبھانۇھۇ ۋە تەئالا بىلە...

دېدىلەركى، ئالارغە (نەقشىبەندىگە) ھەرگىز قۇل ۋە دەدەك بولماس ئېرمىش. ئالاردىن بۇ مەنىدە سوراپتۇرلەر. ئالار دەپتۇرلەركى، قاچان بۇ بەندەلىغ خوجەلىغ بىلەن راست كېلۇر! بىرەۋ ئالاردىن سوردىكىم، سىزنىڭ سىلسىلەڭىز نە يەرگە يېتەر؟ ئالار دېدىلەركى، كىشى سىلسىلە بىلە ھېچ يەرگە يەتمەس ۋە دەر ئېيمىشلەركى، نەفسلەرىڭىزگە تۆھمەت قىلىڭكى، ھەركىم تەگرى ئىنايەتى بىلە ئۆز نەفسىنىڭ يامانلىقتىن ۋە قەيد ۋە مىكرىن بىلگەن بولسا، ئەگەرچە، ئاڭا سەھلدۇر. ئەمما بۇ يىرى سالىكلەردىن كۆپ بار ئەماندۇرلەركى،

يانە بىرەۋ گۇناھىنى ئۆزلەرىگە تۇتۇپ، يۈكىنى تارتىپتۇرلەر ۋە ئىرمىشلەركى، ھەر تۇرفەتۇلئەيندە ئۆزۋۇجۇدى نەفئەين ۋە مەئبۇدى ھەقىقىي بىساتىنى قىلغاي ...

ۋە دەر ئىمىشلەركى، بىزنىڭ تەرىقىمىز سۆھبەتتۇر ۋە خىلۋەتتە شۆھرەتتۇر ۋە شۆھرەتدە ئافەت، خەيرىيات جەمئىيەتتەدۇر ۋە جەمئىيەت سۆھبەتتە، شۇ شەرت بىلەكى، بىر - بىرىگە نەفى بولۇنغاي ۋە ئۇلچە ئۇل بۇزۇرۇگ بۇيۇرۇپتۇركى ... ئەگەر جەمئى بۇيىل سالىكلەرى بىر - بىرى بىلەن سۆھبەت تۇتسالەر ئاندە كۆپ خەيرۇ بەرەكات».

بەزەن نەۋائى ئەسەرلىرىدە نەقشبەندىنىڭ بۇ ياكى ئۇ تەلىماتىنىڭ خۇددى ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك، ياكى ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ يېقىن ھەمدە ئاھاڭداش تەئرىپىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، «سەددى ئىسكەندەرىي» دىكى «يەلدەك سەير ئارا سەبۇكبارلىغ نەفيىنى قىلماق ۋە تاغدەك سۇكۇن ئارا باۋىقارلىغ نەمرىنى بۇيۇرماق ۋە ئەسھاب سۆھبەتىنىكىم، بىر - بىر ئىشلەرى بارۇرغە شىتاب دۇرۇر. غەنىمەت بىلمەك ۋە ئەھباب مولاقاتىنىكىم، ھەربىرى بىرگەۋھەرى ناياب دۇرۇر، مۇغتەنەم تۇتماق ۋە ئەدەم غەرىبىستانىدىن شىمەئىي ياد ئەتمەك ۋە ۋۇجۇد سەرمەنزىلىن خۇشلۇغ بىلە ئۆتكەرۈرنى ۋەسىيەت قىلماق» دېگەن بابدا نەۋائى يازىدۇ:

مۇسافىر بول، ئەمما ۋەتەن ئىچرە بول،
تىلە خىلۋەتۇ ئەنجۇمەن ئىچرە بول.

ئېيتقانلىرىمىزدىن مەلۇم بولىدۇكى، نەقشبەندىيلىكنىڭ تېز يېيىلىپ، ئۇنىڭ چوڭ ۋە سالماقلىق ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كېتىشى، ئۇنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا، ئىلغار كىشىلەر ئارىسىدا ئۇزاق ئۆمۈر سۈرۈشى تاسادىپىي ھادىسە بولمىغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئۆتكۈزدى. بولۇپمۇ X — XIV - ئەسىرلەردە تەسەۋۋۇفىي ئەدەبىيات، شېئىرىيەت يۈكسەك باسقۇچقا كۆتىرىلگەن دۇنياۋىيلىق روھىدىكى مەدەنىيەتنىڭ، ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا، رېئال تۇرمۇش، تەبىئەت ۋە بۇ دۇنيا گۈزەللىكلىرىنى، لەززەتلىرىنى كۈيلىگەن شائىرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىدا، مىستىك تەرىقەتچىلىكنىڭ كاسات بولۇشىدا ئاشۇ ئىزچىل نەقشبەندىيلىك ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى، شەكسىز ئوينىغانىدى.

× ×

(بۇ ماقالە 1977 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ 1-تومىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى. مۇھىم ئىزاھاتلار ئاپتورنىڭ. بەزىبىر ئاتالغۇلارغا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىلدى.)

**بەزىبىر ئاتالغۇلارغا ئىزاھات**

**1) كلىرىكالىزىم ــ مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا چىركاۋ**
**رىنى سىڭدۈرگۈچى ئەكسىيەتچىل ئېقىم.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2) گنۆستىتسىزىم: دەسلەپكى خىرىستىيانلىقتا خۇدا ۋە دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى تەلىماتىنى يارىتىشقا ئۇرۇنغان دىنىي - پەلسەپىي ئېقىم.

3) ئېكلېكتىزىم — تۈرلۈك قاراشلارنى، نەزىرىيەلەرنى بىر - بىرىگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كىرىشتۈرۈۋېتىش.

ئېنتېلىخىيە — ئارىستوتېل پەلسەپەسىدىكى بىرخىل ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ماددىدىن غەيرى بولغان بىرخىل سىرلىق «جانلىق كۈچ» نى كۆرسىتىدۇ.





# يالپۇزخان

(خەلق داستانى)

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىلى سايىت**

**ئېيتىپ بەرگۈچى : ئابلىمىت قارىم**

قاياش دېگەن كەنتىدىن
يېتىم ئېرىقنىڭ بويىدىن
تۆكا ياغچى بىلەن ئەمدى،
يالپۇزخان داڭلىق چوكان.
ئۆلغۈنىدۇ، تۆلغۈنىدۇ.
قولىغا ئۈچ پۇلنى ئالدى.
ئۈچ پۇلنى قولىغا ئېلىپ:
ــ هاي ياغچى، تۆكا ياغچى
بۈگۈن كۈنگە سەيشەنبىكەن،
ئەتە كۈنگىما چا[ر] شەنبە،
ئۆگۈنلۈككىما پەيشەنبە.
جۈمەما ئۆتۈۋا كەتسۇن،
شەنبىما كېتىۋا قالا
يەكشەنبە بازا[ر]غا كىرىپ،
بىر پۇلغا ئۇسما ئالغىن،
بىر پۇلغا ئەڭلىك ئالغىن.
بىر پۇلغا ئۇپا ئالغىن،
ئۇسمالا[ر]دا كۆكە[ر]تەي.
ئەڭلىكلە[ر]دىما قىزا[ر] تاي.
ئۇ پالا[ر]دا ئاقا[ر]تىپ،
بوغما شايەنى كىيىپ،
با[ر]دۇنيانىمۇ تاپماتتىم.
شۇنداقىنا دېگەندە:
ــ ماقۇل مۇسۇ[ل]مان، ماقۇل، ــ دەپ
بايىقى تۆكا ياغچى

ئۈچ پۇلنى قولىغا ئېلىپ
يانچۇقىنىڭ تېگىگە سېلىپ
دېككوكلاپ يۈگۈرۈپ قوپاپ،
تاناي بېشىغىمۇ 1) كىرگەندە،
بىر ناۋاي هارامزادە:
ــ ۋاي ياغ! ۋاي ياغ، راس، ــ دەپتى،
راس چاغۇىكەن دەپ كېلىپ،
ئۈچ گۆشگىردەكنى يەپتى،
ئۈچ پۇلنى سۇغۇرۇپ ئالدى.
قولىنى قولتۇقلاپ چىقتى.
يالپۇزخان يامان چوكان،
ــ ها[ر]ماڭ مۇسۇ[ل]مان، ها[ر]ماڭلا، ــ
دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.
ــ هەي مۇسۇ[ل]مان، جېنىم مۇسۇ[ل]
مان،
بۈگۈن ها[ر]دۇق سو[ر]ماڭلا،
تاناي بېشىغىمۇ كىرسەممەن
بىر ناۋاي هارامزادە،
«ۋاي ياغ، ۋاي ياغ راس» دەپتى
راس چاغۇا دەپ كىرىپتىم
ئۈچ گوشگىردەكنى يەپتىم
ئۈچ پۇلنى سۇغۇرۇپ ئالدى.
قولامنى قولتۇقلاپ چىقتىم.
شۇنداقىنا دېگەندە:
ــ خاپا بولماڭلا[ر] مۇسۇ[ل]مان.

---

1) تاناي بېشى ــ ئورۇن ئىسمى، قارىقاش ناهىيە بازار ئىچىدە.

www.uyghurkitap.com

ئەتە كۈنگىچە دۇشەمبە،
دۇشەمبازا[ر]غا چىقىپ،
ناۋاي ئالدىغا با[ر]ماي،
قاساپ تازغىمۇ قارىماي،
باققال قېشىغا با[ر]ماي،
بىر پۇلغا ئۇسما ئېلىپ،
بىر پۇلغا ئەڭلىك ئېلىپ،
بىر پۇلغا ئۇپا ئېلىپ،
ئۇسمالا[ر]دا كۆكە[ر]تەي،
ئەڭلىكلە[ر]دە قىزا[ر]تاي،
ئۇپالا[ر]دا ئاقا[ر]تىپ،
بوغما شايەنى كىيىپ،
با[ر] دۇنيانى تاپماتىم،
شۇندااقىنا دېگەندە
بايىقى تۇكا ياغچى،
— ماقۇل مۇسۇ[ل]مان، ماقۇل دەپ،
دۇشەمبازا[ر]غا چىقتى،
تەنزىچىنىڭ ئالدىدىن
سودىسىنى قىلىشقا كىردى.
— ھۇي ياغچى، تۇكا ياغچى،
ھا[ر]ماڭ مۇسۇ[ل]مان، ھا[ر]ماڭ-
لا، — دەپ
يالپۇزخان يۈگۈرۈپ با[ر]دى.
بايىقى تۇكا ياغچى
— ھاي خېنىم، جېنىم خېنىم
بۈگۈن ھا[ر]دۇق سورالىڭلا،
مەن سوداڭنى قىپ كەلدىم.
شۇندااقىنا دېگەندە
ئۇسمىنى دەمدەك قوياپ،
ئەڭلىكنى ئېتىپ قوياپ،
ئۇپىنى سۇ[ر]تۇپ بولاپ،
بوغما شايىنى كىيىپ
لەپپەكشىپ قول سېپ ماڭەي.
بايىقى تۇكا ياغچى:

— ھۇي مۇسۇ[ل] جېنىم مۇسۇ[ل]مان،
ئو[ر]دا ئالدىغا با[ر] ماڭلا،
ئۆزەمە قاتا[ر]دا ئوينىڭلا،
ئو[ر]دا ئالدىغا با[ر]ساڭلا،
ھېكىم بېگىم كۆرۈپ قالا[ر].
قولۇمدىن كېتىشۋا قاسلە، —
شۇندااقىنا دېگەندە
— ئو[ر]دا ئالدىغا با[ر]مايمەن.
ئۆزەمە قاتا[ر]دا ئوينايمەن، — دەپ
يالپۇزخان قول سېپ كەتتى.
ئۆزەمە قاتا[ر]غىمۇ يەتكەندە
ھېكىم بەگ ھارامزادە،
باشاقچى 1) تەرەپىدىن
ئات سېلىپمۇ كەلگەندە،
يالپۇزخان يامان چوكان
ئوك-چەپپىسىگىمۇ كۆز تاشلاپ
قاش ئېتىپ قويۇپ تۇرۇپ،
— ھا[ر]مىسىلا ھېكىم بېگىم، — دەپ،
ئالدىغا ئۆتۈپ تۇ[ر]دى.
ئاتنىڭ بېشىنى قايدۇ[ر]دى
«دۆلەت زىيادە» دەپ تۇ[ر]دى.
— ھاي خېنىم، جېنىم جېنىم،
ئاتلىرىڭىز نېمىكىن؟
ئۆيلىرىڭىز نەدىكىن.
ئە[ر]لىرىمۇ با[ر]مىكىن؟ —
شۇندااقىنا دېگەندە،
— ۋاي بېگىم، ئەزىمەت بېگىم،
مېنىڭ ئېتىمنى سو[ر]ىسىلا،
يالپۇزخان داڭلىغ چوكان.
مېنىڭ ئۆيۈمنى سو[ر]ىسىلا
قاياش دېگەن كەنتىدىن،
يېتىم ئېرىقىنىڭ بويىدىن.
مېنىڭ ئېرىمنى سو[ر]ىسىلا
قەشقە[ر] شە[ھە]رىگە كەتكىلى

1) باشاقچى — ئورۇن ئىسمى، قارىقاش ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر كەنت.

ئون تۆت يىلغىنا بۇلاپتى،
ئۆلەم خېتى كەلگىلى
يىگىرمە بىر يىل بولاپتۇ، —
شۇنداقتىنا دېگەندە
— مەن ئالسامىۇ تىگەملا؟
— ۋاي بېگىم، ئەزىمەت بېگىم،
سىلىگە راسا تىگىتتىم.
قامچىسىنى يە[ر]دە قويمايدىغان،
ئاتتىن ھەرگىز چۈشمەيدىغان،
ئۆيگىمۇ ھەرگىز كىرمەيدىغان،
شۇنداق بىر كىشىگە غۇ،
تەگكۈمغۇ يامان بارىدى.
جېنىمغىنا ھېكىم بېگىم،
مەن ئېرىمدىن ئايرىلىپ،
بەش يۈز تەڭگە قە[ر]ز قىپتىم،
شۇ قە[ر]زنى تۆلەپ بولسام،
ئاندىن تەگسەم، — دېگەندە:
شۇ قە[ر]زلىرىنى مەن بېرەي،
قاچانلىقتا بارىمەن؟ —
شۇنداقتىنا دەپ تۇ[ر]دى.
— بىزمانلىقتا [1] با[ر]سىلا،
يورۇقتىن بېرىپ قالمىسىلا،
نامازشام بىلەن با[ر]سىلا.
شۇنداقتىنا دەپ تۇ[ر]دى.
بايىقى يالپۇزىخان
قول سېلىپ يېنىپ كەلدى.
ھېكىم بەگ هارامزادە
ئات ئوينۇتۇپ كىرىپ كەتتى.
ئو[ر]دىسىغا كىرىپ بولاپ،
نامازشامنىما قىلالماي،
نامازدىگە[ر]دىمۇ ئاتلاندى.
پەلچەك [1] ئېشەككە پۇلنى ئاتىپ،
ئا[ر]غىماق ئاتقا قوڭنى ئاتىپ،
پولتوڭشىپقىنا چىققاندا
نامازشامغا يېتىپ چىقتى.
داۋزا قاققىلى تۇرغاندا،
— هوي ياغچى، توكا ياغچى،
ھېكىم بېگىم كەلمەكچى،
ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇرۇڭلا،
مورا تۈۋدە تۇرۇڭلا،
«ئۆھۆ!» دېيىشىم كىرىڭلا، —
شۇنداقتىنا دەپ قويدى.
بايىقى توكا ياغچى،
ئىملەكلەپ يۆگۈرۈپ چىقىپ،
مورا تۆۋدە ئولتۇ[ر]دى.
يالپۇزخان يامان چوكان،
داۋزىسىنى ئېچىپ قوياپ
— كىرسىلە غوجام ھېكىم بېگىم،
يۇ[ر]سىلە غوجام ھېكىم بېگىم،
دەپ ئۆيگە باشلىغىلى تۇردى.
پەلچەك ئېشەكنى سولىۋاتتى.
ئا[ر]غىماق ئاتنى ئېسىۋاتتى.
بەش يۈز تەڭگە پۇلىستى،
ساندۇقتا سولىۋىپ بولاپ،
ئوك پۇتقا باشلاپ قوياپ،
سىنچاينى قويۇپ تۇ[ر]سا،
— هوي خېنىم جېنىم خېنىم،
ئۇنداغ ئولتۇ[ر]ساق بولماس،
نىكا[ھ] - پىكا قىلىۋاتساقچۇ، —
شۇنداقتىنا دەپ تۇ[ر]دى.
— ۋاي بېگىم ھېكىم بېگىم
بىردەم چىداپ ئولتۇ[ر]سىلا،
مەن بىر موللا تېپىۋالاي،
نىكا[ھ] ھدقتى تېپىۋالاي،
ئۆزەمنى راسلىۋالاي، —
شۇنداقتىنا دەپ تۇ[ر]سا،

1) بىزمانلىقتا — كەچتە، ئاخشامدا، بىر زامانلىقتا.

2) پەلچەك — پۇتى مايماق، چاقچى.

www.uyghurkitap.com



ھېلىقى توكا ياغچى
ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ يۆتەلدى،
«ئۆھۆ - ئۆھۆ» يۆتىلىشى
ھېكىم بېگىم چاچراپ قوپتى:
— ھاي خېنىم، خېنىم خېنىم،
ئۆگزىدە بىرسى يۆتۈلىدۇ،
ھېلى مېنى، كىرسە ئۆلتۈرىدۇ.
ئىلاجىسى بولسا بىر قىلسىلا، —
شۇنداقىنا دېگەندە
— ۋاي بېگىم، ئەزىمەت بېگىم،
بىزنىڭ گادايىنىڭ ئاچچىغى
بەككىناغۇ يامانىدى.
ھەشەگە يۈگۈرۈپ كەلسىلە،
بۇگادايىنىڭ بۆشۈكى با[ر]،
بۆشۈككە بۆلەپ قوياي،
ساقاللىق بالام دە[ر]مە،
تاماق چىش بالام دە[ر]مە،
بۇرۇتى با[ر] بالام دە[ر] مە،— دەپ
بۆشۈككە بۆلەپ قويدى.
خېخىدەكتىن بىر يە[ر]دىن،
قو[ر] ساقىدىن بىر يە[ر]دىن،
پاچىقىدىن بىر يە[ر]دىن،
ئۈچ يە[ر]دىن تېكىپ قويدى.
خاخىراپقىناياتقاندا،
توكا ياغچى يۈگۈرۈپ كىرىپ،
تام - تورۇسقا بىر قاراپ،
بۇلۇڭغىما قارسا،
بۆشۈكتە بالا ياتقۇدەك.
بالىنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ،
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن ئۆگزىدە چىكەتكەندە،
بۆشۈكتە بالاڭ يوقتى،
بالاپەيدا بولۇپ قاپتۇ،
نەدىن تاپتىڭ ما[ۋۇ] بالىنى؟ —

شۇنداقىنا دېگەندە
— سەن ئۆگزىگە چىكەتكەندە،
بۆشۈكتە بالاڭ يوقتى،
بالا پەيدا بولۇپ قېلىشى،
بوي ئامەدە قاپتىكەن.
تۇغۇپ، ساي 1) بۆلەپ قويدۇم، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
— سۆيەپ قوياي بالانى، - دەپ
دېككوسلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ،
ماككىدەككىنە بىر سۆيسە،
بۇرۇتلىرى سانجىلدى.
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
بالانىڭ بۇرۇتى با[ر]كەن،
موچىنى ئاچىقىپ بە[ر]گىن،
بۇرۇتىنى يۇلدۇۋاتاي،
ئۇستۇرىنى تاپقاچ چىقىن،
ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋاتاي،
ئامبۇ[ر]نى ئالغاچ چىقىن
ھىڭگاك چىشىنى تا[ر]تىۋاتاي، —
شۇنداقىنا دەپ تۇ[ر]سا،
يالپۇزخان يامان چوكان،
ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ،
— تاپالمىدىم موچىنى،
تاپالمىدىم ئامبۇ[ر]نى،
ئۆزەڭ تاپساڭچۇ ئۇستۇرىنى، —
شۇنداقىنا دەپ چىقتى.
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن سېنى ئىشقا بۇيرۇپ،
قايسى ئىشنى قىپ كەلگەن؟
ئۆزەم قىلسام بولمامدۇ، — دەپ
ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتتى.
ھېلىقى يالپۇزخان
— ۋاي بېگىم، ئەزىمەت بېگىم،
ھىجىيىپما ياتاملا،

1) ساي - ھازىر، باياتىن.

هەڭگىيىپما ياتاملا،
بىزنىڭ گاداي يامان ئاداي،
ئۇستۇرنى ئاچىقىپ سالسا،
ساقاللىرنى چۇشۇرۇۋېتىپ،
راس كۇسا قىلىپ قويىدۇ.
بۇرۇتلىرنى يۇگدىۋېتىپ،
ھەم يۇمشاق قىلىپ قويىدۇ.
چىشلىرنى تا[ر] تىۋېتىپ،
بەك كۇماك قىلىپ قويىدۇ،
جىلڭ نوچا قىلىپ قويىدۇ،
جانلىرنى جايلىسىلا.
شۇنداققىنا دېگەندە
«ئىللەللا» دەپ بىر قوپتى،
بۆشۆكنى يۇدۇپ قوپتى.
داۋزا ئالدىغا چىققاندا
— ھوي بالىكام، توختاڭ بالىكام،
ساقلىڭىزنى چۇشۇرىۋېتىپ،
بۇرۇتىڭىزنى يۇگدىۋېتىپ،
چىشلىرىڭىزنى تا[ر] تىۋېتىپ،
راس كۇماك قىلىپ قۇيىتتىم،
ھەم يۇمشاق قىلىپ قۇيىتتىم،
جىلڭ نوچا قىلىپ قويىتتىم، —
شۇنداققىنا دېگەندە،
جان ئاچچىقتا يۇگۇرۇپ قاچتى،
داۋزا ئالدىغا با[ر]غاندا،
«ھوي **بالا**، ئىشىكىڭنى ئاچ» دەپ
داۋز**ىغا** بىرنى ئۇستى.
چوڭ بالىسى يۇگۇرۇپ چىقتى،
— ھوي بالا، يۇگۇ[ر] بالا،
مەيە[ر]دە بىرنە[ر]سە كەپ قاپتۇ:
يا ئېيىقمۇ، ئادەممۇ؟
يا ساراڭمۇ، هايۋانمۇ؟
بۆشۆك ساتقىلى كەلدىڭمۇ،
بىزغۇ بۆشۆك ئالمايمىز، —
شۇنداققىنا دېگەندە،

— هاي بالام، جېنىم بالام،
گەپنى ئاستا قىلغىلا،
مەن سىلىنىڭ داداڭلا، —
شۇنداققىنا دېگەندە،
— هاي باللا، يۇگۇ[ر] باللا،
ما[ۋۇ] گاداي نېمە دەيدۇ،
مەن سېنىڭ داداڭ دەيدۇ.
ئۆشنىسىدە بۆشۆك تۇرىدۇ.
بۆشۆك ساتقىلى كەپتۇ.
بىزغۇ بۆشۆك ئالمايمىز،
تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قوڭىغا، —
شۇنداققىنا دېگەندە
باللىرى يۇگۇرۇپ چىقىپ
تەپكىلىما تۇ[ر]دى قوڭىغا:
«كاپپاڭ - كۇپپۇڭ، كاپپاڭ - كۇپپۇڭ،
كاپپاڭ - كۇپپۇڭ، كاپپاڭ - كۇپپۇڭ»
نەچچەن توقسانتى تەپتى.
پەللىكنى ئۇۋىلاپ
ئەلىما خۇنۇمغا ئە[ر]ز قىلدى،
شەيخئىسلام قوشاپ بە[ر]دى.
قاياشقا ئاچىقىپ ئەندى،
ئۆينى كۆ[ر]سۇتۇپ قوياپ
مەھكىمىگە كىرىپ ئولتۇردى.
شەيخئىسلام قوپۇپ ئەندى،
يالپۇزخاننى ئەكىردى.
داۋزىدىن كىرىپ بولغۇنچە
قاشلىرنى ئويناتىپ
كۆز تاشلاپ قويۇپ كىردى.
بايىقى ئەلىماخۇنۇم
ئاشىق بولۇۋا قالدى.
— هاي خېنىم، جېنىم خېنىم
ما[ۋۇ] بېگىم نېمە دەيدۇ،
پەلچەڭ ئېشەكتۇ بىر قالدى،
ما[ر] غىماق ئاتتۇ بىر قالدى،
يالپۇزخان يەنە تۇل قالدى.
بىش يۈز تەڭگە پۇل قالدي.

uyghurkitap.com

شۇنداقىنا دەيدۇيا،
قانداق قىلىمىز، — دېگەندە
— ۋاي ئاخۇنۇم، ئەلىما خۇنۇم،
مەن بۇ گادايىنى كۆ[ر]مەپتىم،
قاياش تەۋەسىگىمۇ با[ر]ماپتى،
ھېكىم بېگىم دەپ ئاتىلىمىغان، —
شۇنداقىنا دېگەندە
— تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قوڭىغا، —
شۇنداق دەپ ئەمرى قىلدى.
تەپكىلىما تۇ[ر]دى قوڭىغا
«كاپپاك ـ كۇپپۇك، كاپپاك ـ كۇپپۇك،
كاپپاك ـ كۇپپۇك، كاپپاك ـ كۇپپۇك...»
ئەچچەن بەش يۈزنى تەپتى.
شەيخئىسلامنىڭ بىر پاي كېپىشى 1)
قوڭىغا كەپلىشىپ قالدى.
جان ئاچچىقتا يۈگۈرۈپ قاچتى.
بىر يە[ر] گىچىلىك با[ر]غاندا،
دىمى كېسىلىپ قالغاندا
توسما تۆپىسىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ
دىمىنى بىر ئالاي دەپ
زوك ئولتۇ[ر]غۇدەك بولسا،
پوككىدەك قىلىپ چۈشتى.
كەينىگە قاراپ باقسا
بىر پاي كېپىش تۇرىدۇ،
«شەيخئىسلامنىڭ كېپىشى،
كېپىشى قوغلاپ كەپتۇ،
ئۆزى قاچان كىيە[ر] كىن» دەپ،
قوپاپ قاچقىلى تۇ[ر]دى.
مازا[ر] بېشىغا يەتكەندە،
چۈشۈپ كەتكەن بىر ئۇران تېپىپ،
ئورانغا سەكرەپ كىرىپ،
تېزەكتە ئىس سېپ ئولتۇ[ر]دى.

ئەلىما خۇنۇم بىلەن يالپۇزخان
مۇزاكىرلاشقىلى تۇ[ر]دى.

— ھاي خېنىم، جېنىم خېنىم
ئە[ر]لىرى [ر]مۇ، يوق؟ — دەپتى.
— ئېرىم قەشقە[ر]گە كەتكىلى،
ئون تۆت يىلغۇ بولاپتى،
ئۆلەم خېتى كەلگىلى
يىگىرمە بىر يىل بولاپتى، —
شۇنداقىنا دېگەندە:
— مەن ئالسام راس تىگەملا
— سىلىگە راسا تىگىتتىم.
تون پېرىجىسىنى سالمايدىغان،
سەللىسىنى ھەرگىز ئالمايدىغان،
تەرەتنى ئۈشاتمايدىغان،
سەججادىدىن 2) چۈشمەيدىغان،
مۆھرىنى يە[ر]دە قويمايدىغان،
شۇنداق بىر كىشىگەغۇ،
تەگكۈمغۇ راسا بارىدى.
مەن ئېرىمدىن ئايرىلىپ،
بەش يۈز تەڭگە قە[ر]ز قىپتىم،
شۇل قە[ر]زىمنى بېرىپ بولسام،
ئاندىن تەگسەم ـ دېگەندە.
— شۇل قە[ر]زلىرىن مەن بېرەي،
قاچانلىققا بارسەن،
— بىرمانلىقىما با[ر]سىلا،
يوروۇقتىن بېرىپ قالمىسىلا، —
شۇنداقىنا دەپ ياندى.
ھېلىقى ئەلىماخۇنۇم،
نامازشامنىمۇ قىلالماي،
نامازدىگە[ر]دە ئاتلاندى.
بەلچەڭ ئېشەككە پۇلنى ئا[ر]تىپ،
ئا[ر]غىماق ئاتقا قوڭنى ئا[ر]تىپ،
پولتوڭشىپقىنا چىققاندا
نامازشامغا يېتىپ چىقتى.
داۋزا قاققىلى تۇ[ر]غاندا،
ھېلىقى يالپۇزخان،

1) كېپىش — كەش.
2) سەججادە — جانىماز.

— هوي ياغچى، توكا ياغچى،
ئەلماخونۇم كەلمەكچى،
ئۆگزىگە چىقىپ تۇرۇڭلا،
مورا تۈۋىدە ئولتۇرۇڭلا،
«ئۆهۆ» دېيىشىم كىرىڭلا، —
شۇنداققىنا دەپ قويدى.
بايىقى توكا ياغچى،
دېككوكلاپ يۈگۈرۈپ قوپۇپ،
مورا تۈۋىدە ئولتۇرۇشى،
يالپۇزخان يۈگۈرۈپ چىقىپ،
داۋىسنى ئېچىپ قويدى.
— چۈشىسىلە غوجام ئەلماخۇنۇم،
يۈ[ر]سىلە غوجام ئەلماخۇنۇم،
كىرسىلە غوجام ئەلماخۇنۇم، — دەپ
ئۆيگە باشلىغىلى تۇ[ر]دى.
بەلچەك ئېشەكنى سولىۋاتتى.
ئا[ر]غىماق ئاتنى ئېسىۋاتتى،
بەش يۈز تەڭگە پۇلىسنى،
ساندۇققا سېلىۋېپ بولاپ،
ئوك پۇتقا باشلاپ قوياپ،
چەپ پۇتقا ئۆتەپ تۇ[ر]سا،
— هەي خېنىم يالپۇزخان،
مۇنداق ئولتۇ[ر]ساق بولماس،
بىر بولساق ئەلەم ئادەم
شانائەت بولۇپ قالا،
نىكا[ھ] - پىكا قىلىۋاتساقچۇ، —
شۇنداققىنا دەپ تۇ[ر]دى.
— هاي ئاخۇنۇم، جېنىم ئاخۇنۇم،
بىر دەم چىداپ ئولتۇ[ر]سىلا،
مەن بىر موللا تېپىۋالاي،
بىر خون نان تېپىۋالاي،
ئۆزەمنى راسلىۋالاي، —
شۇنداققىنا دەپ تۇ[ر]سا،
هېلىقى توكا ياغچى،
ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ يۆتەلدى،
«ئۆهۆ - ئۆهۆ» يۆتۈلۈشى،
ئەلماخۇنۇم چاچراپ قوپتى.
— ۋاي خېنىم، جېنىم خېنىم
ئۆگزىدە بىرسى يۆتۈلىدۇ،
هېلى مېنى، كىرسە ئۆلتۈرىدۇ.
ئىلاجىسى بولسا بىر قىلىسىلا، —
شۇنداققىنا دېگەندە
— هاي ئاخۇنۇم، ئەلماخۇنۇم،
بىرنىڭ گادايىنىڭ ئاچچىغى،
بەككىناغۇ يامانىدى.
مەشەگە يۈگۈرۈپ كەلسىلە،
جۇۋازغا قوشاپ قوياي،
تۈكى يوق توپاق دە[ر]مە،
قۇيرۇقى يوق توپاق دە[ر]مە،
تۇۋىقى يوق توپاق دە[ر]مە،
كۆدە قۇلاق موزاي دە[ر]مە، —
دەپ جۇۋازغا قوشاپ قويدى.
ئالتە تاشنى ئېپ قويدى
دوققۇشىپ ماڭغىلى تۇردى.
هېلىقى توكا ياغچى
ئۆگزىدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ،
تام - تورۇسقا بىر قاراپ
ئىچكىرى - تاشقىرى كىرىپ - چىقىپ،
جۇۋازخانىغا كىرىپ باققاندا
قىپ يالىڭاچقىنا بىر توپاق
دوققوشىپ ماڭغىلى تۇرۇپتۇ.
هېلىقى توكا ياغچى
— هوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن ئۆگزىگە چىقەتكەندە
جۇۋازدا ئۇيۇك يوقتى.
ئۇي پەيدا بولۇپ قاپتۇ،
نەدىن تاپتىڭ توپاقنى، —
شۇنداققىنا دېگەندە،
— ۋاي مۇسۇ[ل]مان جېنىم [ل] مۇسۇمان،
سەن ئۆگزىگە چىقەتكەندە،

جۇۋازدا ئۇيۇك يوقتى،
يوق بىر كالىڭىز باردى.
ئىككىزەك موزايلاپتى،
ئە[ر]كىكنى قېتىپ قويدۇم،
چىشىسى ئۆزەمدۇرمەن، —
شۇقدانقىنا دەپ قويدى.
بايىقى توكا ياغچى
— ئۆزەم هەيدەي توپاقنى، — دەپ
تالتىزنى 1) قولىغا ئېلىپ،
سۆڭگەچكە راسا سېلىپ،
هەيدىگىلى تۇرغاندا،
بىچارە ئەلىماخۇنۇم،
پۇشىاڭشىغىلى تۇ[ر]دى.
تويناقشىغىلى تۇ[ر]دى.
— هوي خوتۇن، يۈگۈ[ر] خوتۇن،
بۇ توپاق چايان 2) توپاقكەن،
تويناقشىغىلى 3) تۇ[ر]دى،
دىككاڭشىغىلى تۇ[ر]دى،
پۇشىاڭشىغىلى تۇ[ر]دى.
جۇۋالدۇزنى ئاچىقىپ بەرگىن،
بۇرنىنىڭ پەرىكىدىن تېشىپ،
بىر چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ قوياي،
توخماقنى ئاچىقىپ بە[ر]گىن،
سوقما قىلىۋا قوياي،
ئۇستۇرنى ئاچىقىپ بەرگىن،
بىر ئۆكۈز قىلىپ قوياي، —
شۇنداق دېگىلى تۇ[ر]غاندا،
بىچارە ئەلىما خۇنۇم
دوقۇلداپ ماڭغىلى تۇ[ر]دى.
يالپۇزخان دېگەن چوكان،
ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقىپ،
— تاپالمىدىم توخماقنى،
تاپالمىدىم ئۇستۇرنى،
ئۆزەڭ تاپساڭ جۇۋالدۇزنى، —
دەپقىنا يېنىپ چىقتى.
— هوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن سېنى ئىشقا بۇيرۇپ،
قايسى ئىشنى قىپ كەلگەن،
ئۆزەم چىقسام بولماەدۇ، — دەپ
ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتسە،
— هاي ئاخۇنۇم، ئەلىماخۇنۇم،
نەچچىدە با[ر]دۇ[ر] ياشلىرى،
ئالتە تاشنى ئىشتالماي،
تە[ر]لەپ كېتىپتۇ باشلىرى.
جانلىرىنى جالىسىلا، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
«ئىللەللا!» دەپ بىر قوپتى،
جۇۋاز كەسكۈننى يۇدۇپ قوپتى،
داۋزا ئالدىسىغىمۇ چىققاندا،
— هوي توپاق، توختاڭ توپاق،
بۇرنىنىڭ پەرىكىدىن تېشىپ،
چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ قويىتتىم،
توخماقنى ئاچىقىپ بەرسە،
سوقما قىلىۋا قويىتتىم.
ئۇستۇرنى ئاچىقىپ بەرسە،
ئۆكۈز قىلىۋا قويىتتىم، —
شۇنداقىنا دېگەندە
«ئىللەللا!» دەپ قاچقانچە،
داۋزا ئالدىسىغا بارغاندا.
«هوي باللا ئىشىكىمى ئاچ!» دەپ
داۋزىسىغا بىرنى ئۇستى.
چوڭ مەخسۇم يۈگۈرۈپ چىقتى.
— هوي باللا، يۈگۈ[ر] باللا،
دادام نامازغا كەتكەن،

---

1) تالتىز — جۇۋازچىلارنىڭ جۇۋاز كۆتىمىدىكى كۇنجۇرنى ئاجرىتىشقا ئىشلىتىدىغان ئۇچى بىسلىق تۆمۈر تاياقچىسى.

2) چايان توپاق - كۆندۈرمىگەن.

3) تويناقشىش — سەكرەش.

ئاماز ھەقىقىنى تولا ئېيلىپ
قوينى جىق ئەكەلگەندى،
قوينى سولىشىپ بېرەي، — دەپ
چوڭ مەخسۇم يۈگۈرۈپ چىقسا،
قىپ يالىڭاچقىنا بىر گاداي
جۇۋاز كەسكۈنىنى يۆدۈپ تۇرغاننى،
چوڭ مەخسۇم كۆرۈپ ئەمدى،
—ھوي باللا، يۈگۈ[ر] باللا،
مەيەگە بىر نەرسە كەپ قاپتۇ.
يا ئېيىقمۇ، ئادەممۇ،
يا سارائمۇ، ھايۋانمۇ؟
يا كۇسىغان قانجىقمۇ؟
بوينىدا كەسكۈ تۇرىدۇ،
تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قوڭىغا، —
شۇنداققىنا دېگەندە
— ھوي بالام، جېنىم بالام
مەن سىلىنىڭ داداڭلا [ر].
گەپنى ئاستا قىلىڭلا [ر]، —
شۇنداققىنا دەپ تۇردى.
— تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قوڭىغا
ما[ۋۇ] گاداي نېمە دەيدۇ،
مەن سېنىڭ داداڭ دەيدۇ.
شۇنداققىنا دېگەندە،
شەيخئىسلاما «يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ
تەپكىلىمپا تۇ[ر]دى قوڭىغا:
«كاپپاڭ - كۇپپۇڭ، كاپپاڭ - كۇپپۇڭ،
كاپپاڭ - كۇپپۇڭ، كاپپاڭ -كۇپپۇڭ...»
بىر مىلىك بەش يۈزنى تەپتى.
پەللىكىنى ئۈۋۈلاپ
ئەرز قىلغىلى ھېكىم يوق،
مازا[ر] بېشىغىمۇ يەتكەندە
ھېلىقى ھېكىم بېگىم
ئەلىماخۇنۇمنى كۆرۈپ
— جېنىمغىنا ئەلىماخۇنۇم،

سىلە قاياشقا بارغانمۇ،
يالپۇز خاننى ئالغانمۇ،
ئەكىنا ياغنى 1) سالغانمۇ،
جۇۋازغا قوشاپ قويغانمۇ،
جۇۋازنى يۆدۈپ كەلمىمۇ،
يالپۇز خاننى ئالىشىپ،
مېنى قوغلاۋاتقانمۇ،
كىرسىلە غوجام ئەلىماخۇنۇم،
بىر ئۇراندا ئولتۇ[را]يلى، — دەپ
ئۇرانغا كىرىپ ئولتۇ[ر]دى،
تېزەكتە ئىس سەپ ئولتۇ[ر]دى.



1) ئەكىناياغ—ئىگىن—ئاياغ.

× ×

يالپۇزخان، توكا ياغچى،
مۇزاكىرلاشقىلى تۇ[ر]دى.
— هاي مۇسۇ[ل]مان، جېنىم مۇسۇمان،
بەلچەك ئېشەك ئىككى بولاپتۇ.
ئا[ر] غىماق ئات ئىككى بولاپتۇ.
مىك تەڭگە پۇل بولاپتۇ.
بۇگۈن بازا[ر]غا بېرىپ
بىر ئوينا پىقىنا كەلسەكچۇ،
بەلچەك ئېشەككە سەن مىنسەڭ،
ئا[ر]غىماق ئاتقا مەن مىنسەم، -
شۇنداقىنا دېگەندە
بايىقى توكا ياغچى
— ماقۇل مۇسۇ[ل] مان، ماقول، - دەپ
بەلچەك ئېشەكنى توقۇپ،
بەلچەك ئېشەككە ئۆزى مىندى.
ئا[ر]غىماق ئات توقۇپ بە[ر]دى،
يالپۇزخاننى مىندۇ[ر]دى،
بازا[ر] غا بېرىپ ئەمدى،
قاسساپ بازىرى ئاغزىغا،
بېرىپمۇ چۈشۈپ تۇرۇپ،
— هوي ياغچى، توكا ياغچى،
مەشەدە تۇ[ر] غاچ تۇ[ر]غىن.
قاسساپ بازىرىغا كىرىپ،
بىر چۆ[ر] گۈلۈپ چىقمايمۇ.
— ماقۇل مۇسۇ[ل] مان، ماقۇل دەپ،
بايىقى توكا ياغچى
ئەشەدە 1) تۇ[ر]غاچ تۇ[ر]دى.
يالپۇزخان كىرىپ ئەمدى،
ئوك - چەپپىسىگىمۇ كۆز تاشلاپ،
قول سېلىپ كېتىۋا با[ر]سا،
قاساپ ئاداش يۈگۈرۈپ كېلىپ،

— هاي خېنىم، جېنىم خېنىم،
يا تۇش قۇيرۇقنى تا[ر] تايمۇ،
يا دەنداندىن تا[ر] تايمۇ،
نەدىنياقىنى ئاتلىكى 2).
— بىرنىڭ بالدۇ[ر] قى چۆپقەتلە[ر]،
مەندىن گەپما سو[ر]مايتتى،
ئۆزى چاغلاپ تا[ر] تىتتى.
قۇيرۇقتىنغۇ سەپ بېرىتتى.—
شۇنداقىنا دېگەندە،
هېلىقى قاسساپ ئاداش،
بىر ياتۇ گوش ئەكىلىپ،
خو[ر] جۇنغا سېلىپ قويدى.
خو[ر] جۇنغا سېلىپ قوياپ،
— هاي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ئاتلىرىغۇ نېمىكىن،
ئۆيلىرىغۇ نەدىكىن،
تېخى ئە[ر] لىرىمۇ با [ر] مىكىن.—
شۇنداقىنا سورغاندا،
— هاي داش، قاسساپ ئاداش،
مېنىڭ ئېتىمنى سو[ر] سىلا
يالپۇزخان دائىلىغ چوكان.
مېنىڭ ئېرىمنى سو[ر]سىلا
قەشقە[ر] شە[هە]رىگە كەتكىلى
ئون تۆت يىلغىنا بولاپتى.
ئۆلەم خېتى كەلگىلى
يىگىرمە بىر يىل بولاپتۇ.
مېنىڭ ئۆيۈمنى سو[ر] سىلا
قاياش دېگەن كەنتىدە،
يېتىم ئېرىقنىڭ بويىدا.—
شۇنداقىنا دېپ تۇ[ر]دى.

1) ئەشەدە — ئاشۇ بەردە.
2) ئاتلىكى — ئالدىلاركى.

— هاي خېنىم، جېنىم خېنىم
مەن ئالسامۇ تىگەملا،
— هاي ئاداش، قاساپ ئاداش
سىلىگە راسا تېگىتتىم،
ئۆيدىن گوشنى ئۈزمەيدىغان،
ھەم دەنداندىن تا[ر]تىدىغان،
تۆش - قۇيرۇقتىنمۇ جىق بېرىدىغان،
شۇنداق بىر كىشىگەغۇ
تەگكۈدەكمۇ يامان بېيدى 1).
مەن ئېرىمدىن ئايرىلىپ،
بەش يۈز تەڭگە قە[ر]ز قىپتىمەن،
شۇ قە[ر]زىمنى بىردۋەپ بولسام،
ئاندىن تەگسەم، - دېگەندە
— شۇ قە[ر]زلىرىنى مەن بېرەي.
قاچانلىققا بارىمەن.
— بىزمانلىقىما 2) با[ر]سىلا،
نامازشام بىلەن با[ر]سىلا،
يورۇقتىن بېرىپ قالمىسىلا، — دەپ
يالپۇزخان قول سىپ كەتتى.
ھېلىقى قاساپ ئاداش،
ئۆيلىرىگە با[ر]غاندا،
نامازشامنىمۇ قىلالىماي،
ناماز دىگە[ر] دىمۇ ئاتلاندى.
بەلچىدىك ئېشەككە پۇلنى ئا[ر]تىپ،
ئا[ر] غىماق ئاتقا قوكىنى ئا[ر]تىپ،
پولتوكشپقىنا چىققاندا،
نامازشامغا يېتىپ چىقتى.
داۋزى قاققىلى تۇ[ر] غاندا،
— هوي ياغچى، توكا ياغچى،
ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇرۇڭلا،
«ئۆھۆ» دېيىشىم كىرىڭلا،
قاساپ ئاداش كەلمەكچى. —
بايىقى توكا ياغچى
ئىسلەكلەپ يۆگۈرۈپ چىقىپ،

ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇ[ر]دى.
مورا تۈۋىدە ئولتۇرۇشى؛
يالپۇزخان يۆگۈرۈپ چىقىپ،
داۋزىنى ئېچىپ قويۇپ:
— كىرسىلە ئاداش، قاساپ ئاداش،
يۇ[ر]سىلە ئاداش، قاساپ ئاداش، -
دەپ ئۆيگە باشلىغىلى تۇردى.
بەلچىدىك ئېشەكنى سولىۋاتتى،
ئا[ر]غىماق ئاتنى ئېسىۋاتتى.
بەش يۈز تەڭگە پۇلىسىنى،
ساندۇققا سولۇۋەپ بولاپ،
ئوڭ پۇتقا باشلاپ قوياپ،
سىنچايىنى قويۇپ تۇ[ر]سا،
— هاي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ئۇنداق ئولتۇ[ر]ساق بولماس،
بازا[ر]دا دۇكان قالغان.
نىكا[ھ] - پىكا قىلىۋاتىلى. —
شۇنداققىنا دېگەندە
— هوي ئاداش، قاساپ ئاداش،
بىردەم چىداپ ئولتۇ[ر] سىلا،
مەن بىر موللا تېپىۋالاي،
نىكا[ھ] ھەققى تېپىۋالاي،
بىر خون نان تېپىۋالاي،
ئۆزەمنى راسلىۋالاي، —
شۇنداق دەپمۇ تۇرۇشى،
بايىقى توكا ياغچى
ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ يۆتەلدى.
«ئۆھۆ - ئۆھۆ» يۆتىلىشى،
قاساپ ئاداش چاچراپ قوپتى.
— ۋاي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ئۆگزىدە بىرسى يۆتۆلىدۇ،
ھېلى مېنى كىرسە ئۆلتۈرىدۇ.
ئىلاجىسى بولسا بىر قىلسىلا. —
شۇنداققىنا دېگەندە،

1) بېيدى - بارئىدى.

2) بىزمانلىقىقا - كەچقۇرۇنلۇققا، بىر زامانلىققا

يالپۇزخان دېگەن چوكان:
— هوي ئاداش، قاسساپ ئاداش،
بىزنىڭ گادايىنىڭ ئاچچىقى
بەككىنا يامانىدى،
مەشەگە يۈگۈرۈپ كە[ل] سىلە،
ئايۋاننىڭ تۈگرۈكىنىڭ
سوقۇمىسى قالماپتى،
سوقۇما قىلىپ قوياي.
«نەددىن تاپتىڭ بۇ سوقۇمنى»
دېگەنىڭىز زامانلاردا،
ئىشكايىلىدىكى 1) سەگۈينى،
ئەكىرىپ قوياپ قويدۇم دە[ر] مە، —
شونداقىنا دەپ تۇ[ر]دى.
ھىلىقى يالپۇزخان،
پىشاكىنى سىلىپ قوياپ،
تۈگرۈكىنىڭ ئاستىغا،
سوقۇما قىلىپ قويدى.
بايىقى توكا ياغچى،
ئۈگزىدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ،
تام - تورۇسقا بىر قاراپ،
ئۈيىنىڭ سەنگە قارىسا،
شاخ - پۇتاقلىق بىر سوقۇما،
كەرىلىپقۇ ياتادۇ[ر].
توكا ياغچى بۇنى كۆرۈپ:
— هوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن ئۈگزىدە چىكەتكەندە
بىر سوقۇما پەيدا بولۇپ قاپتۇ.
نەددىن تاپتىڭ بۇ سوقۇمنى، —
دېگەنىڭىز زامانلا[ر] دا،
— سىلە ئۈگزىدە چىكەتكەندە،
سەن ئۈيىنى مەزمۇت سالماي،
ئايۋاننىڭما تۈگرۈكى
تۈگرۈكى بىسىپ كەتكەن.
ئىشكايىلىدىكى سەگۈنى،
ئەكىرىپ قوياپ قويدۇم، —

شۇنداقىنا دېگەندە
باش - ئاياغقا بىر قاراپ،
— هوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
ھەرىنى ئاچىقىپ بە[ر] گىن،
بوينىقىنى كىسىۋاتاي،
شوتىنى ئاچىقىپ بە[ر]گىن،
شاخ - پۇتاقىنى ئېلىۋاتاي،
تۆت قىرلىق قىلىپ قوياي،
چىڭ چاسا قىلىپ قوياي، —
شۇنداقىنا دېگەندە
يالپۇزخان ئۆيگە كىرىپ
— تاپالمىدىم شوتاڭنى،
ئۆزەڭ ئاچىقىن ھەرەڭنى، -
شۇنداقىنا دېگەندە
— هوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن سېنى ئىشقا بۇيرۇپ
قايسى ئىشنى قىپ كەلگەن.
ئۆزەم قىلسام بولمامدۇ، - دەپ
ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتسە،
— هوي ئاد`ش، قاسساپ ئاداش،
خاخىراپما ياتامىلا،
كەرىلىپما ياتامىلا،
بىزنىڭ گاداي يامان گاداي.
شوتىنى ئاچىقىپ سالسا،
بويناقلىرىنى كىسىۋېتىپ،
شاخ - پۇتىقىنى ئېلىۋېتىپ،
تۆت قىرلىق قىلىپ قويىدۇ.
ھەرىنى ئاچىقىپ سالسا،
چىڭ چاسا قىلىپ قويىدۇ.
جانلىرىنى جايلىسىلا،
شۇنداقىنا دېگەندە
«ئىللەللا!» دەپ بىر قوپتى.
شىپاڭنى ئۆرۈپ قوپتى.
داۋزا ئالدىسىغىمۇ يەتكەندە
— هوي سوقۇمام، توختاڭ سوقۇمام.

1) ئىشكايىكى — ئىشىك ئالدىدىكى.

شاخ - پۇتىقىڭنى ئېلىۋېتىپ،
تۆت چاسا قىلىپ قويىمەن،
بويناقلىرىڭدىن كېسىۋېتىپ،
ھەم سىلىق قىلىپ قويىمەن، —
شۇنداققىنا دېگەندە
جان ئاچچىقتا يۈگۈرۈپ قاچتى،
داۋزا ئالدىغا بار[ر]غاندا،
داۋزىسىغا بىرنى ئۇستى.
چوڭ بالىسى يۈگۈرۈپ چىقتى.
— ھوي باللا، يۈگۈ[ر] باللا،
دادام بازا[ر]غا كەتكەن.
قويىنى جىق ئەكە[ل]گەندۇ،
پايدىنى كۆپ تاپقاندۇ، -
شۇنداققىنا دەپ ئەمدى،
چوڭ بالىسى يۈگۈرۈپ چىقسا
قىپ يالىڭاچقىنا بىر گاداي،
تۇ[ر]غىنىنى كۆرۈپ ئەمدى:
— مەيەدە بىر نە[ر]سە كەپ قاپتۇ،
يا ئېيىقمۇ، ئادەممۇ،
يا ساراڭمۇ بۇ ھايۋانمۇ،
قىپ يالىڭاچقىنا تۇرادۇ.
تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قوڭىغا، —
شۇنداققىنا دېگەندە،
— ھاي بالام، جېنىم بالام،
گەپنى ئاستا قىلىڭلا[ر]،
مەن سىلىنىڭ داداڭلا[ر].
شۇنداققىنا دەپ تۇردى.
— ھوي باللا، يۈگۈ[ر] باللا،
ما[ۋۇ] گاداي نېمە دەيدۇ،
مەن سېنىڭ داداڭ دەيدۇ.
تەپ ما[ۋۇ]گادايىنىڭ قوڭىغا. —
دېگەنىڭ زامانىلا[ر]دا،
تەپكىلىما تۇردى قوڭىغا:
«كاپپاك - كۇپپۇك، كاپپاك - كۇپپۇك،
كاپپاك - كۇپپۇك، كاپپاك- كۇپپۇك...»
بىر مىڭ نەچچە يۈزنى تەپتى.
ئە[ر]ز قىلغىلى ھېچكىم يوق،
مازا[ر] بېشىغا يەتكەندە،
ھېچكىم بېگىم، ئەلىماخۇنۇم،
قاساپ ئاداشنى كۆرۈپ،
— ھوي ئاداش، قاساپ ئاداش،
سىلە قاياشقا بارغانمۇ،
يالپۇزخاننى ئالغانمۇ،
ئەڭنايىغنى سالغانمۇ،
سوقۇما قىلىپ قويغانمۇ،
يالپۇزخانىنىڭ قېشىدىن
مەشەگە تېچىپ كەلدىڭمۇ،
كىڭلە [1] ئاداش قاساپ ئاداش،
بىر ئورۇندا ئولتۇرايلى.
ئورانغا كىرىپ ئولتۇ[ر]دى.
تېزەكتە ئىس سەپ ئولتۇ[ر] دى.



1) كىڭلە — كېلىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# لەيلى بانۇ ۋە شېرىن بانۇ

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنـ
كەن، ئۇ ياش چېغىدىلا ھۆسنى ـ جامالى تولۇن ئايدەك گۈزەل بىر مەلىكىگە ئۆيلەنـ
نىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللار بىرگە ئۆتۈپتۇ. لېكىن ئۇلار پەرزەنت يۈزى كۆرـ
مەپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا بەكمۇ بىئارام بولىدىـ
كەن. ئۇلار پەرزەنت تەلەپ قىلىپ كېچە ـ كۈندۈز دۇئا ـ تىلاۋەت قىپتۇ. تېۋىپلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ھەر خىل سەۋەپلەرنىمۇ قىلىپ بېقىپتۇ. بىراق مەلىكىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ. كۈنلەر كېيىندىن ئايلار، ئايلار كېيىندىن يىللار ئۆتۈۋېرىپتۇ. پادىشاھ بولسا پەرزەنت پىراقىدا كۆيۈۋېرىپتۇ. كۈنـ
لەرنىڭ بىرىدە مەلىكە:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم! بۇنداق قايغۇـ
ھەسرەتتە يۈرۈۋەرسىلە ئۆزلىرىگە ئازار يېـ
تىپ قالارمىكىن. بىرەر قېتىم تاغ ـ داۋان، دەشتى ـ باياۋانلاردا ئايلىنىپ، شىكار قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كەلسىلە ياخشى بولاتـ
تى، — دەپتۇ.

پادىشاھ مەلىكىسىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن سەپەرگە تەييارلىنىپتۇ. تەييارلىق پۈتكەنـ
دىن كېيىن، پادىشاھ، ۋەزىر ۋە لەشكەرـ
چەۋەندازلىرى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار شەھەردىن چىقىپ بىر مەھەل ماڭغانـ
دىن كېيىن بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپتۇ. مەـ
ھەللىنىڭ چېتىدىكى يول ئۈستىدىكى تۈپەـ
دا يۈز ـ كۆزى، بەدەنلىرى قاسماق بولۇپ كەتكەن بىر ئوغۇل، بىر قىز بالا قىپ ـ يالـ
ىڭاچ ھالدا ئويناۋاتقىدەك. بۇلارنى كۆرـ
گەن پادىشاھ:

— ئەجەبا، بۇ قانداق تەخدىر، قانـ
داق قىسمەتتۇ؟ دەپتۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — پەرـ
زەنت ئۈچۈن ئوت ـ كاۋاپ بولىۋاتقان مەنـ
دەك بىر پادىشاھقا پەرزەنت نېسىپ بولماي، باللىرى تورماق ئۆز جېنىنى جان ئېتەلـ
مەي يۈرگەنلەرگە قوشلاپ پەرزەنت نېسىپ بوپتۇ!

پادىشاھ ھەمىيانىدىن بىر تىللا ئېلىپ، ھېلىقى نارىسىدىلەرگە بېرىپتۇ-دە، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار تاغلار ئېشىپتۇ، جاڭگال-ئورمانلارنى ئارلاپتۇ، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپتۇ. شىكار بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ شىكاردىن قايتىشىدا يەنە شۇ مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ. ھېلىقى ئىككى بالا يەنە يول ئۈستىدە ئويناۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يېڭى ئىشتان كىيىۋالغانىكەن، بۇنى كۆرگەن پادىشاھ تېخىمۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

مەلىكە پادىشاھنى يەنە بىر قېتىم شىكارغا چىقىپ، كۆڭۈل ئېچىپ ئويناپ كېلىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ، چوڭ تەييارلىق بىلەن يولغا سېپتۇ. پادىشاھ شەھەردىن چىقىپ، ھېلىقى مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھېلىقى ئىككى بالىنىڭ يول ئۈستىدە ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇلارغا يەنە بىر تىللانى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ، شۇ مەھەللىگە كەلگەندە، بالىلار بىر قوردىن يېڭى كىيىم كىيىشىپ، يولنىڭ چېتىدە ئويناۋاتقىدەك، بىر-بىرلىرىنىڭ كىيىملىرى تۇپا بولۇپ كەتسە قېقىشىپ قويۇشقىدەك. بالىلار يۈينۈپ-تارالغاندىن كېيىن، ھۆسنى-جامالى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشىپتۇ. رەڭگى-روھى سولىشىپ، سامانىدەك سارغىيىپتۇ. مەلىكە پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئۈسسۇن دەپ، ئۈچىنچى قېتىم يەنە شىكارغا چوڭ تەييارلىقلار بىلەن يولغا سېپتۇ.

مەلىكە پادىشاھنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، قاتتىق ئويغا پېتىپتۇ. «پادىشاھنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلسۇن دېسەم بارغانسېرى كېسەل تارتقان ئادەمدەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ... ئارىمىزدا پەرزەنت بولمىغاچقا، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ھامىنى مېنى قوغلىۋېتىدۇ. ئالدىن ئالا ئۆزۈمنى غەملەۋالاي، دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ ۋە ئۆزىگە تېگىشلىك مال-دۇنياسىنى يۆتكەپ قويۇپتۇ. مەلىكىنىڭ مەخسۇس پادىشاھ ئۆزى ئىشلىتىدىغان ئالتۇن ئۇشۇقىدا ئىشتىياقى بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ، ئۇنى يۆتكەشكە قولى بارماپتۇ. بىراق ھېچبولمىغاندا، شۇ ئالتۇن ئۇشۇقتا بولسىمۇ تەرەت ئېلىۋالغۇسى كېلىپ، بىر كېنىزەكنى زۇمرەت كۆلىدىن ئەشۇ ئۇشۇققا سۇ ئەكەلىشكە بۇيرۇپتۇ. كېنىزەك كۆلدىن سۇ ئېلىۋاتقاندا، ئالتۇن ئۇشۇقنىڭ ئىچىگە قۇرتنىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. كېنىزەك ئالتۇن ئۇشۇقنى بىر قانچە قېتىم چايقاپ سۈيىنى تۆككەن بولسىمۇ، قۇرت زادى كۆرۈنمەپتۇ. كېنىزەك مەلىكىدىن قورققانسېرى قورتمۇ ئۇشۇقتىن چىقماپتۇ، كېنىزەك قۇرۇتنى ئۇشۇقتىن چىقىرىش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولىۋاتقىنىدا، مەلىكە كېلىپ ئاچچىق بىلەن كېنىزەككە ۋارقىراپتۇ. كېنىزەك «ئەدەدى تۈگەشتىم» دەپ ئويلاپ، چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا مەلىكىنىڭ ئالدىغا دىر-دىر تىترەپ كەپتۇ. مەلىكە كېنىزەككە:

— بۇ ئالتۇن ئۇشۇقنى مېنىڭ بىرەر قېتىم ئىشلەتكىنىمگە سېنىڭمۇ تارلىقىڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ كايىپتۇ.

كېنىزەك ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئاغزى گەپكە كەلمەپتۇ ۋە ئالاقزادىلىك ئىچىدە مەلىكىنىڭ قولىغا سۇ قويۇپتۇ. قېرىشقاندەك جۈمەكتىن سۇ ئۇرغۇپ چىقماي تامچىلاپ چىقىپتۇ.

— سۇنى نېمەڭگە ئايايتىڭ كۆتۈرۈپ قۇيمامسەن — دەپ كېنىزەككە ۋارقىراپتۇ، مەلىكە.

كېنىزەك سۇنى كۆتۈرۈپ قويۇپتىكەن، بىر قارا باش قۇرت مەلىكىنىڭ قولىغا سوزۇلۇپ چۈشۈپتۇ، كېنىزەك قورقانلىقىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. قۇرت مەلىكىنىڭ قەلبىغا چۈشۈپتۇ-دە، لەئلىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. مەلىكىمۇ چاندۇرماستىن ئۇنى ئوراپ ساندۇققا سېلىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ شىكاردىن كېچىكىپ كەپتۇ. لېكىن پادىشاھدا كۆڭلى ئېچىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەپتۇ. مەلىكە پادىشاھنى بۇ قېتىم ئۆتكەن ۋاقىتتىكىدىنمۇ قىزغىن، خۇشچىراي كۈتۈپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنىڭ بۇ خۇش مۇئامىلىسىدىن رازى بوپتۇ ۋە بۇنىڭدا بىرەر سىر بارلىقىنى پەملەپتۇ.

— ئەي قەدىرلىك شاھىم، — دەپتۇ مەلىكە، — مەن بىر لەئلىگە ئىگە بولدۇم.

— ھەقىچان دادامدىن قالغان گۆھەردۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— سىلى دېگەن ئۇ گۆھەرگە قاداق چۈشكەن. مەن دېگەن گۆھەر لەئلى تاش شۇنداق چىرايلىق، جۇلالىق، بېجىرىم، — دەپتۇ مەلىكە ۋە لەئلى تاشنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— قېنى مەن كۆرۈپ باقاي، ئېلىپ چىققىن دەپتۇ پادىشاھ.

مەلىكە ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا ساندۇق ئىچىدە ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرانە بىر ئوغۇل بوۋاق بىر غېرىچ كىندىكى بىلەن ياتقىدەك. بۇنى كۆرگەن مەلىكە «ۋاي»



دەپ بىرلا ۋارقىراپتۇ-دە، تېلىقىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئاۋازنى ئاڭلاپ دەررۇ ھۇجرىغا كىرىپتۇ. ھوشسىز ياتقان مەلىكىسىنى كۆرۈپتۇ. يۈزىگە مۇزدەك زەمزەمنى سېپىپ سەگىتىپتۇ. مەلىكە پادىشاھنى ساندۇققا ئىما قىپتۇ. پادىشاھ ساندۇق ئىچىدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئوغۇل بوۋاقنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ دەسلەپتە ھەيران بوپتۇ، كېيىن لەئلى تاشنىڭ خىسلىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇشاللىقىدا قىن-قىنىغا پاتماي قاپتۇ. شۇ

منۇتتىن تارتىپلا پادشاھنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم، رەڭگىدە قىزىللىق، مىجەزىدە خۇشپېئىللىق پەيدا بوپتۇ، بالىنىڭ قىرقى توشۇش بىلەن پادشاھ توققۇز پادشاھلىقنى بۇ شاھزادىنىڭ بۆشۈك تويى مۇراسىمىغا چاقىرىپتۇ. توققۇز پادشاھلىقنىڭ شاھ، ۋەزىرلىرى، ئۆلىما، قازى ـ كالان، لەشكەر باشلىق، سەردارلىرى بۇ پادشاھنىڭ ئۆمرىدىكى بىردىنبىر پەرزەنتىگە ھەددىي ھېسابسىز سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كەپتۇ. نەچچە كۈنلەپ داش قازانلار قايناپتۇ. خىلمۇ ـ خىل سورۇنلاردا خىلمۇ ـ خىل بەزمىلەر بوپتۇ، ئويۇن ـ تاماشا، ئىلىم ـ تەھسىل، قىلىچۋازلىق، نەغمە ـ ناۋا، سۆھبەتلەر بوپتۇ. توي مەرىكىسى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ئاخىرىدا يۇرت كاتتىلىرى، قازى ـ مۇپتىلار، شاھ ـ سەردارلار ئالدىدا بۇ شاھزادىگە ئىسىم تاللاپتۇ. ھەر قايسىلىرىنىڭ تاپقان ئىسىملىرى شاھزادىگە زادى ماس كەلمەپتۇ. تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن، شاھزادىنىڭ قىرقى سۈيى تۆكۈلگەن يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىسىم تاللىماقچى بوپتۇ. پادشاھ:

— بۇ پەرزەنتىنىڭ قىرقى سۈيى نەگە تۆكۈلگەن، — دەپ سوراپتۇ.

—ئۇلۇغ شاھىم، شاھزادىنىڭ قىرقى سۈيى تۆكۈلگەن يەرنى كىشىلەرنىڭ دەسسەپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، دەرياغا تۆككەندۇق، — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر.

— ئۇنداق بولسا سۇ تۆكۈلگەن ئورۇننى كۆرۈپ كېلىڭلار، — دەپتۇ پادشاھ.

ۋەزىرلەر دەرھال دەريا بويىغا ئات چاپتۇرۇپتۇ. قىرقى سۈيى تۆكۈلگەن يەرگە بېرىپتۇ. قارىغىدەك بولسا، سۇ تۆكۈلگەن يەردە بىر قايىنام پەيدا بولۇپ، قايىنامدا سۇ بىلەن لەئلى تاشلار ئۆركەشلەپ تۇرغىدەك. ۋەزىرلەر بۇنىڭدىن ھەيران بوپتۇ. ئات چاپتۇرۇپ خۇش خەۋەرلەرنى سورۇنغا يەتكۈزۈپتۇ. دانىشمەنلەر شاھزادىنىڭ ئىسمىنى «لەئلى ٔبانۇم» بولسۇن دېيىشىپتۇ. بۇ ئىسىم ھەممىگە ماقۇل كەپتۇ.

پادشاھ شاھزادە لەئلى بانۇنى مەخسۇس چارباغدا تەربىيىلەپتۇ. شاھزادە بالاغەتكە يەتكەندە، ھۆسنى ـ جامالدا تەڭداشسىز يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ. ئەدەب ـ ئەخلاق، ئىلىم بابىدا كامالەتكە يېتىپتۇ. پادشاھ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شاھزادىنى ئۆيلەپ، ئاندىن پادشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئاخىرى ئوڭ قول ۋەزىرىگە، شاھزادىنىڭ رەسىمىنى ئېلىپ، يىراق يۇرت ۋە پادشاھلىقلارنى ئارىلاپ، شاھزادىگە ئوخشاش ھۆسنى ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن گۈزەل قىزدىن دېرەك ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئۈچ ئايلىق ئوزۇق تەييارلاپتۇ، قىممەت باھالىق ئېسىل سوۋغا ـ سالاملارنى تېگىپتۇ، ئۇلارنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، تاللانغان قىرىق نەۋكەر بىلەن ھۆسنى ـ جامالدا شاھزادىگە تەڭ كېلەلەيدىغان گۈزەل قىزنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

پادشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ، دەشتى ـ چۆللەرنى كېزىپ، شاھزادىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ يۈرۈۋەرسۇن. ئەمدى گەپنى شاھزادىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن گۈزەل قىزدىن باشلايلى:

لەئلى بانۇلارنىڭ يۇرتىدىن قىرىق مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر ئەلدە بىر پادشاھ بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى قۇدرەتلىك بولۇپ، مال ـ دۇنياسى ھېسابسىز ئىكەن. بىراق بۇ پادشاھمۇ ئۆمرىدە پەرزەنت يۈزى

كۆرمىگەنىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆزى دۇنيادىن ئۆتكەندە بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدىكەن. پەرزەنت دەردىدە ئۇنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ نەچچە يىل كېسەل بولغان ئادەمدەك بولۇپ كەتكەنىكەن.

بۇ پادىشاھنىڭ مەلىكىسى پادىشاھنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئۆزىنىڭ بېتەلەيلىكىدىن، «شور» پېشانىسىدىن كۆرىدىكەن. پادىشاھنىڭ غەزىۋىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىزەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە پادىشاھنىڭ دەريا بويىدا سەيلە قىلىپ، بېلىق تۇتۇپ، ئويناپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىسىنىڭ بۇ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن ماقۇل بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن چېدىرلار دەريا بويىغا تىكىلىپتۇ، يېڭى تورلار تەييارلىنىپتۇ. پادىشاھ بىلەن مەلىكە ئۆز بەختى - تەلەيلىرىنى سىناپ تور سېلىپتۇ. پادىشاھ سالغان تورغا نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان بىر ئالتۇن بېلىق چۈشۈپتۇ. بۇنداق بېلىق ھېچقانداق بىر بېلىقچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ باقمىغانىكەن. پادىشاھ بۇ ئالتۇن بېلىقنى داڭلىق ئاشپەزلەرگە پىشۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن مەلىكە بىلەن مەززە قىلىپ يەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ مەلىكە ھامىلدار بوپتۇ.

پادىشاھ پەرزەنت ئۈمىدىدە مەلىكىگە بولغان مۇھەببىتى ئېشىپتۇ، ئۇنى قەدىرلەپتۇ. مەلىكە شۇنداق ئىززەت - ھۆرمەت ئىچىدە توققۇز ئاي، توققۇز كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىرى مەلىكىنىڭ كۆزى يورۇپتۇ. ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار پەرى سۈرەتلىك بىر گۈزەل قىز پەرزەنت دۇنياغا كۆز ئېچىپتۇ. پادىشاھ ئۆز پەرزەندىنىڭ بولغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بوپتۇ.

پادىشاھ توققۇز يۇرت، توققۇز پادىشاھلىقتىن توقسان توققۇز پادىشاھ، ۋەزىر، ئۆلىما، سەردارلارنى، مەلىكە - خانلارنى تەكلىپ قىلىپ، چوڭ بۆشۈك تويى مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. قىزغا ئىسىم قويۇشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ھەر قايسىلىرى ئەڭ ياخشى ئىسىملارنى تاللاپتۇ، ئىسىملارغا كىتابلاردىن ئەڭ ياخشى تەبىرلەرنى بېرىشىپتۇ. بىراق بۇ ئىسىملار قىزغا لايىق كەلمەپتۇ. ئاخىرى مەلىكىنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسى بويىچە بولۇشنى ھەممە لايىق كۆرۈپتۇ. مەلىكە ئالتۇن بېلىقنى يېگەن ۋاقتىدا ئاغزىدا بىر تال كىچىك لەئلى تاش چىققانلىقىنى ئېيتىپ، شاھ لايىق كۆرسە «شېرىنبانۇم» دەپ ئىسىم قويسا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھ مەلىكىسىدىن بەك رازى بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قىز پەرزەنتكە «شېرىنبانۇم» دەپ ئىسىم قويۇلۇپتۇ. شېرىنبانۇمنى ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن مەخسۇس ئىنىكئانىلار تەربىيىلەپتۇ. مەلىكە مەخسۇس چارباغدا نۇرغۇن كېنىزەكلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە ئۆسۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شېرىنبانۇمۇ بالاغەتكە يېتىپتۇ. ھۆسنى-جامال، ئەدەپ - پەزىلەتتە شۇ ئەتراپتا بىرەر قىز ياكى يىگىت ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كېلەلمەيدىكەن.

ئەمدى بىر لەئلى بانۇمنىڭ دادىسى سەپەرگە ئاتلاندۇرغان ئوڭ قول ۋەزىرگە قايتىپ كېلەيلى:

ئوڭ قول ۋەزىر لەئلى بانۇمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن گۈزەل قىزدىن دېرەك ئېلىش يولىدا توختىماي ئىگىشىۋېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ پادىشاھلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، مەسلىھەتلىشىپتۇ. گۈزەل قىز - كېنىزەكلەرنى كۆرۈپتۇ، بىراق لەئلى بانۇمغا تەڭلىشەلەي-

دىغان بىرمۇ قىزنى ئۇچرىتالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ يولدىن قايتماپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر قىرىق مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ، ئاخىرى شېرىنبانۇملارنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر بۇ شەھەرگە ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەپتۇ. بۇ شەھەرگە مۇنداق كاتتا مېھمانلار كەمدىن-كەم كېلىدىكەن. شۇڭا بۇ، پادىشاھنىڭ بەكمۇ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ «بىر ھارغاندىن، بىر ئاچقاندىن گەپ سورىما» دېگەن تەمسىلگە ئەمەل قىلىپ، تېچلىق ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇلارنى ياخشى كۈتۈپ، ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن ياخشى تۆشەكلەرنى تەييارلاپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ۋەزىر ۋە سەردارلىرىنى ئېلىپ، مېھمانلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بوپتۇ ۋە بۇ تەرەپلەرگە قەدەم-تەشرىپ قىلىش مۇددىئالىرىنى بىلمەكچى بوپتۇ. بىراق مېھمانلار تونۇشۇش، بىلىشىش، ئۆزئارا بار-دى-كەلدى قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى باشلىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى نىيەتلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.

مېھمانلار شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ پادىشاھلىقتا بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. زىيارەت-تاۋاپ ئىشلىرىنى كۆپ قىپتۇ. چوڭ سورۇنلاردا مەرىكە-مەشرەپلەردە بوپتۇ. بىراق مېھمانلارنىڭ بەزى ئىشلىرى پادىشاھنى سەل ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ باشتا بىر غەرەزى بارلىقىنى پەملەپتۇ. پادىشاھ مېھمان ۋەزىرنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. مېھمانلار تۇرۇشلۇق ئورۇننى لەشكەرلەر قورشاپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ، زات — دەپ سۆز باشلاپتۇ پادىشاھ، — سىلەرنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى يۈرۈش-تۇرۇشلىرىڭلاردىن مەلۇم مەقسەت يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلدۇق. سەمىمىلىك بىلەن بىزنى قانائەتلەندۈرگەيسىلەر.

مېھمان ۋەزىر سەپەر قىلىشتىكى ئەينى ئەھۋالنى ئاشكارىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ-دە:

— ئەي ئۇلۇغ شاھ! راستىنلا ھەقىقىي مۇددىئايىمىز باشقا ئىدى. ئۇنى بىرەر شەپىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىشنى ئانچە لايىق تاپمىغاندۇق. پادىشاھىمىزنىڭ لەيلى بانۇم ئىسىملىك بىرلا شاھزادىسى بار ئىدى، ئۇ ھۆسنى-جامالدا تەڭداشسىز ئىدى، چىرايلىقلار بابىنىڭ سۇلتانى ئىدى. بىز شۇ شاھزادىگە ھۆسنى-جامالدا، ئەخلاق پەزىلەتتە تەڭلىشەلەيدىغان بىر گۈزەل قىزدىن دېرەك ئېلىش ئۈچۈن جاھان كېزىپ يۈرىمىز، — دەپتۇ مېھمان ۋەزىر.

— ئەي زات، مالال كەلمىسە، شۇ شاھزادىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ باقساق، — دەپتۇ پادىشاھ.

مېھمان ۋەزىر دەرھال لەيلى بانۇنىڭ رەسىمىنى ئېلىپ، پادىشاھقا ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ. پادىشاھ رەسىمنى قولىغا ئېلىپ، دۇنياغا مۇنداق بىر گۈزەل ئىنساننىڭ تۆرەلگەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالالىسا، دۇنيانىڭ بەختى شۇ ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ. مېھمانلارغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. ئەمما دەسلەپكى قېتىمدا ئۆز قىزىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇلارغا بىر نەرسە دەپ بەرمەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوي-خىيالى شۇ شاھزادىدىلا بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى ئۆز شاھىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى بايقاپ شاھزادىنى كۆيئوغۇل قىلىۋېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى پەملەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مېھمانلارغا بۇ شاھنىڭ شېرىنبانۇم ئىسىملىك بىر قىزى بارلىقىنى، ئۇنىڭ چىرايلىقلار بازىرىدا لەئلى بانۇمغا تەڭ كېلەلەيدىغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. مېھمان ۋەزىر، پادشاھ ھۇزۇرىغا ئەلچى سۈپىتىدە كېلىپ، شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ شاھ ئاللىرى، خەۋەر تېپىشىمىزچە ئۆزلىرىنىڭ شېرىنبانۇم ئىسىملىك بىرلا قىز پەرزەنتلىرى بار ئىكەن. ئۇ لەئلى بانۇمغا ھەر جەھەتتىن تەڭ كېلەلەيدىكەن. بىھۆرمەتلىك قىلىپ ئالدىلىرىغا كەلدۇق. مالاللىق يەتمىسە، رەسىمنى كۆرسەك، ناۋادا بىزنىڭ ئىزلىگىنىمىزدەك بولسا، شاھىمىزنىڭ ئۆزلىرى بىلەن قۇدا بولۇش ئارزۇسىنى يەتكۈزگەيمىز. لەئلى بانۇم بىلەن شېرىنبانۇمنىڭ بېشىنى بىر يەردە قىلىپ قويغايمىز.

— ئەي ئۇلۇغ مېھمان ۋەزىر، — دەپتۇ پادشاھ، — بىزنى شۇنچە ئىززەت - ھۆرمەتلىگەن ھىممەتلىرىگە رەھمەت. قىزىمىز شاھىڭلارنىڭ شاھزادىسىگە لايىق بولالىسىلا، بۇ بىزنىڭ بەختىمىز.

پادشاھ شېرىنبانۇمنىڭ رەسىمنى كەلتۈرۈپتۇ ۋە مېھمان ۋەزىرگە سۇنۇپتۇ. ۋەزىر شېرىنبانۇمنىڭ رەسىمنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. قىز ئۇنىڭ پەرىزىدىكىدىنمۇ گۈزەل بولۇپ چىقىپتۇ. لەئلى بانۇم بىلەن شېرىنبانۇمنىڭ رەسىمنى بىر يەرگە قويغاندا، ئۇلاردىن ئاي ۋە قۇياشمۇ خىجىل بوپتۇ. مېھمان ۋەزىر بۇ خۇش خەۋەرنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ.

ۋەزىر بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، چۆلدىكى بىر قونالغۇغا چۈشۈپتۇ. بىر - ئىككى كۈن راسا ھاردۇغىنى ئېلىپتۇ.

ۋەزىر ئۆز ھۇجرىسىدا ھاردۇق ئالغاچ لەئلى بانۇم بىلەن شېرىنبانۇمنىڭ رەسىمنى ئېلىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ھۆسنى - جامالىدىن لەززەتلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ياش قۇرامى لەئلى بانۇم بىلەن تەڭ ئوغلى كۆز ئالدىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ بىچارە ھالىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. شاھزادىنىڭ بەختى ئۈچۈن چاپا چېكىپ، ئۆز ئوغلى ئۈچۈن باش قاتۇرمىغانلىقىدىن خىجىل بوپتۇ ۋە بىردىنلا بىر يامان نىيەت كۆڭلىگە كەپتۇ. شېرىنبانۇنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپ، ئوغلىنى پادىشاھنىڭ ۋارىسى قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن تاڭنى تەسلىكتە ئاتقۇزۇپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر يولغا چىقىشتىن بۇرۇن قىرىق نەۋكەرنىڭ ھەر بىرسىگە يۈز تىللادىن تارقىتىپ بېرىپتۇ. نەۋكەرلەر ۋەزىردىن بەكمۇ مىننەتدار بوپتۇ. ۋەزىر بۇ قېتىمقى سەپەردىن قايتىشىدا ئوردىغا چۈشمەي ئۆز ئۆيىگە چۈشۈپتۇ ۋە پادىشاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— ئەي خوتۇن، — دەپتۇ ۋەزىر، — سەن بۇ قىزنىڭ رەسىمنى كۆرۈپ باق، ئۆز ئوغلىمىزنىڭ غېمىنى يېمەي پادىشاھ شاھزادىسىنىڭ غېمىنى قىلساق، خۇدامۇ راۋا كۆرمەس. مۇشۇ ئۆيدە پادىشاھنى ئۇچۇقتۇرۇپ، كېچىلەپ يەتمىش پۇشتىنى قويماي يوقىتىپ ئۆزەم پادىشاھ بولىمەن. شۇ چاغدا ئۆز شاھزادىمىزنىڭ يولىدا ماڭىمىز.

— ئوغلىمىز كېسەل دەردىدە تۇگۈر ۋە چوقۇر بولۇپ قالغان تۇرسا، ئۇ پادىشاھ ماقۇل كۆرەرمۇ؟ — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى.

— مەن تەختكە ئولتۇرغاندا، ھېچكىمنىڭ مېنىڭ رايىمنى قايتۇرىدىغانغا ھەددى ئەمەس، ئاۋۋال يولى بىلەن، ئۇنىمىسا، ئەلەم بىلەن، — دەپتۇ ۋەزىر ۋە خوتۇنى ئىككىسى پادىشاھ يېتىپ

كەلگىچە لەززەتلىك تاماقلارنى تەييارلاپتۇ.
پادشاھنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان تاۋاقلاردىكى
تاماقلارغا زەھەر سېلىپمۇ ئۇلگۇرۇپتۇ.

پادشاھ يېتىپ كېلىشى بىلەن ۋەزىر
ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ، بەكمۇ قىزغىن
ئەھۋال سورىشىپتۇ، بىرىپ قايىتقىچە بولغان
ئارىلىقتىكى ھەممە ئەھۋاللارنى پادشاھقا
بىرمۇ - بىر سۆزلەپ بېرىپ پادىشاھنى ئۆ-
زىگە رام قىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ قول ۋەزىرنىڭ
خوتۇنى بىلەن قىلىشقان گەپلىرىدىن ئۇلار-
نىڭ نىيىتىنى پەملىۋالغان بىر كېنىزەك،
پادشاھنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا چامى يەتمەيدى-
غانلىقىغا كۆزى يېتىپ چىرايلىقلىقتا تەڭدىشى
يوق شاھزادىنىڭ ياش جېنىنى بولسىمۇ قۇتۇل-
دۇرۇپ قېلىشنى ئويلاپتۇ. پادشاھ ۋەزىرنىڭ
ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېنىزەك
يوشۇرۇنچە دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ.
پادشاھ دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىشى بىلەن
تەڭ، پادشاھنى قوغداپ كەلگەن بىر نەۋ-
كەرنى چەتكە تارتىپ ھەممە ئەھۋالنى ئېيى-
تىپتۇ. نەۋكەر ئۇ يەرگە كىرسە، ئۆزىمۇ،
پادشاھنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىسىمۇ، ئۇرۇق-
تۇغقانلىرىمۇ قالماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى،
شۇنىڭ ئۈچۈن شاھزادىگە تېزدىن
خەۋەر قىلىپ دەرھال قاچۇرۇۋەتمىسە بولماي-
دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نەۋكەر شۇ زامان
ئوردىغا يۈگرەپتۇ. ۋە شاھزادە لەئلى بانۇمە-
غا ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئانىسى قاتارلىق
ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئېلىپ شەھەر دەرۋاز-
سىدىن ۋاقتىدا چىقىۋېلىشنى تاپىلاپتۇ. لەئ-
لى بانۇم ئانىسىنى ئېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى
كېچىلىك تاقاشتىن ئىلگىرى شەھەر سىر -
تىغا چىقىۋاپتۇ.

پادشاھ ئۇنىڭ قول ۋەزىرنىڭ مېھمىنى
بولۇپ، داستىخىنىدىكى تۈرلۈك نازۇ - نېمەت-
لەرگە قول سۇنۇپتۇ، تاۋاقلاردىكى تائاملاردىن
ئېلىپ يەپتۇ ۋە بىردەمدىلا زەھەرلىنىپ ئۆ-
لۈپتۇ. ۋەزىر كېچىلەپ ئوردىغا تۇيۇقسىز ھۇ-
جۇم قىلىپ، پادشاھ ئوردىسىنى بېسىپ، ئۆيى-
ۋۇ - ئۆي پادشاھ ئەۋلادلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ
قېقالغانلىرىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. پادشاھ
قېرىنداشلىرىنىمۇ ئامان قويماپتۇ. ۋە-
زىر لەئلى بانۇمنى، شاھ مەلىكىسىنى ۋە پا-
دىشاھنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى تاپالماپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ۋەزىر شەھەر
خەلقىگە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكالاپتۇ.
ئىلگىرىكى پادشاھنىڭ ئوغلى لەئلى بانۇمنى،
شاھ مەلىكىسىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تۇتۇپ
ئەكىلىپ بەرسە ناھايىتى كۆپ ئىنئام بېرى-
دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق پۇقرالار يېڭى
پادشاھقا ئۇلار ھەققىدە ئۇچۇر بەرمەپتۇ.

لەئلى بانۇم شۇ ماڭغانچە تاغ - داۋان-
لار ئېشىپتۇ، دەريالار كېچىپتۇ، دەشتى چۆل-
لەرنى كېزىپتۇ، ئۆڭكۈرلەردە تۈنەپتۇ. شۇ ھال-
دا ئانىسى بىلەن قىرىق كېچە - كۈندۈز يول
مېڭىپتۇ. يول ئازاۋى گۆر ئازاۋى دېگەندەك،
ئۇلارنىڭ چىرايلىرى سولىشىپتۇ، پۇت-
قوللىرىنىڭ ماغدۇرى كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ
ئۇلار بىر شەھەرنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ.
نېمە بولساق ئادەم بار يەردە بولايلى دەپ
مىنىڭ بىر جاپا بىلەن شەھەرنىڭ چېتىگە
يېتىپ كەپتۇ. لەئلى بانۇم ئانىسىنى بىر
دالدا يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قۇرساق
تويغۇزغىدەك بىر نەرسە تېپىپ كېلىش
ئۈچۈن ئۆزى شەھەر ئىچىگە كىرىپتۇ. ناۋاي-
دىن بىرنەچچە نان ئاپتۇ، كاۋاپچىدىن كاۋاپ
ئېلىپ، بىر تىللانى تاشلاپ بېرىپتۇ. كاۋاپ-
چىدا بىر تىللانى پارچىلىغىدەك پۇل بولمى-
غاچقا، پارچىلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە
مېڭىپتۇ. لەئلى بانۇم «بەرگەن پۇلۇمنى ئاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ شەھەر قازىسىغا ئەرز قىلغىلى ماڭغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ كاۋاپچىنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ لەئلى بانۇم كاۋاپچىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگىچە بېرىپتۇ. كاۋاپچىنىڭ ئانىسى لەئلى بانۇمنىڭ بۇ يۇرتنىڭ ئادىمى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىدىگە مال-دۇنيالىق ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ بالا-چاقىسى ئىكەنلىكىنى پەھلەپتۇ. موماي لەئلى بانۇمنى ھۆرمەت بىلەن كۈتىۋاپتۇ. ۋە ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سوراپتۇ. لەئلى بانۇم بېشىغا كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي ئۇلارنىڭ ھالىغا ئىچىنىپتۇ ۋە لەئلى بانۇم بىلەن ئۆز بالىسىنى ئېۋەتىپ لەئلى بانۇمنىڭ ئانىسىنى ئۆز ئۆيىگە ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئۇلارنى ياخشى تاماملار بىلەن تاماقلاندۇرۇپتۇ، بىر جۈمە ئۆيدىن دەم ئالدۇرۇپتۇ.

لەئلى بانۇم ھاردۇقنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، شەھەرنى سەيلە قىلغىلى چىقىپتۇ. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر چارباغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە ھېچبىر ئەيمەنمەستىنلا چارباغ ئىچىگە كىرىپتۇ. دەرۋازىۋەنلەر لەئلى بانۇمنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتى، نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايىغا مەپتۇن بولۇپ، تۇساشقىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ. لەئلى بانۇم چارباغنى ئايلىنىپ بىر ھۇجرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر توپ قىزنىڭ بىر موللىدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شېرىنبانۇممۇ بار ئىكەن. شېرىنبانۇمنىڭ ئىشقى مۇھەببەت ئوقى يۈرىكىگە قادالغان شاھزادە، بىر ھازا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئېسىنى يىغىپ بىر چامداپ كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، چارباغدا بىر توپ قىزلارنى ئوقۇتۇۋاتقان موللىدا ئوقسام، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لەئلى بانۇمنىڭ يالۋۇرۇشلىرىدىن كۆڭلى بۇزۇلغان ئانا بالىسىنىڭ رايىغا بېقىپ ماقۇل بوپتۇ ۋە بىر تاۋاق ئالتۇن ھەم ئېسىل رەخلەردىن ئېلىپ چارباغقا بېرىپتۇ. ئۇ موللىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— قەدىردان ئۇستاز، بىر يېتىم ئوغلۇم بار ئىدى، كىچىكىدىنلا قىزلار بىلەن بىللە ئوقۇغاچقا باشقا يەردە ئوقۇتالمىدىم. ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېلىم سېلىپ قويۇشلىرىنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم، — دەپتۇ.

موللام بۇ چارباغدا مەخسۇس پادىشاھنىڭ قىزىلا ئوقۇيدىغانلىقىنى، بۇ يەرگە ئەركەك چىۋىنىنىڭ كىرىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ بىچارە ئانىنىڭ زارىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئاخىرى ماقۇل بوپتۇ. بىراق لەئلى بانۇمنى قىزلارغا قوشماي ئايرىم ھۇجرىدا ساۋاق بېرىدىكەن ۋە قىزلاردىن بالدۇر قايتۇرۇۋېتىدىكەن.

بىر كۈنى لەئلى بانۇم يالغۇز ھۇجرىدا ساۋاق ئوقۇۋېتىپ ئىچى پۇشۇپتۇ ۋە ھۇجرىدىن چىقىپ چارباغنى ئايلىنىپتۇ. شۇ كۈنى شېرىنبانۇممۇ كېنىزەكلىرى بىلەن چارباغنى سەيلە قىلغىلى چىققانىكەن. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ، زۇمرەت كۆلنىڭ يېنىدا بىر-بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. لەئلى بانۇم «ئاھ»دەپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. شېرىنبانۇممۇ «ئاھ»دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپتۇ. كېنىزەكلەر پايپېتەك بولۇپ كېتىپتۇ. موللا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، چۆچۈپ كېتىپتۇ. كېنىزەكلەر شېرىنبانۇمنى ھۇجرىغا قايتۇرۇپ كەپتۇ. لەئلى بانۇمنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار لەئلى بانۇم بىلەن شېرىنبانۇمنىڭ يۈزلىرىگە زەمزەم سۇلىرىنى سېپىپ، خۇشپۇراق ئىپارلارنى پۇرىتىپ ئاران ھو-

شىغا كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىسى باغدا بىللە سەيلە قىلىدىغان، بىر-بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىدىن بىرەر كۈن ئايرىلىپمۇ چىدال-مايدىكەن. مۇللا كېنىزەكلەرگە ئۇلارنىڭ بۇ ھالىنى ھېچكىمگە تىنماسلىقىنى، شاھ بىلىپ قالسا ھەممىسىنىڭ كاللىسى كېتىدىغانلىقىنى تاپىلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېنىزەكلەردىن بىرى لەئلى بانۇم بىلەن شېرىنبانۇمنىڭ چارباغدىكى ئەھۋالىنى مەلىكىگە ئېيتىپ قويۇپتۇ. مەلىكە «مېنىڭ قىزىمغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلغان كىمكەن؟ دەرھال باغلاپ كېلىنسۇن!» دەپ غەزەپ بىلەن بۇيرۇق قىپتۇ ۋە ئۆزى چارباققا بېرىپتۇ. بىرقانچە نۆكەرلەر لەئلى بانۇمنى باغلاپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە لەئلى بانۇمنىڭ ئاپتاپتەك ھۆسنى جامالىنى كۆرۈپ ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرگەندەك بولۇپتۇ ۋە ئۇ يىگىتنى باغلاتقانلىقىدىن بەك خىجىل بوپتۇ، لەئلى بانۇمنى دەرھال يەشكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ، مۇللىدا ياخشىراق ئوقۇشنى تاپىلاپتۇ. مەلىكە لەئلى بانۇمغا ئارتۇقچە گەپ-سۆز قىلماپتۇ.

مەلىكە چارباغدىن قايتىپ، شاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. شاھقا: چارباغقا ھۆسنى-جامالدا تەڭدىشى يوق بىر يىگىتنىڭ كېلىپ شېرىنبانۇم بىلەن ئارىتام ھۇجرىدا تۇرۇپ شېرىن-بانۇمنىڭ مۇللىسىدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ئىككىسى ھەر كۈنى بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. شاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. «ئەركەك چىۋىنگە كۆرسەتمەي چوڭ قىلغان قىزىمنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان قانداق بالا ئىكەن ئۇ؟ ھازىر ئۇ ئۆزىنى جەھەننەمدە كۆرسۇن!» دەپتۇ-دە، «جاللات!» دەپ ۋارقىراپتۇ. مەلىكە پادىشاھقا ئازراق سەۋر-تاقەت قىلىشنى تاپىلاپ، ئۇ يىگىتنىڭ رەسىمىدىكى لەئلى بانۇمغا ئوخشايدىغانلىقىنى، ھەر ھالدا يىگىتتىن ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، ئاندىن چارە قوللىنىشمۇ كېچىكمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنىڭ گېپىنى خېلى ئورۇنلۇق دەپ ئويلاپ، ئۆزى يوشۇرۇنچە چارباغقا بېرىپتۇ. دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆزىتىپتۇ. لەئلى بانۇم بىلەن شېرىنبانۇم مەسلىھەتلەشكىنىدەك ئۆز ھۇجرىلىرىدىن چىقىپ، زۇمرەت كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ مۇڭدىشىپتۇ. پادىشاھ شۇ چاغدا لەئلى بانۇمنىڭ چىرايىغا مەھلىيا بولۇپ قاپتۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن، ئۆزىگە «بۇ كۆرگەن ئىنسى-جىنمىدۇ، يا ھۆر پەرىزاتمىدۇ؟ ئىنسان بالىسىنىڭ بۇنداق گۈزەل بولۇشى مۇمكىنمۇ؟» دەپتۇ. شۇ زامان شاھنىڭ ۋۇجۇدىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئورنىنى مېھرى-مۇھەببەت ئىگەللەپتۇ. پادىشاھ ئېسىنى يىغىپ، قولىدىكى رەسىمنى ئېچىپتۇ-دە، ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. «رەسىم ئادەم بولۇپ زۇمرەت كۆلىنىڭ بويىغا باردىمۇ، يا تىرىك ئادەم قەغەزگە رەسىم بولۇپ كېلىۋالدىمۇ؟ بۇ سېھىرگەرلىكمۇ ياكى ھەقىقىي ئادەممۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە «دەل شۇ لەئلى بانۇمنىڭ دەپ ئۆزى» كۆڭلى ئىمىن تاپقاندىن كېيىن قايتىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى چارباغقا ئالايىتەن كەپتۇ ۋە لەئلى بانۇم تۇرۇۋاتقان ھۇجرىغا كىرىپتۇ-دە، «سېنىڭ ئېتىڭ لەئلى بانۇممۇ؟» دەپ سوراپتۇ. لەئلى بانۇم ھېچكىم تونۇمايدىغان بىلمەيدىغان شەھەردە ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتىغانلىق بېشىغا گۈرزە بىلەن ئۇرغاندەك تۇيۇلۇپتۇ-دە، ھوشىنى يوقۇتۇپ قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ يۈزىگە ئىپار ھىدلىق زەمزەم سۈيىنى سەپ-

www.uyghurkitap.com

كۆزۈپ، ھۇشىغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ يىگىتنىڭ لەئلى بانۇمنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ لەئلى بانۇدىن بۇ يۇرتلارغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. لەئلى بانۇم ئۆزى تەختى-بەختىدىن قانداق ئايرىلىپ، قاچقىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئۇجۇر بۇجۇرىنى سۆزلەپ، پادىشاھقا شۇنداق دەپتۇ:

— ئوك قىل ۋەزىرنىڭ مېنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ دوقا ماڭلاي، دېڭگىل قاش، ياپما قاپاق، ئالغاي كۆز، شىرتۇمشۇق، تۇغۇر قۇلاق، دوردالى كالپۇك، ھىڭگاك چىش، ھاپپا قىۋۇز، ئۇزۇن ئېڭەك، قاتلىم قىساق، تۇغما چىقۇر، بارماقلىرى چىلاق، تىكۈر ئىدى. ئۇ شۇنداق ئەيىپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەزىر ئۆز كۆڭلىدىكىدەك يەردىن لايىق تاپالمىغانىدى. بۇنىڭدىن قايغۇرغان ۋەزىر، نىيىتىنى بۇزۇپ شاھ ئاتامنى قەتلە قىلىپ، ماڭا نىكاھلىنىدىغان قىزنى ئۆز ئوغلىغا نىكالىماقچى بوپتۇ. بىر ئاق كۆڭۈل ئىنسان بىزنى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرگەنلىكتىن ئانام بىلەن ئىككىمىز ئالا-تىپىلاڭ كۆتۈرۈلگىچە شەھەردىن قېچىپ چىقتۇق.

پادىشاھ لەئلى بانۇمنىڭ ئانىسىنى ئوردىغا ئەپكەلگۈزۈپ ئانا-بالا ئىككىسىگە ئوردىدىن ئالايىتەن ھۇجرىلارنى ئاجرىتىپ، خىزمەتكار تەيىنلەپتۇ.

پادىشاھ لەئلى بانۇم ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. ھەم ئوك قىل ۋەزىر قالدۇرۇپ كەتكەن لەئلى بانۇمنىڭ رەسمى بىلەن شىرىنبانۇمنىڭ رەسمىنى كۆرسىتىپتۇ، چوڭ توي مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، لەئلى بانۇم بىلەن شىرىنبانۇمنى نىكاھ قىلدۇرۇشقا ۋەدە قىپتۇ. ئەمما تويدىن ئىلگىرى لەشكەر تىپلاپ، ئۇك قىل ۋەزىرنىڭ يامان نىيىتىدىن ساقلىنىشنى ئويلاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ھېلىقى ئۇك قىل ۋەزىرمۇ پادىشاھلىق تاجىنى كىيىپ، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي تېزلىك بىلەن لەشكەر تارتىپ يېتىپ كەپتۇ. بۇ پادىشاھ لەشكەر تىپلاشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ. ئامالسىز قالغان پادىشاھ چاندۇرماي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ ۋە داقا-دۇمباق چېلىپ ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپتۇ، داش قازانلارنى ئېسىشىپتۇ. كۆرۈنۈشتە توي مەرىكىسىنى قىزىتىۋېتىپتۇ، ئاستىرىتتىن لەشكەر تىپلاپ جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. يالغان توي مەرىكىلىرى ئاخىرلىشىپ، نىكاھ كۈنلىرى يېتىپ كەلگىچە جەڭ تەييارلىقىمۇ پۈتۈپتۇ. شاھلىق تاج كىيىۋالغان ئۇك قول ۋەزىر بۇنىڭدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قاپتۇ-دە، «بۇ پادىشاھ ماڭا چىن كۆڭلى بىلەن قۇدا بولغىدەك» دەپ، لەشكەرلىرىنىمۇ ئويۇن-تاماشىغا قويۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇنى غەنىمەت بىلىپ ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى راسا مېھمان قىپتۇ. ھەر يېغان كۈپلەردە مەي-شاراپلارنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى غەرق مەس قىلىۋېتىپتۇ. مۇشۇ چاغدا پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى ساداقتىن ئايرىلغان ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇك قول ۋەزىر، ئۇنىڭ سەردار ئەمەلدارلىرىنى تۇتۇپتۇ ۋە زىندانغا تاشلاپتۇ. مەستلىكتە خۇدىنى يوقاتقان لەشكەرلەرنىڭ جەڭ قۇراللىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى باغلاپتۇ. خۇدىنى يوقاتمىغانلار قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغارغىچە كاللىسىدىن ئايرىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاج كىيىۋالغان ئۇك قىل ۋەزىر ئۆزۈنىغا بارمايلا تەختى-بەختىدىن جۇدا بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنى شەھەردە سازايى قىلىپ

ئاندىن دارغا ئېسىپتۇ. ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن ئۆزيۇرتلىرىغا قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

پادىشاھ شۇنىڭدىن كېيىن لەئلى بانۇم بىلەن شىرىنبانۇمنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. توي مەركىسگە يەتمىش پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھ، شاھزادىلىرىنى تەكلىپ قىپتۇ. داش قازانلار قاينىتىپ، تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەر تەييارلىنىپتۇ. توي تاماشا يەتمىش كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. مەرىكە كۈنلىرىدە شاھزادىلەر لەئلى بانۇمنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ، ئىككى - ئۈچ كۈنلەپ جەرەن - كېيىك ئوۋلاشقىمۇ چىقىپ تۇرۇپتۇ.

لەئلىبانۇم بىلەن شىرىنبانۇمنىڭ توي مەركىسى ئۇياقتا قىزىپ تۇرسۇن. گەپنى مۇشۇ توي - تاماشىنى كۆرۈشكە كەلگەن بىر شاھزادىدىن باشلايلى:

بۇ شاھزادە شىرىنبانۇمنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ، خۇددىنى يوقىتىپتۇ، نىيىتى بۇزۇلۇپ، شىرىنبانۇمنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ مۇشۇ خىيال بىلەن لەئلى بانۇمنى تېزلىكتە يوقىتىش قەستىگە چۈشۈپتۇ، لەئلى بانۇمنى يوقاتسا، بىر ئىككى يىل ئىچىدە شىرىنبانۇم لەئلى بانۇمنى ئۇنتۇغاندا ئۇنىڭ يېنىدا مېڭىپ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالسىمۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ جادۇگەرلەر ئېلىدىن ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن بىر جادۇگەر موماينى ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش بەدىلىگە ئالدۇرۇپتۇ ۋە لەئلى بانۇمنى جادۇ قىلىپ، كۆزدىن يوقىتىشنى تاپىلاپتۇ.

توي - مەرىكە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شاھزادىلار لەئلى بانۇمنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ جادۇگەر موماي بۇنى بىر ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىپ، بىر دومىلاپلا بىر گۈزەل كېيىك سۈرىتىگە كىرىۋاپتۇ ۋە شاھزادىلار ئالدىدىن چىقىپتۇ. شاھزادىلار ساداقلىرىنى ئېلىپ ئوق ئۈزۈشۈپتۇ، تەگكۈزەلمەپتۇ. يەنە ئوق ئۈزۈشۈپتۇ، تەگكۈزەلمەپتۇ. ئۇلار بىرىگە زادى تەن بەرمەپتۇ، بىراق ھېچقايسىسى تەگكۈزەلمەپتۇ. ئاخىرى ئۇلار كېيىكنى قوغلاپ تۇتماقچى بوپتۇ. ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ چەبدەسلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. شاھزادىلار كېيىكنى شۇ قوغلىغانچە، راسا قوغلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بارا - بارا ھېرىپتۇ، بىر - بىرلەپ سەپتىن ئايرىلىپتۇ. پەقەت لەئلى بانۇملا كېيىكنىڭ قارىسىنى يوقاتماي قوغلاۋېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۇزاپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەپتۇ. كېيىك تەمتىرىمەيلا بىر چوڭ شەھەرنىڭ ئىچىگە قاراپ قېچىپتۇ. لەئلى بانۇممۇ ئارقىسىدىن ئۈلىشىپلا كەپتۇ. كېيىك بىر قاسساپنىڭ بېغىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. لەئلى بانۇممۇ كېيىكنىڭ ئارقىسىدىنلا بۇ باغقا كىرىپتۇ. لېكىن كېيىكنى ئۇچرىتالماپتۇ. ئۇ باغنى ئارىلاپ يۈرۈپ، قاسساپقا يولۇقۇپ قاپتۇ.

— مېنىڭ بېغىمدا نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن، ئوغرىلىق قىلاي دەمسەن؟ — دەپتۇ قاسساپ لەئلى بانۇمغا. مۇنداق قاتتىق يىرىك گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان لەئلى بانۇمغا بۇ گەپلەر بەك ھار كەپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مەن قوغلاپ كەلگەن كېيىك مۇشۇ باغقا كىرىپ كەتكەنىدى، شۇ كېيىكنى ئىزدەپ يۈرۈيمەن، — دەپتۇ.

— كېيىك قوغلىغان سەن بولساڭ جازايىڭنى ئۆزەڭ تارت، — دەپتۇ - دە، قولىدىكى بىر چىنە سۇنى لەئلى بانۇمغا قارىتىپ «ئۆچكە بول» دەپ چېچىپتۇ. لەئلى بانۇم

شۇ ھامان بىر ئاق ئۆچكىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. ھېلىقى قاسساپ بۇ ئۆچكىنى سۈرەتلىك لەئلى بانۇنى دۇكان ئالدىغا باغلاپ قويۇپتۇ.

ئۇۋغا چىقىپ كەتكەن شاھزادىلار بىر-بىرلەپ ئوردىغا قايتىپتۇ. لېكىن لەئلى بانۇم قايتىپ كەلمەپتۇ. پادشاھ تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدىتىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈك-تىرىكىدىن خەۋەر ئالالماپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ توي-تاماشانىڭ ئورنىنى قايغۇ-ئەندىشە ئىگەللەپتۇ. شاھلار ۋە شاھزادىلار ئۈمىدسىزلىك ۋە ئېچىنىش بىلەن ئۆز ئەللىرىگە قايتىپتۇ. ئانىسى لەئلى بانۇمنىڭ دەردىدە مەجنۇن بولاي دەپتۇ. شىرىنبانۇم لەئلى بانۇمنىڭ پىراقىدا ئوت-كاۋاپ بوپتۇ، يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ، بىراق ئامال بولماپتۇ. ئاخىرى شىرىنبانۇم ئاتا-ئانىسىدىن رازىلىق ئېلىپ، يىگىتچە ياسىنىپ، لەئلى بانۇدىن خەۋەر ئېلىشقا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ بىرنەچچە كۈن توختىماي يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئۇ جادۇگەرلەر ئېلىگە يېتىپ كەپتۇ.

شىرىنبانۇم شەھەر-كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر قاسساپ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. دۇكان ئالدىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان ئاق ئۆچكە شىرىنبانۇنى كۆرۈپ، كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش ئېقىتىپ مەرەپتۇ. شىرىنبانۇم لەئلى بانۇمنىڭ جادۇ قىلىنىپ كەتكەنلىكىنى پەملەپتۇ-دە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسەن، گۆش ئالامسەن،— دەپتۇ قاسساپ شىرىنبانۇمغا.

— ئۆزلىرىدىن بىر كىيىك قوغلىغان يىگىتنىڭ ئۇچۇرىنى سورىماقچى ئىدىم،— دەپتۇ شىرىنبانۇم.

ئەسلىدە جادۇگەر موماي قاسساپنىڭ ھەدىسى بولۇپ، بۇلار بۇ ئەلدە داڭلىق ئاتا كەسىپ جادۇگەرلەر ئىكەن. بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى نۇرغۇن جادۇگەرلەرنى دارغا ئېسىپ جادۇگەرلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىكەن. بۇ جادۇگەرلەردىن قاتتىق ۋەدە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغانىكەن. ئۇلار پۇل ۋە دۇنيانىڭ ئارقىسىغا كىرىپ يەنە جادۇگەرلىككە كىرىشىپ قالغانىكەن.

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ، شىرىنبانۇمدىن گۇمانلانغان قاسساپ.

— يولۇچى ئىدىم، ئۇ يىگىت، ئۈستىدىكى كىمخاپ تونىنى ماڭا تاشلاپ كېتىپ قالدى، شۇنى ئۆز قولىغا تاپشۇرۇۋېتەي دېگەنىدىم،— دەپتۇ شىرىنبانۇم.

— كۆزۈمدىن يوقال! بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن،— دەپتۇ قاسساپ.

شىرىنبانۇم ئاق ئۆچكىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ ئاستا مېڭىپ كېتىپتۇ، ئۇ قورسىقى ئاچقان ھالدا بىر ھالۋا دۇكىنىنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ.

— ھەي بالا، ھالۋا يېگۈڭ بولسا دۇكانغا كىر،— دەپ ۋارقىراپتۇ ھالۋىچى.

— مەن بىر يېتىم، قورساق تويغۇزغۇدەك بىر نەرسەم يوق،— دەپتۇ شىرىنبانۇم.

— ئۇنداق بولسا، يۇندا تۆكۈپ چىنە-قاچىلارنى يۇيۇپ، ماڭا ياردەملەشكىن قورسىقىڭنى باقىمەن،— دەپتۇ ھالۋىچى.

شۇنداق قىلىپ، شىرىنبانۇم ھالۋا دۇكىنىغا ئورۇنلىشىۋاپتۇ. بىر ئايغىچە قاچا-قومۇچ يۇيۇپ، يۇندا تۆكۈپ يۈرۈپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن:

— مەنمۇ ھالۋا ئېتىپ باقسام، ئۆزلىرىگە ئاز بولسىمۇ ئارامچىلىق بولاتتى،—

دەپمۇ شىرىنبانۇم ھالۋاچى ئۇستىسىغا.
— يۈز قوللۇرۇڭنى قاسماق باغلاپ
كەتكەن تۇرسا، سېنىڭ ئەتكەن ھالۋاڭنى
كىممۇ يەيتتى؟ — دەپتۇ ھالۋىچى.
بىر كۈنى شىرىنبانۇم يۈز - قوللى-
رىنى پاكىز يۇيۇپ، ھالۋىچى ئۇستا دۇكىنى-
غا يېتىپ كەلگىچە بىر قازان ھالۋا ئېتىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن ھالۋاچى دەسلەپتە خاپا بوپتۇ،
ئاچچىقلىنىپتۇ. بىراق ھالۋىنى ئېتىپ باققان-
دىن كېيىن ئۆمرىدە مۇنداق تەملىك -
مېزىلىك ھالۋىنى ئەتمەك تۇگۇل ئېتىپ -ۇ
باقمىغانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ:
— بۇرۇنلا مۇنداق ياخشى ھۈنىرىڭنىڭ
بارلىقىنى ئېيتساڭ بولمامدۇ؟ — دەپ، بەكمۇ
خۇشال بوپتۇ.
شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ھالۋىچىنىڭ
دۇكىنى ئاۋاتلىشىپتۇ، ھالۋىچى خېرىدارلار-
نى خۇشال قىلىپتۇ، ھالۋىچى تېز ئارىدىلا
باي دۇكاندارلاردىن بولۇپ قاپتۇ. ئەتراپقا
داڭقى تارايتۇ. ھالۋىچىمۇ ئىنساپقا كېلىپ،
شىرىنبانۇمغا نۇرغۇن پۇل بېرىپتۇ. ئېسىل
كىيىملەرنى تىكتۈرۈپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ
بىلەن شىرىنبانۇم گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق
«يىگىت» بولۇپ قاپتۇ.
شىرىنبانۇم ئەتكەن ھالۋىنىڭ داڭقىنى
ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق قىزى بۇ دۇكان-
دىن ھالۋا ئالدۇرۇپ يەپتۇ. ھالۋىنىڭ
لەززىتىدىن ۋە ھالۋىچى يىگىتنىڭ تەڭداشسىز
گۈزەللىكىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ قىزنىڭ
شىرىنبانۇمغا ئىشقى چۈشۈپتۇ. ھالۋىچى
يىگىتنى بىر كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن
كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ دۇكانغا كەپتۇ.
شاھ قىزنىڭ دۇكانغا كېلىپ ھالۋا يېيىشتىكى
غەرىزىنى بۇرۇنلا پەملىگەن شىرىنبانۇم
ئالدىقاچانلا يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، ئېسىل
كىيىملەرنى كىيىپ، ھۆر - پەرىلەر ئارىسى-
دىكى يىگىتتەك بولۇۋاپتۇ. دۇكانلارنى تازى-
لاپ ئاقارتىپ، زىلچە - گىلەملەر بىلەن
بېزەپتۇ. لەززەتلىك ھالۋا تەييارلاپتۇ.
مەلىكە قىز شىرىنبانۇمنى كۆرۈپلا ئۆزىنى
يوقىتىپ قويۇپتۇ. شىرىنبانۇم ئۇنىڭ ئالدىغا
چىقىپ، تەبەسسۇم بىلەن سالام بېرىپ،
خانىغا تەكلىپ قىپتۇ. مەلىكە قىز ھالۋىچى
«يىگىت» بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ،
مۇڭداشقاچ ئالاھىدە لەززەتلىك ھالۋىنى
يەپتۇ. يىگىتنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىقىدىن
ئۇنىڭ ئاددىي ھالۋىچى ئەمەسلىكىنى،
بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىرنىڭ بارلىقىنى پەملەپ-
تۇ. مەلىكە قىز قايتىش ۋاقتىدا، شىرىنبا-
نۇنى ئوردىدىكى ئۆز ھەرىمىگە ئالايىتەن
تەكلىپ قىپتۇ. شىرىنبانۇم ئەتىسى دۇكاننى
تاقاپ، چارباغلارنى ئايلىنىپ، مەلىكە قىز-
نىڭ ھوزۇرىغا كەپتۇ. مەلىكە قىز شىرىنبا-
نۇمنىڭ شەرىپىگە مول نازۇ - نېمەتلەر
بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئاندىن
شىرىنبانۇنى مەخسۇس خانىغا چاقىرىتىپ،
ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى يوشۇرماي، سىر ساقلى-
ماي ئېيتىپ بېرىشىنى، بۇ يۇرتلارغا
قانداق مۇددىئا بىلەن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ
بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.
— سىز سورىمىسىڭىز، مەن ئېيتمىسام
بولاتتى. سورىغان ئىكەنسىز ئېيتمىسام
بولماس، مەن سۆزلەپ بېرىشتىن ئىلگىرى
سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي، سىز لەيلى
بانۇم ۋە شىرىنبانۇلار ھەققىدە بىرەر
گەپ - سۆز ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپتۇ شىرىنبا-
نۇم.
— ئەلۋەتتە ئاڭلىغانمەن، — دەپتۇ
مەلىكە قىز، ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن
كۈلپەتلەر ئىنسان بالىسىغا چۈشمىسۇن،

www.uyghurkitap.com



بىر كىيىكنى قوغلاپ لەئلى بانۇمۇ يوقىلىپتۇ، لەئلىبانۇمنى دەپ شىرىنبانۇمۇ مەجنۇن كەبى چۆللەر كېزىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىچارىلەرگە كىممۇ ئىچ ئاغرىتمىسۇن؟

— ئۇنداق بولسا، ئاڭلاڭ دەپ سۆزگە كىرىشىپتۇ شىرىنبانۇم، — ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرغان ئەنە شۇ ئىككى بەختسىزنىڭ بىرى بولغان شىرىنبانۇم مەن بولىمەن. لەئلى بانۇم قوغلىغان كىيىك تاغ، دەشتى-چۆللەرگە قاچماي، توپ - توغرا مۇشۇ شەھەردىكى بىر قاساپنىڭ بېغىغا قېچىپ كېلىپ يوقاپتۇ. بۇ بىر غەلىتە ئىش. لەئلى بانۇم بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ھامان جادۇ قىلىنىپ ئۆچكىگە ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلۇپتۇ، مەن باغلاقتا تۇرغان ئاق ئۆچكىنىڭ لەئلى بانۇم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇنى ئۇقاق تارتىپ مۇشۇ ھالۋا دۇكىنىدا تۇرۇپ قالدىم. بەختكە يارىشا ئۇنى قۇتۇلدۇرالىسام، مۇرادىمغا يەتكىنىم شۇ. ئۇنىڭ بىلەن يۇرتۇمغا قايتىمەن. قۇتۇلدۇرالمىسام، ئۆلگىچە مۇشۇ ئەتراپتا بولىمەن. مېنىڭ سىرىم مۇشۇ. سىز بىز ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈپ، بىزنى بۇ بەختسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىسىڭىز، سىز ئۈچۈن ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا رەھمەت ئېيتىمىز. بۇ ئىشلار سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمىسە، بۇ ئىشلارنى سىر ساقلاپ، سىز ھېچكىمگە دېمىسىڭىز. بۇ ئىشلار بىلىنىپ قالسا، ھېچبولمىغاندا ئىككىمىزنىڭ بىرسىمىگە زىيان-زەخمەت يېتىپ قالىدۇ. مېنىڭ سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالىدىغىنىم شۇ.

— بىچارە ئاجىز دوستۇم، ھەممە ئېغىرچىلىقلارنى ئۈستىڭىزگە ئېلىپ لەئلى بانۇمغا پاك قەلبىڭىزنى بېغىشلىغانلىقىڭىزغا قايىلمەن، — دەپتۇ - دە، مەلىكە قىز شىرىنبانۇنى قۇچاقلاپتۇ. ئىككىسى بىر ھازاغىچە كۆز يېشى قىپتۇ. مەلىكە قىز شاھ ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، لەئلى بانۇنى جەزمەن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىشنىڭ چېنىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن شىرىنبانۇنىڭ ھالۋا دۇكىنىدا ئىشلەپ تۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە شىرىنبانۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋالماقچى بولۇپ، لەئلىبانۇغا زىيانكەشلىك قىلغان ھېلىقى شاھزادە شىرىنبانۇنىڭ بۇ پادىشاھلىق تەرەپكە كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىگە قاراشلىق لەشكەرلىرى بىلەن بۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن لەشكەرلەردىن گۇمانلىنىپ، سەركەردىلەرگە ئۇلارنى قورشىۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلمەكچى بوپتۇ - دە، يوشۇرۇن ھالدا ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

مەلىكە قىز شاھ ئاتىسىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، لەئلى بانۇم بىلەن شىرىنبانۇمنىڭ توي مەرىكىسى كۈنلىرىدىن كېيىنكى تەغدىرىنى، ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆز شەھىرىدە ئازاب ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئاتىسىنىڭ پۈتۈن شاھلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن خۇدا يولىدا ياخشىلىق قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. شاھ جادۇگەرلەرنىڭ پۇل - دۇنيا ئالدىدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ. ئۇلارنى خەلقى ئالەم ئالدىدا دارغا ئېسىپ، لەئلى بانۇم بىلەن شىرىنبانۇمغا ياخشىلىق قىلىپ ئۆز ئېلىگە يولغا سالىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ. مۇشۇ چاغدا پادىشاھ يوشۇرۇن ئەۋەتكەن ئادەم خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ لەئلى بانۇنى ئۆلتۈرۈپ شىرىنبانۇمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشنى قەستلەپ كەلگەن شاھزادە ئىكەنـ

لىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭمۇ ئۆز گۆرىنى ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ.

پادىشاھ جادۇگەر قاساپنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپتۇ، قاساپ يېتىپ كېلىپ پادىشاھقا تازىم قىلىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

— ماڭا بىر ياۋ كەلدى، شەھەر سىرتىدا بىزگە جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ. ئوردىدىكى ئەقىلدارلار ۋە دانا پالچىلار ماڭا مەسلىھەت قىلىۋاتىدۇ. سېنىڭ دۇكىنىڭنىڭ ئالدىدا سەن جادۇ قىلىۋەتكەن ئاق ئۆچكە سۈرەتلىك بىر ئىنسان بار ئىكەن. ئۇ مۇشۇ ياۋنى يېڭىشتە شاھ ئوردىسىنىڭ باتۇرى بولالايدىكەن. ئۇ بولمىسا، بىز تەختى-بەختىمىزدىن ئايرىلغىدەكمىز. سەن ئۇنى دەرھال ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرگىن، ساڭا مىڭ تىللا بېرىمەن. ئاندىن ياۋ لەشكەرلىرى ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەركەردىسىنى ئۆچكە سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ ئېلىپ كەل. بۇنىڭغا يەنە مىڭ تىللا بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

پۇل-دۇنيا ئالدىدا ئار-نومۇسنى ئۇنتۇغان قاساپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ ماقۇل بوپتۇ. ۋەزىر قاساپ دۇكىنىغا بىللە بېرىپتۇ، قاساپ لەيلى بانۇمنى ئۆز ھالىتىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ۋەزىر ئۇنى شاھ ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. قاساپقا مىڭ تىللا ئەۋەتىپتۇ. مەلىكە قىز شاھ ئاتىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن شېرىنبانۇمنى ئۆز ھەرىمىگە ئالدۇرۇۋاپتۇ.

قاساپ يوشۇرۇن ھالدا لەشكەر تارتىپ كەلگەن شاھزادىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى «سۈپ» دەپلا ئۆچكىگە ئايلاندۇرۇپتۇ-دە، يېتىلىگەن پېتى ئوردىغا ئېلىپ كېپتۇ. شاھ لەشكەرلىرى سەركەردىسىز قالغان لەشكەرلەرنى تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ تىرىك تۇتۇپ باغلاپتۇ. پادىشاھ دار تەييارلىتىپ، شەھەر خەلقىنى دار تىكىلگەن مەيدانغا توپلاپتۇ. ئاق ئۆچكىنى دار ئالدىغا يېتىلەپ كەلتۈرۈپتۇ، پادىشاھ قاساپقا شەرەت قىلغانىكەن، قاساپ بىرچىنە سۇغا دەم سېلىپ، «ئەسلىڭگە قايت» دەپ ئۆچكىگە چاچقانىكەن، ئۆچكە دەرھال ھېلىقى لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىسى بولغان شاھزادىگە ئايلىنىپتۇ. پادىشاھ لەشكەرلىرىگە ئىشارەت قىلغانىكەن، قاساپنى شۇ يەردىلا تۇتۇپ باغلاپتۇ. ھېلىقى كىيىك سۈرىتىگە كىرىۋالغان جادۇگەر مومايمۇ چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا دار ئاستىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ. پادىشاھ ئۆز پۇقرالىرىغا شۇنداق جاكا قىپتۇ:

— ھەممىڭلار لەيلى بانۇم بىلەن شېرىنبانۇمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى چۆچەك قىلىپ سۆزلىشىدىغان بولدۇڭلار، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىدىڭلار، ئۇلارنىڭ توي-مەرىكە كۈنلىرىدە شېرىنبانۇمغا نىيىتىنى بۇزۇپ، لەيلى بانۇمغا سۇيىقەست قىلغان شاھزادە ئاق ئۆچكىدىن ئۆزگەرگەن سەركەردە شۇ بولىدۇ. ئالتۇن-پۇل ئۈچۈن سېتىلىپ، ۋەدىسىدىن يانغان، لەيلى بانۇمنى ئازدۇرۇپ، يۇرتىمىزغا ئېلىپ كەلگەن جادۇگەر مۇشۇ موماي بولىدۇ. لەيلى بانۇمنى ئاق ئۆچكىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆز دۇكىنى ئالدىغا باغلاپ قويغان قاساپ جادۇگەر مانا بۇ بولىدۇ. شۇڭا بۇلار بىراقلا دارغا ئېسىلسۇن!

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئارزۇسى بىلەن بىر يەردىن چىقىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىززەت-ئابرويى ئۆز پۇقرالىرى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ خەلقلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

پادىشاھ لەيلى بانۇم بىلەن شېرىنبانۇم-

www.uyghurkitap.com

نى شۇ مەيداندا داغدۇغا بىلەن كەلتۈرۈپ تېمىشتۈرۈپتۇ. ئۇ ئىككىسى پادىشاھقا، پۈتۈن پۇقرالارغا تەكرار - تەكرار تازىم قىلىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىككى ياشنىڭ شەرىپىگە ئۆز يۇرتىدا قايتا توي ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار ئۇچۇن مەخسۇس ھۇجرا تەييارلاپ، چىرايلىق كېنىزەك قىزلارنى ھازىرلاپ بېرىپتۇ. مەلىكە قىز شىرىنبانۇمغا قولداش بوپتۇ.

تويدىن كېيىن پادىشاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەلىكە قىز لەيلى بانۇم بىلەن شىرىنبانۇمنى ئېلىپ، شىرىنبانۇمنىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلارنى نەچچە يۈز ئەسكەر مەخسۇس قوغداپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى شىرىنبانۇمنىڭ يۇرتىدىن ئىشىتىڭ: پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ مەلىكىسى ئىككىسى بالىنىڭ دەردىدە بەك ئازابلىنىپتۇ، كېچە-كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئازراق بولسىمۇ كۆڭلى كۆتۈرۈلىدىغان ھەممە ئىشلارنى قىلىپ بېقىپتۇ. بىراق پادىشاھدا پەرزەنت ئوت - پىراقى قىلچىمۇ پەسلىمەپتۇ. پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بولسا، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. لەيلى بانۇمنىڭ ئانىسىنىڭ ھالى تېخىمۇ يامانلىشىپتۇ. ئۇ ئۆز يۇرتىدىن لەيلى بانۇمنىڭ دادىسى ۋە قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلغان دەرت ئۈستىگە ئوغلى لەيلى بانۇمدىن ئايرىلىشقا چىداشلىق بېرەلمەپتۇ. دەسلەپتە ئۆيدىن چىقىپ كېچە كۈندۈز كوچىلاردا بالا دەردىدە يىغلاپ - تەمتىرەپ يۈرۈپتۇ. كېيىنچە مازار قەبرىستانلاردا بالام دەپ بوزلاپ يۈرۈپتۇ. ئاخىرى خۇدىنى يوقىتىپ يېتىپ قاپتۇ.

لەيلى بانۇم بىلەن شىرىنبانۇم دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا يېتىپ كېلىپ، بۇ پادىشاھلىقنى لەرزىگە ساپتۇ. لەيلى بانۇم بىلەن شىرىنبانۇمنىڭ كەلگەنلىكى تېزلىكتە ھەممە ياقنى قاپلاپتۇ.

پادىشاھ لەيلى بانۇم بىلەن شىرىنبانۇمنى قۇچاقلاپ، پېشانىلىرىدىن سۆيۈپتۇ. يېتىپ قالغان ئانىلار كۆزلىرىنى ئېچىشىپ «بالىلىرىم» دەپ قوللىرىنى سوزۇپتۇ، بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپتۇ. خۇشاللىق ياشلىرىدىن كېيىن، داقا - دۈمباق نەغمە - ناۋانى ياڭرىتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قايتىدىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ئۇلارغا قولداش بولۇپ كەلگەن مەلىكە قىزغا چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. ئالتۇن - كۆمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلار ئىنئام قىلىنىپتۇ. ئۇلارنى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن يولغا سېلىپ، ئالتە كۈنلۈك يولغىچە ئۇزىتىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ شاھلىقىنى لەيلى بانۇمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۆز يۇرتىدىكىلەرمۇ شاھلىقنى لەيلى بانۇمغا ئۆتكۈزۈپتۇ. مەلىكە قىزنىڭ ئاتىسىمۇ شاھلىقىنى لەيلى بانۇمغا ئۆتكۈزۈپتۇ. لەيلى بانۇم ئۈچ پادىشاھلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ شاھى بوپتۇ. لەيلى بانۇمنىڭ دەۋرىدە خەلق شۇنداق باياشات بوپتىكى، قوينىڭ دۈمبىسىدە تورغاي ئۇۋۇلاپ، ئۈينىڭ مۈڭگۈزىگە لاچىن قونىدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باراتجان ئاۋۇت
خاتىرىلىگۈچى: تۇداخۇن ۋىلاخۇن
قايتا رەتلىگۈچى: مەجىت ئوسمان



## شەيخ بىلەن مەشرەپ

باباراھىم مەشرەپ ياشلىقىدا بىر شەيخنىڭ قولىدا خىزمەتكار ئىكەن. شەيخنىڭ تىنىم بەرمەي ئىشلىتىشى، يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى قىلىپ تۆھمەت چاپلاشلىرى شائىرنىڭ چىشىغا تېگىپتۇ. بىر كۈنى شائىر شەيختىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، تۆۋەندىكى ھەجۋىنى يېزىپتۇ:

كېچىدىن تاڭ ئاتقىچە بىر ئىت كە-
بى ھوۋلار كۈرۈك،
بەس تەمەگەرلىك - لەقىلىغاي تائەتى
تەكرار شەيخ.
نەپس ئۈچۈن بەدناملەر ئىچرە كۆپ
رەسۋادۇر ئۆزى،
دىنۇ - ئىمانىنى ساتقاي مال ئۈچۈن
مەككار شەيخ.

شائىر بۇ ھەجۋىنى تېرەككە ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شەيخ شائىرنى ئۇرۇپ - تىللاپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. مەشرەپ شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان بىر بىچارىنىڭ ئۆيىدە باشپاناھ تېپىپ، شۇ يەردە ياشاشقا باشلاپتۇ. «گەپنى گەپ تاپىدۇ»، — دېگەنىكەن ئاتا - بوۋىلار. مەشرەپ يازغان غەزەل بىردەمدە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، شەھەرگە تارىلىپ كېتىپتۇ. شەيخ شەرمەندە بوپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «شەيخ كازىب» دەپ ئاتاشقا باشلاپتۇ. شەيخ كوچىغا چىقالمايدىغان، كىشىلەرگە كۆرۈنەلمەيدىغان بوپتۇ.

شەيخ مەشرەپتىن ئۆچ ئېلىشقا ئەھدە قىلىپ، ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويۇپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى مەشرەپ ئوقۇۋاتقان تالىپ ئاغىنىلىرىنىڭكىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە تاڭ ئاتقىچە غەزەلخانلىق بوپتۇ. ئوقۇلغان غەزەللەرنىڭ ئىچىدىن بىر غەزەل مەشرەپكە بەكمۇ يېقىپتۇ. مەشرەپ شۇ كىتاپنى سوراپ ئېلىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئايىغاقچى مەشرەپنى پايلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ شەيخقا:

— تاڭ سۈزۈلگەن سەھەر پەيتى ئىدى. قارىياغاچنىڭ تېگىدە ماراپ تۇرسام، ھېلىقى مەشرەپ دېگەن نېمە قاياقتىندۇر كېلىپ ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى. زەن سېلىپ قارىۋىدىم، قولتۇقىغا قىستۇرۇلغان نەرسىگە كۆزۈم چۈشتى. پەمىمچە خېلى پۇللىۇق بىر نەرسە ئوغۇرلىغانغا ئوخشايدۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

شەيخ ئۇپۇل - تۇپۇل كىيىنىپ، كەشنى قولىغا ئېلىپ، ھەمتاۋىقى قازىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ، شەيخ قازىنىڭ ئالدىغا كىرەر - كىرمەي:

— جانابى قازى ئاخۇنۇم، ئەشەددى ئوغرىنى قولىغا چۈشۈردۇق. ياساۋۇل بېشىنى

بۇيرۇسىڭىز، ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ، زىندانغا تاشلىسا، — دەپتۇ ھولۇقۇپ.

ياساۋۇللار شائىرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، سىلكىشلەشتۇرۇپ، قازىخانىغا ئېلىپ كەپتۇ. مەشرەپ قاغا پوق چوقۇلىماستىن تۇرۇپ قازىخانىغا كېلىپ ئولتۇرغان شەيخنى كۆرۈپ، گەپ نېمىدە ئىكەنلىكىنى دەررۇ چۈشىنىپتۇ.

— بۇ، شائىر مەشرەپقۇ؟ — دەپتۇ شەيخنىڭ قۇلىقىغا قازى.

— ياق، بۇ شائىر ئەمەس، مۇتتەھەم، ئوغرى، ئۇنى تېز قاماش كېرەك، — دەپتۇ شەيخ.

— كىمسەن؟ تاڭ سەھەردە ئۆيۈڭگە قاياقتىن كەلدىڭ؟ ئوغۇرلاپ قولتۇقۇڭغا قىستۇرۇپ كەلگەن نەرسە نېمە؟ — ئۆزىنى تونۇمىغانغا سېلىپ ئارقا-ئارقىدىن سوئال بېرىۋېرىپتۇ، قازى. شائىر مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ.

— مەن بابارەھىم موللا ۋەلى ئوغلى مەشرەپمەن. شائىر كىشى ئۆز ئارامىدىن باشقا نېمىنى ئوغۇرلايدۇ؟ بۇ ئوغۇرلۇق ئارىملارغا راھەت بېغىشلىسا، بەزىلەرگە ئازاپ بېغىشلايدۇ، — دەپتۇ شەيخ تەرەپكە قاراپ، — مەن شائىرمەن، قەلەم-قەغەز ئوغۇرلاي دېسەم، ئۇلار ئۆزۈمدىمۇ يېتەرلىك. غەزەل ئوغۇرلاشنى ئادەت قىلمىغانمەن.

— ئوغرىسەن، بىر نەرسىنى ئوغۇرلاپ، ئۆيۈڭگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى شەيخنىڭ ئادەملىرى كۆرۈپتۇغۇ؟ — دەپتۇ قازى.

— شەيخىم ئېيتقان بولسا، ئىشەنمەك دەركار. قانداقتۇ يالغان بىلەن راستنىڭ، ھارام بىلەن ھالالنىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغان شەيخىم ئۆمرىدە بىردىر قېتىم راست سۆزلىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، — جاۋاپ بېرىپتۇ مەشرەپ.

مەشرەپ: «توغرىمەن»، — دېسە، قازى: «ئوغرىسەن»، — دەپتۇ. شائىر قانچىلىك كۆيۈپ-پىشىپ سۆزلىمىسۇن، بەرىبىر قازىنى ئىشەندۈرەلمەپتۇ. قازى بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلىقىغا كۆزى يەتكەن مەشرەپ:

— ھە، ئوغرىمەن، تەقسىر، — دەپتۇ.

— نېمە ئوغۇرلىدىڭ؟ — سوراپتۇ قازى.

— ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىنى، — جاۋاب بېرىپتۇ قازى.

— كۈمۈشمۇ؟

— ياق

— ئالتۇنمۇ؟

— ئالتۇندىنمۇ قىممەت؟

— ئۇنداقتا مەرۋايىت ئىكەندە؟ — دەپتۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قازى.

— مەرۋايىتتىنمۇ قىممەتلىكرەك، — دەپتۇ مەشرەپ، — خانەمگە يوشۇرۇپ قويۇۋىدىم. ئادەم ئەۋەتسىڭىز، ئېلىپ كەلسۇن. مەيلى، شۇ نەرسە سىزنىڭ بولۇپ قالسۇن. ئۆزۈمنى بولسا، «ئوغرى» دەپ زىندانغا تاشلاڭ. لېكىن بۇ ئاسى بەندىنىڭ سىزدەك ئالىي پاناھقا بىر شەرتى بار. شۇنى بەجىرىشكە شەيخىم بىلەن ئىككىڭلار قەسەم ئىچىسىلەر، شۇ چاغدا ئوغۇرلىغان نەرسىنىڭ يوشۇرۇلغان جايىنى ئېيتىمەن. بولمىسا، بۇ سىر ئۆزۈم بىلەن بىرگە كېتىدۇ...

مەشرەپنى زىندانغا تاشلىسا، مەقسىدىگە يېتىدىغانلىقىنى ئويلىغان قازى رازى بوپتۇ. مەرۋايىتتىنمۇ قىممەتلىكرەك نەرسىنىڭ قولىغا تېزراق چۈشۈشىنى ئويلاپ يۈرىكى تاقىلداپ تۇرغان قازى:

ــ مەيلى، شەرتىڭنى ئېيت، ــ دەپتۇ.
ــ مەشرەپ:
ــ مۆھتەرەم قازى شەرتىم شۇكى: سىز شەيخىمنىڭ «شەيخ كازىب» يەنى ساختا، يالغان شەيخ ئىكەنلىكىنى كىشىلەر ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتىسىڭىز، ــ دەپتۇ.

ــ ياق، بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قازى.

ــ ئۇنداقتا مەنمۇ ئالتۇن ۋە مەرۋايىتتىنمۇ قىممەتلىكرەك نەرسىنى قەيەرگە يوشۇرغانلىقىمنى ئېيتالمايمەن، ــ دەپتۇ قەتئىي قىلىپ مەشرەپ.

ئالتۇن دېسە دادىسىنى سېتىشقا تەييار تۇرغان قازىنىڭ شائىر شەرتىگە كۆنمەكتىن باشقا ئىلاجىسى قالماپتۇ.

ــ شەيخىم سىز بولسىڭىز جامە ئالدىدا تۇرۇپ، شائىر مەشرەپتىن كېچىرىم سورايسىز، ــ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ شائىر.

شەيخ دەسلەپ قەتئىي ئۇنىماپتۇ. كېيىن مەشرەپنىڭ ئوغرىلىقى پاش بولسا، شائىردىن بىر ئۆمۈر قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، رازى بوپتۇ قازى بىلەن شەيخ قوللىرىغا نان ۋە قۇرئاننى ئېلىپ، «شائىر مەشرەپنىڭ شەرتىنى بەجىرىمىز» دەپ قەسەم ئىچىشىپتۇ. مەشرەپ ئوغۇرلىغان مەرۋايىتتىنمۇ قىممەت، ئالتۇندىنمۇ ئەلاراق نەرسىنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇل باشلىقى بېرىپ ئۇ نەرسىنى ئېلىپ كەپتۇ.

قازى ئوراقلىق نەرسىنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن كىتاب چىقىپتۇ.

ــ بۇ كىتابقۇ؟ ــ ۋارقىراپتۇ قازى. ئوغۇرلانغان ئالتۇندىن ئەلا، گۆھەردىن ئارتۇق نەرسەڭ قېنى؟

ــ شەيخىم سىزگە خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ئوغۇرلۇق نەرسىسى ئەنە شۇ كىتاب. دەرۋەقە مەن ئۇچۈن ھەممە نەرسىدىن، يەنى ئالتۇنۇ دۇردىن، گۆھەرۇ ياقۇتتىن ئەلاراقى كىتابدۇر. تالىبىي ئىلىم دوستلىرىمدىن سوراپ ئېلىپ، شەيخىمگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشمىسۇن دەپ ئىچىمگە يوشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن نەرسە، مانا شۇ سىز كۆرۈپ تۇرغان غەزەل پۈتۈلگەن كىتاب ...

مەشرەپ سۆزىنى تۈگىتە ـ تۈگىمەي:

ــ يوقال كۆزۈمدىن! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ قازى.

ــ ياق، قازى ئاخۇنۇم، ــ دەپتۇ مەشرەپ، ــ نان بىلەن قۇرئان سۆيۈپ قەسەم ئىچكەنسىز، ئېيتقىنىڭىزنى قىلمىسىڭىز قۇرئان بىلەن نان ئۇرۇپ كېتىدۇ ـ غۇ! ماڭا كەلسەك، شەرتىمنى بەجىرمىسىڭىز ھېچقەيەرگە كەتمەيمەن.

قازى ئاۋۋال قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. كېيىن غەزىپىدىن يېنىپ، ئۆزىگە كەپتۇ ـ دە، شەيخنى «شەيخ كازىب» دەپ ئېلان قىپتۇ. قازىنىڭ قىستىشى بىلەن شەيخ شائىرنىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ كېچىرىم سوراپتۇ. شۇندىن كېيىن شەيخ «شائىر» «شېئىر» سۆزلىرىنى ئاڭلىسا لاغ لاغ تىترەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

مەشرەپ:

خوجا، سەيىد، بەگ، خان، سەردارلار بەدكار 1) بولسا،
زۇلم تىغى تېز ئەتۇردە ھەر بىرى نامدار بولسا،

1) بەدكار ــ رەزىل، ئىپلاس، ئەخلاقسىز.

كاسەلىس كاززاب شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بار بولسا،
مەزلۇم ئەللەر ئىڭراشىپ‌كىم پارچە نانغە زار بولسا،
كۇفر ئېلىگە مەشرەپ‌تەك رەھنەما 1) پەيدا بولۇر،

— دەپتۇ-دە، بۇ شەھەردىنىڭ باش ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

## مەشرەپ بىلەن ئىمام

ئۇزاق سەپەردە يۈركەن شائىر مەشرەپ بىر قىشلاقتا كەپتۇ. قىشلاق مەسچىتىنىڭ ئالدىغا توپلىشىۋالغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە بېرىپتۇ. قارىسا، ئىمام ھە دەپ ۋەز ئېيتىۋاتقىدەك. مەشرەپ تېخىمۇ يېقىنراق بېرىپتۇ. ئىمام يادلىۋالغان قانداقتۇر بىر پارچە ھېكايىنى ئېيتىپ، كېيىن ئۇنى «ئايەت» دەپ: «مۆمىن بەندىلەر ئانداق قىلسا جەننەتى بولىدۇ، مۇنداق يول تۇتسا بېھىشتكە كىرىدۇ»،— دېگەندەك يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىپ كىشىلەرنى ئەخمەق قىلەشتۇرۇۋېتىپتۇ. نادان ئىمامنىڭ بۇ قىلىقى مەشرەپنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. شائىر ئۇنى ئىككىنچى يالغان گەپ قىلمايدىغان قىلىپ ئەل ئالدىدا رازۇرۇس ئەدىبىنى بېرىپ قويماقچى بوپتۇ.

مەشرەپ ئىمامنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ-دە، ئاستا ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— تەقسىر، سۆزىڭىزنى بولدى قىلىڭ. يۇۋاش، مۆمىن بەندىلەرنى ئاندىماڭ، ئاخىر ئۆزىڭىز ئالدىنىپ قالىسىز،— دەپتۇ.

ئىمام يېنىغا كەلگەن ئەسكى چاپان كىشىنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي ئاغزىغا كەلگىنىنى بىلجىراۋېرىپتۇ. ئاردىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئىمام ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بوپتۇ. ئادەملەرمۇ بىردىن-بىردىن تارقىلىشقا باشلاپتۇ. قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان مەشرەپنى كۆرۈپ قالغان ئىمام سوراپتۇ:

— ھېلى ۋەز ئېيتىۋاتقىنىمدا نېمە دېدىڭ بىتەۋپىق 2)؟

بايا ھەزرىتىمنىڭ قۇلىقىغا بۇ بىمەنىلىكنى بەس قىلىڭ، ئادەملەرنى يالغان-ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئالدىماڭ، ئۆزىڭىز ئالدىنىپ قالىسىز دېدىم،— جاۋاب بېرىپتۇ مەشرەپ.

— سۆزۈمنىڭ قايسى يالغان، قايسى راست ئىكەن، بەدبەخت ماكانسىز؟! — قاتتىق غەزەپ كېلىپ ۋارقىراپتۇ ئىمام.

— سەۋەبى، — دەپتۇ مەشرەپ ئۇنىڭغا قاراپ، — ھەزرىتىم نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى يادقا ئېيتقان سۆزلىرى دۇئا ئەمەس، بەلكى پارىسچە ئادىدى ھېكايە. بۇ ھەقىقەتنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىدەك ھەزرىتىنى ئۆزى بىلمىگەن ھالدا گۇناھقا پېتىپ قېلىشلىرىدىن ساقلاپ قالماقچىمەن، خالاس.

ئىمامنىڭ ئەۋۋالى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ.

— سەن ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىسەن مۇتىھەم!! ھازىر قىشلاق ئەھلىنى يىغىپ، ئۇر كالتەك قىلدۇرۇپ، قىشلاقتىن قوغلىتىپ چىقىرىمەن، — دەپتۇ غەزەپ بىلەن.

— جىنىڭىز سەبىر قىلسىلا. كەمىنە كەنتەردىن قەلەندەر لىباسىدىكى مەشھۇر شەيخلەردىن بولىدۇ. مەبلى، سىز مەۋلانىگەمۇ بىر ياخشىلىق قىلىپ قوياي، ئۆزلىرى

① رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى، باشچىلىق قىلغۇچى، رەھبەر.

② بىتەۋپىق — خۇداغا ئىشەنمەيدىغان، ئىمانى يوق.

بىلمىسلە خـۇدايـى تائالا بىلەر. كېيـىن
ئۇر كالتەك، قىلىپ هەيدەتـمـىسـلىمۇ كە ـ
ننىڭ ئۆزى قىشلاقتىن چـىقىپ كېتىدۇ، ـــ
دەپ يېنىدىن قەغەز، قەلەم ئېلـىپ ئـىمام
تىلىدىن ئۇزۇن بىر هەجۋى يېزىپتۇ.

ـــ تەقسىرىـم، ـــ دەپـتۇ يازغان قەغە ـ
زىنى ئىمامـنىڭ قولـىغا تۇتـتۇرۇپ، ـــ مانا
بۇ ئىنتايىن ئۆتكۈر ئايەت، هازىـرلا ئوقۇ ـ
غان پارىسچە تارىخىي هېكايە ئورنىغا بۇنى
ئوبدان يادلىۋېلىپ، پەندى نەسىهەتـلىرىـنى
قىلىۋەرسىلە. شۇنداق قىلسىلا گۇاهـقا پاتـ
ماي بەلكى تاغارلاپ ساۋاب ئالىلا.

ئىمامقەغەزنى شائىرنىڭ قولىدىن يۇلۇپ
ئېلىپ، ئېچىپ كۆرۈپتۇ. كېيـىن ئـىچـىدە
نۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ قەلەندەر شەيخنىڭ گېـ
پىدە جان باردەك قىلىدۇ. پارىسچـىنى يادـ
لىۋالغىنىم بىلەن ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنـ
مەيدىغانلىقىم راس. قارىغاندا بۇنىڭ خېـ
تى بىكار ئەمەستەك قىلىدۇ. مەيـلى بۇنىڭ
دۇئاسىنىمۇ كـۆرۈپ باقايچـۇ؟»، ـــ دەپتۇ ـ
دە، خەتنى قوينىغا ساپتۇ. كېيـىن يالـغانـ
دىن مەشرەپكە دوق قىلىشقا باشلاپتۇ:

ـــ هەي بەنـدىـلەر، مانا بۇ بـىتەۋـ
پىق دېنى يولسىز هاھارەتـلـىنى. ئاز كام
ئون يـىل هەر قايـسىڭـلارغا شەرىـئەت ۋە
تەرىقەتتىن سۆزلەپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن
ئويغىتىپ كەلگەن مەندەك بىر ئىمامنى يالـ
غانچى ئالدامچى دەپ ئاتىدى. بۇنىڭبىلەن يالـ
غۇزماڭلا ئەمەس بەلكى شەرىئەت ۋە تەرىـ
قەتكىمۇ تـىل تەككـۈزدى. ئۇنى ئۇر كالـ
تەك قىلىپ، قىشلاقتىن قوغلاپ چىقىـرىش
كېرەك، ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ. يىغـىلغان خالـ
لايىق كىمنىڭ هەق، كـىمـنىڭ ناهەق ئىـ
كەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەستىن، مۆتىۋەر زاتـ
ئىماملارغا تىل تەككۈزگەنلىكى ئۈچـۈن يا ـ
لىڭ اياق قەلەنـدەرنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ قىشـ
لاقتىن هەيدەپ چىقىرىپتۇ.

لېكىن مەشرەپ، يالغان سۆزلەپ كىـ
شىلەرنى ئالداپ يۈرگەن ئـىمامـنىڭ ئەدىـ
ۋىنى بەرمەستىن تۇرۇپ هېچـقاياقـقا كەتـ
مەسلىككە ئەهدە قىلىپتـۇ ـ دە، ئۇ يەردىـن
ئۇزاقراق بـىر قىشلاقـقا بېرىـپ شۇ يەردە
ئىككى ئاي ياشاپتـۇ. بۇ جەريانـدا ئۇ ساـ
قال ـ بۇرۇتلىرىنى ئۆستۈرۈپ، تاپـقىـنـىغا
يېڭى كىيىم تىككۈزۈپ كېيىپ، ئاندىن ئىـ
مام بار قىشلاققا قايتىپتۇ. شائىر قىشـلاققا
كېلىپ قارىسا، ئىمام مەسچىت ئالدىـدا تۇـ
رۇپ، هېلىقـى مەشـرەپ يـېزىـپ بەرگەن
پارىسچە هەجـۋىـنى يادقا ئوقۇپ، ئەمـدى
ئۆزبەكچە، سۆزلىمەكچى بولۇپ تۇرغانىكـەن.
شائىر ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلـىپ، سۆـ
زىنى بۆلۈپتۇ:

ـــ مەن بۇخـارايى شېرىـپتىـن كەلـ
گەن شەيخۇلئىسلام بابارەهـىم موللا ۋەلى
ئوغلى بولىمەن. سىزنىڭ مەسچىتـىڭىزدە ئـىمامـ
لىقىڭىزنى ئەيتىشتى. قېنى هـازىـرلا ئـۆزەڭ
ياد ئوقۇغان پارىسـچە دۇئانىڭ مەنـىسـىنى
ئـېيتىـپ باقە؟ ـــ دەپ سوراپـتـۇ. ئـىمام
ئاغزىغا كەلگىنىنى بىلجىراشـقا باشـلاپتـۇ.

شائىر:

ـــ ياخـشى، ياخشى. پارىسـچىغا خېـلە
جايىدا ئىكەنسىز، ـــ دەپ ئۇنى ماقۇللـىغان
بوپتۇ ۋە يېنىدىن يەنە بىر خەتنى ئېـلىپ
ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

ـــ ئەمدى مانا بۇنى ئوقۇ. بۇ هـازىر
ئېيتقان دۇئالىرىڭىزدىنمۇ قالتىسراقى. هەرقانـ
داق پەندى نەسىهەتنىڭ بۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

ئىمام مەشرەپ بەرگەن خەتنى هەجىـ
لەپ ئوقۇپ چىقىپتۇ، مەنىسىگە چۈشەنمىسىمۇ،
بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاپـتۇ. ئەتىسى بامـ

دات نامىزىدا ئىمام كىچىكى پارىسچە ھەجۋىنى تەكرارلاپتۇ، ئۇنىڭ مەنىسى، كەلگەندە، بۇرۇن ئېيتىپ يۈرگەنلىرىگە بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قوشۇپ، شەرىئەت، تەرىقەتتىن سۆزلەپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا مەشرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— خالايىق، مانا بۇ بىتەۋپىق، يالغانچى ئىمام شۇنچە يىللاردىن بېرى سىلەرنى ئالداپ كەلگىنى يەتمىگەندەك ھازىرمۇ ئالداپ، مەن يېزىپ بەرگەن پارىسچە غەزەلنى دۇئا دەپ سىلەرگە ئوقۇپ بېرىۋاتىدۇ. ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن توپتوغرا ئىككى ئاي بۇرۇن خۇددى مۇشۇ يەردە ئىمامىڭلارغا: «يالغان سۆزلىمەڭ، ئاممىنى ئالدىماڭ، ئۆزىڭىز ئالدىنىپ قالىسىز»، — دېگەنىدىم. ھەرقايسىلىرى مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەي، ئىمامنىڭ گېپى بىلەن مېنى ئۇر كالتەك قىلىپ ھەيدىۋەتكەن ئىدىڭلار. شۇ چاغدىمۇ مۇشۇ ئىمامنىڭ تىلىدىن پارىسچە ھەجۋى غەزەل يېزىپ بەرگەن ئىدىم. مانا كېچە يېزىپ بەرگەن غەزىلىمنىمۇ سىلەرگە دۇئا، ئايەت، دەپ سۆزلەۋاتىدۇ. بۇ ئىمانسىز، — دەپتۇ.

يىغىلغان خالايىق شائىرنىڭ سۆزلىرىگە ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. كېيىن ئىمامنى قويۇپ شائىرغا يېپىشىۋاپتۇ. خالايىق شائىرغا:

— گېپىڭنى ئاۋۋال ئىسپاتلا، ئەگەر ئىسپاتلىيالمىساڭ ئىمامىمىزنى ھاقارەتلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن چالما - كېسەك قىلىمىز، — دەپتۇ. ئاللىمانىڭ سۆزى بىلەن ھوشىغا كېلىپ، جان كىرگەن ئىمام:

— ھەي خالايىق، نېمىشقا قاراپ تۇرۇسىلەر، بۇ قەلەندەر دىنسىز، دەھرى. ئۇ ئۆزىنى شەيخ دەپ كۆرسىتىپ، دىنىمىزنى ھاقارەتلىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ساۋاپ، — دەپ ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ.

— ياق، ئاۋۋال سۆزىنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئىسپاتلىسۇن. چالما - كېسەك قىلىش قاچمايدۇ، — دەپتۇ قېرىلاردىن بىرى.

— توغرا، ئىككىسىنى قازىغا ئېلىپ بېرىش كېرەك، كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق، قازى ھەل قىلىپ بەرسۇن، — دېيىشىپتۇ خالايىق.

مەشرەپ، ئىمام ئۇلارغا قوشۇلۇپ يەنە ئون - ئونبەش كىشى قازىخانىغا بېرىپتۇ. قازى ئۇلاردىن بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى سورىغانىكەن، ئىمام:

— مانا بۇ يارىماس يالىڭاياق مېنى جامائەت قوۋمىنىڭ ئالدىدا ھاقارەتلىدى، ئۇلۇغ دىنىمىزغا تاش ئاتتى. بۇ دىنسىزنى سازايى قىلماق كېرەك، — دەپتۇ.

— تەقسىر، مېنىڭ سۆزۈمنىمۇ ئاڭلاپ باقسىلا، — دەپتۇ مەشرەپ ۋەزمىنلىك بىلەن، — بارلىق ئۆلىما، ھۆكىما، مولla، ئىشان، سوپىلارنى بۇ يەرگە يىغسىلا، شۇ چاغدا نېمە سەۋەپتىن جانابى ئىمامنى ھاقارەتلىگىنىمنى ئېيتىپ بېرەمەن. ئاندىن نېمىنى خالىسىلا شۇنى قىلسىلا، دارغا ئاسسىلا، چالما - كېسەك قىلسىلا مەن ھەممىسىگە رازى.

قازىنىڭ مەشرەپ ئېيتقان ئادەملەرنى يىغماقتىن باشقا ئىلاجىسى قالماپتۇ. ھەممە يىغىلىپ بولغاندا مەشرەپ:

— ئىمامغا يېزىپ بەرگەنلىرىمنى ئۆزۈم ئوقۇپ، تەبىرىنى ئېيتسام ئىشەنمەيسىزلەر. ئاراڭلاردا پارىسچىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېچكىم زۇۋان سۈرمەپتۇ. قازى، داموللا،

سوپى، ئىشان دېگەنلەرنىڭ پارىسچە بىلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، خەت-ساۋادىمۇ تېلۇق ئەمەس ئىكەن. ئاخىرى قىشلاقتىن خەت-ساۋادى بار، پارىسچىمۇ بىلىدىغان بىر موللا يىگىتنى تېپىپتۇ. مەشرەپ ئىمامغا قاراپ:

— مەن ساڭا بەرگەن پارىسچە دۇئانى ئېيت، — دەپتۇ. ئىمام ئۇنىمىغانىكەن، قازى مەجبۇرلاپتۇ. ئىلاجىسىز ئىمام مەشرەپ يېزىپ بەرگەن ھەجۋى غەزەلنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇپتۇ.

— مەنىسىنى ئېيت، — دەپتۇ قازى موللىغا.

— بۇ ئىمام تىلىدىن يېزىلغان ھەجۋى شېئىر ئىكەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ موللا.

— جانابىي قازى، ئەگەر موللا يىگىتنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىسىڭىز ھەر بىر بېيىتنىڭ بېشىدىكى ھەرپلەرنى بىر-بىرىگە قوشۇپ ئوقۇسىڭىز ئىمامغا ئوخشاشلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز چىقىدۇ، — دەپتۇ شائىر.

موللا يىگىت غەزەلنىڭ ھەربىر بېيىتى بېشىدا كېلىدىغان ھەرپلەرنى بىرلەشتۈرگەنىكەن «ئەل كەززابۇ لائۇممەتى»، يەنى «پەيغەمبەر يالغانچىنى ئۈممىتىم دېمەيدۇ»، — دېگەن سۆز كېلىپ چىقىپتۇ. ئىمامنىڭ شەرمەندىسى چىقىپ قاچىدىغان جاي تاپالماي قاپتۇ. قازى ۋە ئۇنىڭ چۆپقەتلىرى تۇرغان جايلىرىدا قېتىشىپ قاپتۇ. قازى ئۆزىگە كېلىپ مەشرەپكە:

— بەربىر گۇناھكارسەن. دىنىي ئىسلامغا تىل تەككۈزۈپسەن، — دەپ ئۇنى زىندانغا سېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەشرەپنىڭ باتۇرلۇق بىلەن يالغانچى ئىمامنى پاش قىلغانلىقى بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈن قىشلاققا پۇر كېتىپتۇ. شائىرنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى ئاڭلىغان قىشلاق خەلقى كېچىدە كېلىپ شائىرنى قۇتقۇزۇپتۇ ۋە بىلمەستىن ئىمامنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ شائىرنى رەنجىتكەنلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

## غەزەلىم، يار-يوقۇم

مەشرەپ بىر يېزىغا كېتىۋېتىپ، يولغا يېقىن يەردە ئىشلەۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئېيتىۋاتقان غەزىلىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزى يازغان غەزەلنىڭ ھەربىر مىسراسى دېگەندەك بۇزۇلۇپ ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ. دېھقان ئىشلەۋاتقان يەرنىڭ يېنىدىكى ئۈجمىنىڭ يېنىغا بېرىپ سايىغا يانپاشلاپتۇ-دە، دېھقاننىڭ ئىشىنى تۈگىتىشىنى كۈتۈپتۇ. يىگىت يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنىدىغان كىچىك ئېرىقنى ئېلىپ بولۇپ، ئۈجمىنىڭ تېگىگە تىزلىنىپتۇ. شۇ چاغدا مەشرەپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە، سالام-سائەتمۇ قىلىشماستىن قولىغا كەتمەننى ئېلىپ، تېپىغرا تېرىلغان ئېتىزغا كىرىپتۇ ۋە ھېلىلا ئېرىق ئېلىنغان يەرنى جان-جەھلى بىلەن چاناشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت ۋارقىرىغىنىچە مەشرەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ كەتمەنگە ئېسىلىپتۇ ۋە:

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ نېمىشقا بۇزىسەن، — دەپتۇ.

— مەن ساپساقمەن. سەن ئەقلىڭدىن ئازغانغا ئوخشايسەن. سەن مېنىڭ نى-نى مۇشەققەتلەر بىلەن سالغان ئىمارىتىمنى بۇزغىنىڭدا، مەن سېنىڭ ئېرىقىڭنى بۇزسام نېمە بوپتۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەشرەپ.

— قانداق ئىمارەت؟ كىمنىڭ ئىمارد-

تىنى بۇزۇپتىمەن؟ ئوچۇقراق ئېيتمامسەن؟ــ دەپتۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن دېھقان.
ــ قانداق ئىمارەت بولاتتى؟ مېنىڭ ئىمارىتىم ـ دە، ــ دەپتۇ شائىر، ــ ھېلىلا ئېيتقان غەزىلىڭ مېنىڭكى. ئىمارىتىمۇ، بار ـ يوقۇمۇ پەقەت شۇ غەزەللىرىم ئىدى. سەن ئۇنى چالا ـ پۇچۇق ئېيتىپ، دىلىم ئۆيىنى ۋەيران قىلدىڭ.

يېزىغا غەزىلى يېتىپ كېلىپ، ئۆزى كەلمىگەن شائىرنى دېھقان ھازىر ئۆز يېنىدا كۆرۈپ داڭ قېتىپ قاپتۇ. كېيىن ئۆزىگە كېلىپ مەشرەپنى قۇچاقلىۋاپتۇ ۋە مۇنىدىن كېيىن بىرمۇ غەزىلىنى بۇزۇپ ئېيتماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ.

ئۆزبېكىستان لكسم مەركىزىي كومىتېت «ياش گۋاردىيە» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982-يىلى نەشر قىلىنغان «ئەللامەلەر ئىبرىتى» (ئەللامەلەر ۋە شائىرلار ھەققىدىكى خەلق ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى) دېگەن كىتابىچىدىن.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى.

**تۈزىتىش**

«مەجمۇئە» نىڭ 19 ـ ساندا كەتكەن ئايرىم خاتالىقلارنى تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسىتىمىز. تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

| بەت | تۆۋەندىن يۇقىرىغا | يۇقىرىدىن تۆۋەنگە | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 110 - | — | 14 - قۇر | qalta | palta |
| 225 - | 9 - قۇر | — | ئامان | ئەمان |




چۆلگە بارسام يار بىلەن،
ئۇسسىمايمەن چۆلدە مەن.
يارسىز باغلاردا يۈرسەم،
ئۇسسۇلۇقتا تەشنامەن.

ئېشىكىڭنى توقۇپ چىق،
بىللى باردى تۇزغا.
ئوتۇڭغا چىدالماستىن،
مەيدەمنى ياقاي مۇزغا.

ئېلىپ سەن ئەقلى - ھۇشۇمنى،
بىر قىيا باققان بىلەن.
قىلمىدىڭ شەپقەت ماڭا،
كۆز يېشىم ئاققان بىلەن.

ئىككىمىز تېپىشقاندا،
ئۆزگىلەرنىڭ باغرى كاۋاپ.
قاشلىرىڭنىڭ مېھرابىدا[1]،
مەككىگە قىلدىم تاۋاپ.

ئېگىز ئۆسكەن ئۆرۈكنىڭ،
شاخلىرىنى ئەگدىلا.
ياش باللارنى ياراتماي،
ئاقساقالغا تەگدىلا.

ئىشىكىڭدىن ئۆتسەم مەن،
تەمبۇرۇڭنىڭ ئاۋازى.
مېنى قىلدى مەستانە،
سۇمبۇل چاچ يارنىڭ نازى.

ئىشىك ئالدى بۇيادۇر،
شىلدىر ئەتسە تۇيادۇر.
يارنىڭ نازۇك بىلىكى،
تۇتماي تۇرۇپ سۇنادۇر.

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۈم مەن،
گۈل زاراڭزا تەرگىلى.
گۈل زاراڭزا باھانە بولدى،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئېگىز دۆڭگە ئۆي سالدىم،
شامال چىقسا دالدا دەپ.
مەن ساڭا كۆڭۈل بەردىم،
قىز - چوكاننىڭ ئالدى دەپ.

ئۆگزەڭدىن ئۆتۈپ يارىم،
شەرەت قىلاي تۈڭلۈكتىن.
كېچىسى مېنى تاپقىن،
بېغىڭدىكى گۈللۈكتىن.

www.uyghurkitap.com



ئۈچۈپ' كەلگەن كاككۇكلار،
قوندى قۇرۇق تېرەككە.
يارنىڭ نازى ئايلاندى،
جاننى قىيار ئىسكەككە.

ئۈگزىگە چىقىپ باقسام،
چار تېخو پالاقلايدۇ.
قىزنى سۆيۈپ قويسام،
ئانىسى ۋالاقلايدۇ.

ئوسما قويغان بۇ جوۋان،
ئۆز قېشىنى داڭلايدۇ.
مەن يارىمنىڭ دەردىنى،
كىمگە ئېيتسام ئاڭلايدۇ.

ئۇسسىغاندا سۇ ئىچتىم،
مەلەكدىكى بۇلاقتىن.
مەن قانداق كېچىدىن ئەمدى،
ئاي يۈزلۈك يۇمۇلاقتىن.

ئۆردەك ئاتتىم غاز بىلەن،
كاۋاپ قىلدىم تۇز بىلەن.
ئەمدى ئۆلسەم ئارمان يوق،
ئوينىۋالدىم سىز بىلەن.

ئۆردەك كىرمىگەن كۆلدە،
سۆۋنىڭ تۈرىشى بەك ئۈز.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ
قاراپ تۇرىشى بەك ئۈز.

ئۆيدىن ئايرىلىپ چىقتىم،
چۇشتۇم سايدىكى ئىزغا.
يارىمنى تېگىشمەيمەن،
ئون بەش ياشتىكى قىزغا.

ئۈزۈكۈم چۈشۈپ كەتتى،
يارنىڭ بېغىدا كۆلگە.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
مەن كەتتىم دالا - چۆلگە.

ئۈچۈپ كەتتى قۇرغۇيۇم،
بىلىكىمدىن پۇررىدە.
بىۋاپا يارنىڭ ئوتى،
تەگدى يۈرەككە بۇژژىدە.

ئۇششاق باللار ئوينايدۇ،
بۇلاق تۈۋى چىمەندە.
مەن يارنى سۆيۈپ ئالدىم،
ئۆرۈك شېخىن ئەككەندە.

ئۆستەڭ ياقلاپ ماڭسام،
نوغايلارنىڭ مۇنچىسى.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى.

ئۇۋا سالدى قارلىغاچ،
بىزنىڭ ئۆيدە بەش يەرگە.
مەشۇقۇمدىن بى سوراق
بارالمايمەن ھېچ يەرگە.

دەستىلىدىم كەتمەننى
كەكىدە توكۇلدىتىپ.
سۆيۈپ قويدۇم يارىمنى
باراڭدا چوكۇلدىتىپ.

ساماۋارنىڭ سۈيىنى،
قايىنىغاندا بىلەرسىز.

مېنىڭ تارتقان دەردىمنى
دەرت كەلگەندە بىلەرسىز.

سۇدىن چىققان سۇر بېلىق،
تاغدىن كەلگەن ئاق بېلىق.
سەن ئىندەككە كەلگەندە،
هەيران قالسۇن خالايىق.

سۇنىمۇ ئېچىپ قويدۇم،
هۆيلىدىكى ئۆزۈمگە.
كىشمىش سالدىم خالتىدا،
سۆيگەن قارا كۆزۈمگە.

سۇغا چىقتىم كۆلۈڭگە،
بالداق سېلىپ مۈرەمگە.
دىدارىڭنى كۆرەي دەپ،
نەچچە باردىم مەلەڭگە.

سېكىلەك بىر ئۆز خېنىم،
يۈرتىمىزنىڭ كۆزى سەن.
سەنسىز كۆزۈم ئەمادۇر،
سەن كۆزۈمنىڭ نۇرى سەن.

سەۋزە ئالدىم بىر تاغار،
بىر تەڭنە قەلەم بولدى.
بىۋاپانىڭ قىلىقى،
ماڭا بەك ئەلەم بولدى.

ئەنجان دوپپا ئېپ بەرسەم،
تۇماق بىلەن ياز قىللا.
بىر سۆيۈپ قويۇك دېسەم،
ئەجەب تولا ناز قىللا.

ئەنجان دوپپام بار دەيسەن،
كېيمەيدىغان نېمەڭگە.

ئاخشالىقتا كەل دەيسەن،
چىقمايدىغان نېمەڭگە.

ئەتىياز بولا - بولماي،
كۆكەردى ئېرىق بويى.
يۈرىكىمنى خۇن قىلدى،
بىۋاپانىڭ خۇيى.

ئاران كەلسەم مەلەڭگە،
هېرىپ - ئېچىپ ئورەمدىن.
بىر چىقمىدىڭ قارا كۆز،
پىشايۋانلىق هۆيلىدىن.

ئەتىياز يېتىپ كەلسە،
شامال چىقىدۇ لەرزان.
هال تارتىسىمۇ باي قىزى،
شاپاق دوپپىدىن ئەرزان.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
كەتتى يار تاشلاپ مېنى.
يولىغا كەتسۇن كۆمۈپ،
بىۋاپا يارىم مېنى.

ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
ئالە ئاتىنىڭ تۇمارى.
يارىم تۇتقان شاراپتىن،
چىقتى كۆڭلۈم خۇمارى.

هاۋا، هاۋادىن ئاچتى،
هاۋادىن بۇلۇت ئاشتى.
قىزغا مەيلىم بار ئىدى،
جوۋان قويىنىنى ئاشتى.

هاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ،
تاغلارغا قار ياغارمۇ.

www.uyghurkitap.com

دەردى بولمىسا يارنىڭ،
كۆزىدىن ياش ئاقارمۇ؟

هاۋانى تۇمان باستى،
تۇماننى شامال سۈردى.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
قاراقاش جۇۋان بىلدى.

ئەي جۇۋان بويۇڭ پاكار،
ساڭا قىلغان گەپ بىكار.
ئەسلى چىرايىڭ بولمىسا،
ياسىغان پەرداز بىكار.

هاي ـ هاي ياڭزا پەشمەتىنىڭ،
يانچۇقىنى كىم ئويدى.
بېشىمغا بالا تاپتىم،
يار تۇتۇشنى كىم قويدى.

هېيتكادىكى پەشتاقتا،
ناغرا چالغان ساقمۇ.
يار دەردىدە قان يىغلاش
ئاشىقلارغا باقمۇ.

هاۋاغا چىقىپ كەتسەم،
ئېگىز ئۇچقان دەمداردەك.
قان يىغلاپ ئۆتەرمەنمۇ،
زۇلمەتتە قەلەندەردەك.

ئۆيۈمنى ئېيتىپ بەرسەم،
كۆرمەستىن بىلەلەمىلا.
ئاي پاتقاندا بېغىمغا،
تېنىمەي كېلەلەمىلا.

مەن يارىمنى تاپارمەن،
ئۈستىگە تون ياپارمەن.

يارىم ئۆتكەن كوچىدا،
دىۋانىدەك ياتارمەن.

مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئەي دىلدار،
قارا سالدىڭ سىيا بىلەن.
ئۇنى يۇسام ئېچىلمايدۇ،
ئېقىن دەريا سۈيى بىلەن.

مىلتىق ئاتسام هاۋاغا،
ئوقى كەتتى ۋىژىلداپ.
سەن يارىمنى ئويلىسام،
كۆيدى يۈرەك پىژىلداپ.

مېنى يارىم تىللايدۇ،
بارسام تىنماي يىغلايدۇ.
ئېيتالمايدۇ دەردىنى،
كۆڭلى كىمنى چىللايدۇ.

مەن ئەجەب غېرىپ بولدۇم،
چالغىلى راۋاپ يوقمۇ.
سىزگە قانچە خەت يازدىم،
بەرگىلى جاۋاب يوقمۇ.

مەن سېنى سۆيۈپ ئالغان،
ئۈستەڭ بويىدا ئاخشام.
ئاخشام بارسام چىقمىدى،
بىۋاپا مېنىڭ ئاشنام.

كىرپىكىمدىن ياش تامىدۇ،
ياش ئەمەس قېنىم مېنىڭ.
بىۋاپا سەن يار ئۈچۈن،
چىققۇدەك جېنىم مېنىڭ.

يارغا ئەۋەتىپ بەردىم،
ئالتۇن گۈلدىن گۈلدەستە.

يار كۆڭلى ئېچىلمامدۇ،
يۈرەكنى چېچەك ئەتسە.

كېتىپ باردۇ يارىم،
شايى چاپىنى قولىدا.
كېتىپ بارسا توسماڭلار،
نامەھرەم بولار يولدا.

كېچە - كۈندۈز يول باستىم،
ئۆتۈك بىلەن سۇ كەچتىم.
دۇتارىمغا يارنى دەپ،
تومۇرۇمدىن تار ئەشتىم.

كەپتەرىم كۆرۈنمەيدۇ
كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى.
كىچىككىنە قارا كۆز،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى.

بىر تۆگۈشتە يىمىشىم،
بىر تۆگۈشتە كىشمىشىم.
ئەمدى تاپتىم ياخشىنى
يامان بىلەن نېمە ئىشىم.

كىچىككىنە خورازنىڭ،
قانىتى دەندان ئىكەن.
سەن قارىمساڭ بىزگە
قارايدىغان چەندان ئىكەن.

كېۋەزلىكمۇ بىزنىڭ يەر.
قوغۇنلۇقمۇ بىزنىڭ يەر.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلساق،
خەلقى - ئالەم نېمە دەر.

كاككۇكنىڭ ئالدىدا ئوچاق،
ياڭاق تۆۋىدە پورچاق.

مېنىڭ بىرلا يارىم بار،
ئاستىم شوڭغا كۆز مۇنچاق.

كېتىپ بارغان جۇۋانىنىڭ،
تۈگمىسى قاتار - قاتار.
تۈگمىسىنى يەشكىچە
توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتار.

كۇكۇم تىققىتىم ئوچاققا،
نەم بولغاچقا كۆيمەيدۇ،
مېنىڭ يارىم قاراكۆز،
سېغىنماپتۇ، سۆيمەيدۇ.

كۆككۈل بەرمىسەم ساڭا،
ئوق تەگمەس ئىدى جانغا.
كۆككۈلنى قويۇپ بەرسەم،
يۈرەك تولدۇ قانغا.

نان پىشۇرغان تونۇرمۇ،
خىش پىشۇرغان خۇمدانمۇ.
بىزنى بۇنچە قىينىماق،
ئۆزلىرىگە ئوبدانمۇ؟

زەيتۇن بۆكنىڭ پۆپىكى،
گۈل تۇمار باسقانچە بار.
يارىمنىڭ قىلغان سۆزى،
مەندە داستانچە بار.

زالىملارنىڭ دەردىدە
ماكان ئەيلىسەم تاغنى.
ئەقىلسىز نادان يارىم،
شەرەت قىلدۇ باغنى.

شايىدىن تامبال كىيسە
نېمە دىن باغ ئەتتىڭىز.

www.uyghurkitap.com

بىر يىراقتا كەتكەندە،
كىملەرنى باخ ـ باخ ئەتتىڭىز.

شاپتۇلاڭنىڭ شېخى پەس،
كاۋاكچىغاندا يېگەن بىز.
سىز خېنىمنى كۆرمەك تەس،
ياش ۋاقتىدا سۆيگەن بىز.

شەھەردىكى بايلارنىڭ،
ئىككىدىن سارايى بار.
بىزنىڭ قارا كۆز يارنىڭ،
ئالتۇندەك چىرايى بار.

شوختىنا قاۋۇل يىگىت،
ئاتنى ساپتۇ بەيگىگە.
غۇنچىدەك يارى تۇرۇپ،
جۇۋاننى ساپتۇ كەينىگە.

جان نەپەستىن چىقمىدى،
قۇشقاچ قەپەزدىن چىقمىدى.
شۇ خېنىمنىڭ سۆيگىنى،
ھەرگىزمۇ ئەستىن چىقمىدى.

راۋاب دېگەن بىر ياغاچ،
سۆزلەيدىغان تارىسى.

ساقايمايدۇ يار كەلمەي،
يۈرىكىمنىڭ يارىسى.

راۋابىمغا سالغىلى،
ئون بەش غۇلاچ تار ئالدىم.
سەن مېنى ياراتمىساڭ،
تومۇچۇقتەك يار ئالدىم.

خۇيمۇ بالدۇر ئېچىلدى،
يار بېغىنىڭ گۈللىرى.
مەن ئۇنىڭ بۇلبۇلى دېسەم،
كۆپ ئىكەن بۇلبۇللىرى.

خىيالى تولا قىلماڭ،
ئاغرىققا چاقاي دەيدۇ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
ئارقامغا باقاي دەيدۇ.

پەرداز قىلىپ چىقىپسەن،
چوڭ بازارغا ماڭدىڭمۇ.
قايرىلىپمۇ باقمايسەن،
سەن ۋەدەڭدىن ياندىڭمۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: **ئابدۇكېرىم مەقسۇت**






# ئازنىباقىنىڭ لاپلىرى

## يۇيۇنۇش

يانچۇق قۇرۇقدىنىپ قالغان كۈنلەر ئىدى، — دەپ سۆز باشلىدى ئازنىباقى، — مۇنچىغا بېرىپ كېلەي دېسەم، يېنىمدا پۇل قالماپتۇ. بىر كىمدىن قەرزمۇ سورىمىدىم، يۇيۇنۇشتىنمۇ يالتايمىدىم. كىيىم - كېچەكلىرىمنى سېلىپ، تامبىلىم بىلەن كىر ئالغۇغا (كىر يۇيۇش ماشىنىسىغا) سەكرەپ چۈشۈپلا، كۇنۇپكىنى بېسىۋەتتىم. پاھ، ھۇزۇر دېگەن مانا شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن دېگىنە! بەدىنىمنى ئىشقىلاپ سۇرتۇپمۇ ئاۋارە بولمىدىم. ماشىنا ئۆزى بىردەم ئوڭغا، بىر دەم سولغا پىرقىراپ مېنى يۇيۇۋەردى. ئوڭ - تەتۈر پىرقىراۋەرگەندىن كېيىن بېشىم قېيىپ، ھۇشۇمدىن كېتىپتىمەن.

— سەن ئاسانلا ھۇشۇڭدىن كېتىدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇخلاپ قالغانسەن؟ — دېدى لاپ ئاڭلاۋاتقانلاردىن بىرى.

— راست دېدىڭ، ئاداش! بوۋاق چېغىمدا ئانام تەۋرەتكەن بۆشۈكتە ئۇخلىغاندەك ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپتىمەن. سۇنىڭ شالاقلىشى ئانام ماڭا بولماق ئېيتىۋاتقاندەك ئاڭلاندى. بىر ئازدىن كېيىن ماشىنىمۇ جىمىپ قالدى. ئۇيقۇلۇقتا پۇت - قولۇمنى دىمدىرلاتسام، بوش تۇرىدۇ. تامبىلىمنى تۇتۇپ باقسام، چىلىق - چىلىق ھۆل! ئاللا دېدىم، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىۋەتكەن ئوخشايمەن دەپ ئانامدىن قورقتۇم. ھەممە يېرىمنى بۇلغىۋەتمەي دەپ ئورنۇمدىن چاچراپ قوپسام، ئۆزۈم كىر ئالغۇنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتىمەن ئەمەسمۇ!

## چۈشىدە تېپىۋالغان پۇللار

— ئازنىباقى ئاكا! — دېدى سورۇندىكىلەردىن بىرى، — سەن ئوقىتىڭنىڭ تايىنى يوق بىر نەرسە ئىدىڭ. بىردىنلا بېيىپ كەتتىڭغۇ؟ بىر گەپ بار، جۇمۇ، سەندە!...

— مەندە نېمە گەپ بولاتتى، — دېدى ئازنىباقى، — چۈشۈمدە تېپىلغان پۇل بىلەن بېيىپ قالدىم.

www.uyghurkitap.com

— جۆيلىمە! — دېدى ھېلىقى يىگىت، — چۈشۈمدە بىر تاغار پۇل تېپىۋالساممۇ، ئەتىسى ئويغانساڭ ھېچنېمە يوق. ئۇنداق پۇلنى بىزمۇ كۆپ قېتىم تېپىۋالغان.

— راست دەيسەن، ئىنىم! مەنمۇ چۈشۈمدە بىرىنچى قېتىم پۇل تېپىۋالغاندا، قوينۇمغا سېلىپ چىڭ تۇتۇپ ياتتىم. ئەتىسى ئويغانسام پۇل يوق. 2 - قېتىم ياستۇقنىڭ ئىچىگە تىقىپ، مەيدەمگە بېسىپ ياتساممۇ يوق. 3 - قېتىم تېپىۋالغان پۇلنى قۇچاقلاپ، چوڭ ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىم. خوتۇنۇم ساندۇقنى قۇلۇپلاپ قويدى. ئەتە ئويغاندا، بۇ پۇلغا نېمىلەرنى ئېلىشنى ئويلاپ ياتتىم. ئەتىسى خوتۇنۇم ساندۇقنى ئېچىپ، مېنى ئويغاتتى. مەن ساندۇقتىن بېشىمنى كۆتۈرسەم، تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ. بىراق يەنە پۇل يوق. بۇ پۇللارنى شەيتان ئېلىپ قاچمىسا نەگە كېتىدۇ؟! خەپ توختا! — دېدىم - دە، ئويلاپ - ئويلاپ، بۇنىڭغا بىر ئامال تاپتىم.

بىر كۈنى چۈشۈمدە يەنە بىر سومكا پۇل تېپىۋالدىم. ئۆيگە ئاپىرىپ سانىسام، ئارتۇق - كېمى يوق يۈزمىڭ سوم ئىكەن. بۇنى دەرھال بانكىغا ئاپىرىپ، قەرەلسىز ئامانەت قويۇۋەتتىم. «مەندىن باشقا ئادەم چەكنى ئېلىپ كەلسە پۇل بەرمىسۇن» دەپ تاپىلاپمۇ قويدۇم. ئاندىن پۇلنىڭ چېكىنى قولۇمدا چىڭ تۇتۇپ، پەلەي قاپلىۋالدىم. ئەتىسى ئويغانسام، خۇداغا شۈكرى، چەك قولۇمدا تۇرۇپتۇ.

— شەيتان قولۇڭدىن چەكنى ئېلىپ قاچماپتۇ - ھە؟

— ئېلىپ قاچقىنى بىلەن، بانكىدىن پۇلنى ئالىدىغان چاغدا تۇتۇلۇپ قالىدۇ - دە!

## تېز سۈرئەتلىك پىكاپ

شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم ئالمامنى سېتىپ يۈرۈۋەردىم. بىر كۈنى گېزىتتىن: ياپونىيىدە ئىشلەنگەن، سائىتىگە 300 كىلومېتىر يول باسىدىغان «تويوتا» ماركىلىق پىكاپ سېتىلىدۇ، دېگەن ئېلاننى كۆرۈپ قالدىم. دەرھال بانكىدىن 30 مىڭ سومنى ئالدىم - دە، شاڭخەيگە بېرىپ، شۇ پىكاپتىن بىرنى سېتىۋالدىم. شاڭخەيدىن كەلگىچە ئۆزۈم ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدىم. پىكاپنى ئايالىم بىلەن بالىلىرىم كۆرۈپ، بەكمۇ خۇشال بولۇشتى.

يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئايالىم بىلەن ئىككى بالامنى ئېلىپ، غۇلجىغا بېرىپ ئويناپ كەلمەكچى بولدۇق.

— پىكاپىڭنى كۆز - كۆز قىلىپ كەلمەكچى بولغانسەن، ھەقچان؟ — دېدى توختىباقى.

— ئۇمۇ يوق گەپ ئەمەس. بىز ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ يولغا چىقتۇق. ماشىنامنى بارغانسېرى تېزلەتتىم. جىڭدىن ئۆتكەندە تېزلىكى سائىتىگە 250 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇ چاغدا پىكاپ مېڭىۋاتامدۇ، ئۇچۇۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايدىكەن. سانتەيگە يېقىنلاشقاندا، مەن ماشىننى باشقۇرالماي قالدىم. ماشىنام ئۇدۇل سايرام كۆلىگە قاراپ كەتتى. كۆلنىڭ ئۈستىدە خۇددى قوغلىغۇچى پاراخوتتەك ۋىژىلداپ كېتىپ بارامدۇ! ياپىرىم! خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، دېدىم. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئوغلۇم:

— دادا ئاۋۇ ئۆردەكنى تۇتۇۋالاي، پىكاپنى توختات! — دېدى.

مەن پىكاپنى كۆلنىڭ ئۈستىدە ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىم يادىمدا يوق، گاچ قىلىپ تورمۇزنى بېسىپتىمەن. پىكاپ چىپپىدا توختىدى. ئۆردەكلەرمۇ ئۇچۇپ كەتتى. پىكاپمۇ ئاستا-ئاستا سۇغا چۆكۈشكە باشلىدى. خوتۇن، باللىرىم قورقۇپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. پىكاپ كۆلنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ توختىدى. ئەينەكتىن قارىساق، ئۆزىمىزنى دېڭىزنىڭ ئاستىدا كۆردۇق. ماشىنىنى ئوت ئالدۇرسام، ھېچ ئوت ئالمىدى. دۋىگاتېلىنىڭ ئىچىگە سۇ تولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئوت ئالماپتۇ-دە، ئەلۋەتتە! باللىرىم تېخىمۇ قورقۇشۇپ، چۇقان سېلىپ يىغلاشتى.

شۇ چاغدا كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى: مەن دانگارات بىلەن كۆلۈچلارنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتىم. ماشىنىنىڭ چاقلىرىنى بىر-بىردىن چىقىرىپ ئىچ كامىرلىرىنى سۇغۇرۇۋالدىم-دە، ماشىنىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ناسوس بىلەن يەل بەردىم. تۆتىمىز تۆت كامىرنى بېلىمىزگە سېلىپ، كۆلنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتۇق. قارىساق، كۈن چۈش بولۇپ قاپتۇ. سومكىدىكى بولكا، پىرەنىك ۋە شاكالاتلار بىلەن قورساقنى تويغۇزۇپ، ئۈزۈشكە باشلىدۇق. كۈن قايرىلغاندا، سىمپىتوزا تەرەپتىكى قىرغاققا چىقىۋالدۇق.

## ئۈزۈن يوللۇق تېلېفوندا

ئۆتكەن يىلى يازدا قەشقەرگە بېرىپ ئىككى ئاي تۇرۇپ قالدىم. مېۋە-چېۋىلىرىنىڭ ئەلۋەكلىكى ۋە شىرىنلىكىدىن قەشقەرنى جەننەت دېسەك بولىدىكەن. بىر كۈنى ئەنجۈر يەۋېتىپ باللىرىم يادىمغا كەلدى-دە، گېلىمدىن ئۆتمىدى. بىر سوملۇق ئەنجۈرنى ئېلىپ پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىگە باردىم. غۇلجىغا ئۈزۈن يوللۇق تېلېفون بېرىپ باللىرىمنى چاقىرتتىم. تېلېفونىست بىزنىڭ ئۆيدىكى تېلېۋىزورلۇق تېلېفونغا ئۇلاپ بەردى. تۇرۇپكىنى قىزىم گۈلنار ئالدى. قىزىمنى كۆرۈپ، ئاتىلىق ھېسسىياتىم بىلەن قۇچاقلاپ، ماڭلىيىغا سۆيدۈم. بىر ئۇزاق ئەھۋاللاشتۇق. ئاندىن قولۇمدىكى ئەنجۈردىن بىرنى قىزىمنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدۇم. قالغىنىنى ئۇكىلىرىڭ بىلەن يە دەپ بەردىم. قىزىم رەھمەت دەپ ئالدى.

شۇ ئارىلىقتا ئىچكەركى ئۆيدىن ئايالىم يۈگۈرەپ چىقتى. (ئايالىمنى ئون يىل كۆرمىسەممۇ ھېلى كۆرگەندەك ئىدىم). ئۇ، تۇرۇپكىنى ئېلىپ ئەھۋال سورىدى:

— سالامەتمۇ سىز؟ قەشقەردىن قاچان قايتىسىز؟ قايتقاندا ماڭا بىر كۆڭلەكلىك چېكەن ئالغاچ كېلىڭ، جۇمۇ!

— ساڭا بىر باغلام تىكەن ئالغاچ بارىمەن.

— مەن تىكەننى نېمە قىلاتتىم؟ چىتلايدىغان بېغىم بارمىدى؟ ...

— ئۆزۈڭنى چىتلىماسەن!

— سەن ئۆزۈڭنى چىتلىۋال، بېشىڭنى يەيدىغان ساراڭ! ... — دەپ سەنلەپلا تىللاشقا باشلىدى. ئاچچىقىم غۇژژىدە كەلدى-دە، بىر كاچات سالدىم. ئايالىم شۇ ھامان

www.uyghurkitap.com

چۇقان سىلىپ يىغلىدى:
— سەن ئۇژمە كۆكۈل ساراڭ قەشقەرگە بىرىپ بۇزۇلۇپسەن. بۇزۇلساڭ بۇزۇل. مىنىڭ خىتىمنى بەر! — دەپ ياقامغا ئىسىلدى. مەنمۇ ئۇنىڭ چىچىدىن قاراپ تۇتۇپ:
— خىتىڭنى ئالدىغان يەرگە يوُر، ئەمىسە! — دەپ تىلىفونخانىدىن تاشقىرىغا دا-قىرىتىپ سۆرىدىم. تىلىفونخانىدىلەر:
— هاي-هاي! ئىش چاتاق بولدى!... — دەپ دىنى تۇتىۋىلىشتى. قارىسام، تىلىفون ۋە ئۇنىڭغا چىتىلغان تىلىۋىزور ئاپپاراتلىرى — هەممىسى ئۇستەلدىن يەرگە چۇ-شۇپ چىقىلىپتۇ.
— تىلىفونخانىدىكىلەر ئاندىن سىنىڭ ياقاڭغا ئىسىلغانىدۇ ؟ — دىدى ئابدۇباقى.
— ئىسىلمامدىغان! ئۆز باھاسى بويىچە 4200 سوم تۆلەپ بىرىپ چىقىپ كەتتىم.
تەييارلىغۇچى: **مۇھەممەد رەھىم**

**ئىككى لاپچى**

بىر كۈنى ساۋۇت لاپچى داۋۇت لاپچىنىڭ ئۆيىگە مىھمان بولۇپ كەپتۇ.
داۋۇت لاپچى:
— هەي ئاداش، ئۆيۈڭگە بارىدىن دەپمۇ قويماي كەلگىنىڭنى قارا. سەن ناۋات سال-غان چايغا تولىمۇ ئامراق ئىدىڭ. قارىمامدىغان، قىرىشقاندەك ئۆيدە ناۋات تۇرماق ھەسەلمۇ قالماپتۇ، — دەپ قۇرۇق چاي بىلەنلا ساۋۇتنى يولغا ساپتۇ.
ئارىدىن بىرقانچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. داۋۇت لاپچى، ساۋۇت لاپچىنىڭ ئۆيىگە مىھمان بولۇپ كەپتۇ.
ساۋۇت لاپچى:
— ئاداش، سىنى كىلىپ قالامدىكىن دەپ بىر تاغار چاقماق قەنت ئەكىلىپ قويغانى-دىم. سەن قەنت سالغان چاينى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىڭ. قارىمامدىغان، مۇشۇ باللار قۇچ-قاچ ئاتىمىز دەپ، چاقماق قەنتنى رەگەتكىگە سىلىپ، بىرىنىمۇ قويماي ئىتىپ بوپتۇ، — دەپ داۋۇتنىمۇ قۇرۇق چاي بىلەنلا يولغا ساپتۇ.

× ×

بىر كۈنى ساۋۇت لاپچى ئاغىينىسىگە مۇنداق دەپ لاپ ئىيتىپ بىرىپتۇ:
— ئاداش، مەن توخۇ سىتىۋىلىش ئۇچۇن بازارنى ئارىلاپ يۈرۈپ بىر توخۇنى ئالدىم دىگىنە. ئۇ توخۇنى ئاپىرىپ سويسام ئىچىدىن بەش چوڭ چىنە ماي چىقماسىمۇ. بۇ ماي بىلەن راسا ئوخشۇتۇپ بىر قازان پولو قىلدىم-دە، ئوغۇل-كىلىنلىرىمنى ئالتە نەۋرەم بىلەن ئۆيگە مىھمانغا چاقىردىم. ئۇلار بەھۇزۇر



ئولتۇرۇشۇپ، پولودىن تويغىچە يېيىشتى. ماينىڭ كۈچى بىلەن ئالتە نەۋرەم كېچىچە ئۇچىسىغا يوتقانىنۇ ئارتماي چىقتى. شۇ كۈنى سەنمۇ بولغان بولساڭ، مەن ئەتكەن پۈلودىن راساكەلتۈرۈپ بىر قۇرساق يىگىنىڭدە، سەنمۇ قىشچە ئۈستۈڭگە كىيىممۇ كىيمەي چىقان بولاتتىڭ!

× ×

بىر كۈنى بىر ئولتۇرۇشتا، ساۋۇت لاپچى ئاغىنىلىرىگە:

— مەنزە مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ تېز چاقچاق قىلىدىغان بولۇپ كەتتىم جۇمۇ! ھەر قانداق ئادەمنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن كۈلدۈرۈپ، ئاچچىق ئۇچەيلىرىنى ئۈزۈۋېتىمەن، — دەپتۇ.

ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى:

— قېنى ساۋۇت ئاداش، چاقچاق قىلىغاچ ئولتۇرمامسەن؟ — دەپتۇ.

ساۋۇت لاپچى بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دەپ بېقىپتۇ. لېكىن ئولتۇرۇشتىكىلەرنى زادىلا كۈلدۈرەلمەپتۇ. ئاخىرى:

— كۆپچۈلۈك، كۈلمەيسىلەرغۇ؟ - دەپتۇ.

كۆپچۈلۈك:

— ئىچىمىزدە كۈلۈۋاتىمىز، — دەپتۇ.

**تەييارلىغۇچى: غاپپار ئەخمەت**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ماقال-تەمسىللەر

△ ئەلدىن ئايرىلغاننىڭ ئەگلىكى تۆشۈك.
△ يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ.
△ چىرايلىقنى تاشلىساڭمۇ قەدىناسنى تاشلىما.
△ باتۇر چامدايدۇ، قورقۇنچاق توختايدۇ.
△ تىكەندىن قورققان گۈل ئۈزەلمەس.
△ ھورۇن دوق يەيدۇ. باتۇر ئوق.
△ نامەرت گەپتە تۇرماس، ناكا ئىشەك چۆپتە.
△ ھۈنەرسىز ئادەمدىن تۇخو ياخشى.
△ ئاتا ھۈنىرى ئوغۇلغا مىراس، ئانا ھۈنىرى قىزغا.
△ شاھلىقتىن يىقىلساڭ ناۋاي بول.
△ ئالەمگە پاتمىغان كۆڭۈل، يىغسا بىر تۇتام كەلمەپتۇ.
△ ھەممە ئىشقا پىدەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم.
△ لايىنى چالا تەپسەڭ كوزا بولىدۇ، تولا تەپسەڭ جانان.
△ تۈگمەن ساقلاشتىن، سۇ ياقىلاشتىن.
△ قوزغۇلۇپ گۈل بولدۇم، قوزغالماي كۈل.
△ ئاتا كەسپىنى تاشلىغان، پېشانىسىنى قاشلىغان.
△ ھورۇننىڭ نېنى ئىككى بولماس.
△ كۈندۈزى ئىشتىن قاچقان، كېچىسى يۇلتۇز سانايدۇ.
△ ئالتۇن كولاشتىن، قوي بورداشتىن.
△ گال ھۈنەرۋەندىن چاپسان قەلەندەر ياخشى.
△ مېھنەت قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ.
△ ئىتتىن سۆڭەككە، چاشقاندىن كېپەككە قەرزدار بوپتۇ.
△ قىشنىڭ يازى بار، كۆلنىڭ غازى.
△ خىيال كېچىدە ئىچىلار، گۈل سەھەردە.
△ ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بىر كۈنى بارەي.
△ بار دەپ تۆكمە، يوق دەپ كۆپمە.
△ بارنى ئايىما، يوققا كايىما.
△ بېشىڭدا تۆگەڭ تۇرغاندا، يۈك كۆتۈرۈشتىن غەم قىلما.
△ ئۈمىت ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ.
△ ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا، ئالتۇن تاۋاقتا ئاش يەيسەن.
△ دېھقان ئاشلىق بىلەن، ئادەم ياشلىق بىلەن.
△ ئوشۇق گەپ ئىشەككە يۈك.
△ ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇنا يوق.
△ مۈشۈكنى ھارۋىغا قوشساڭ، كارۋات ئاستىغا سۆرەيدۇ.

△ سىقسا سۈيى چىقماپتۇ، بىگىز تىقسا قېنى.
△ ئىشلەتمەي قويۇپ بەرسەڭ ئىشەككىمۇ مۈڭگۈز چىقىدۇ.
△ ئورۇق كالىنىڭ پوقى يوغان، بىلمىسىزنىڭ گېپى.
△ جىدەل بار يەرگە بەش نان كۆتىرىپ بېرىپتۇ.
△ باراڭغا چۈشكەن خام قاپاقنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق هالى بار.
△ ئىتقا گۆش بەرسەڭ توپىغا مىلەپ يەيدۇ.
△ چوڭ ئىشەك پاتقان يەرگە تەخەيى پاتمايدۇ.
△ توخۇ بىر كېچە ياتقان يېرىنى بىلىدۇ.
△ ئىشەك باقساڭ كۆچەتكە ئارام يوق، باقمىساڭ جانغا.
△ سودىگەر بازارغا ئامراق، سوپى مازارغا.
△ ياخشىلىقتا ياخشىلىق هەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىقتا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى
△ پاراڭ بار يەردە — ساراڭ بار، ساراڭ بار يەردە پاراڭ.
△ يامان بىلەن يولداش بولساڭ قالارسەن ئۇياتتا، ياخشى بىلەن يولداش بولساڭ يېتەرسەن مۇرادقا.
△ ئۆستەڭ يارىشىقى تال، قىز يارىشىقى خال.
△ دەرەخ يوپۇرمىقى بىلەن چىرايلىق.
△ بالاڭنى ئايىساڭ بالاغا قالىسەن.
△ بەيگە ئات بىلەن ياخشى، توي يات بىلەن.
△ تاققا چىقماق ئاسان، چۈشمەك تەس.
△ كاتاڭ يول هارۋىنى بۇزىدۇ، يامان خوتۇن ئەرنى.
△ هايۋان باققانغا ئامراق، ئىش چاققانغا.
△ باتۇرلۇق بىلەن بۆرە تۇت، ئەقىل بىلەن تۈلكە.
△ ئەۋلىيادىن پۈتۈكنى تارت، پادىشاهتىن تىلىكنى.
△ نېسى بەرگەننىڭ هالى خاراپ، ئاخىر قالىدۇ دەپتىرىگە قاراپ.
△ بىر ئالدىراڭغۇغا قىزىڭنى بەرمە، بىر ئالدىرىماسقا.
△ موللىنىڭ مۇددىئاسىنى بىسمىللىسىدىن بىلگىلى بولىدۇ.
△ تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن، پادىشاهلىق ئەل بىلەن.
△ باجگىرنى چىشلىگەن ئىت جەننەتكە كىرىدۇ.
△ سۇدا ئۆزگەن بېلىقنىڭ ئىزى بولماس.

توپلىغۇچىلار: ۋاهاپ قادىر
تۇراپ دايىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى www.uyghurkitap.com

# چاغاتايچە لۇغەت

## ئە

**ئەئادي** اعادی (ئە) [بىرلىكى: ئەدۇۋ] دۇشمەنلەر.

**ئەئالي** اعالی (ئە) [بىرلىكى: ئالى] يۇقىرى دەرىجىلىكلەر، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەر، ئۇلۇغلار، ئالىي زاتلار.

**ئەئەزز** اعز (ئە) ئەڭ ئەزىز، ئەڭ ئىززەتلىك؛ ئەزىزراق.

**ئەئەززى ئەسهاب** — سۆھبەتداشلارنىڭ ئەڭ ئەزىزى؛

**ئەئەززى ئەھباب** — دوستلارنىڭ ئەڭ ئەزىزى، ھۆرمەتلىكى.

**ئەب** اب (ئە) [كۆپلۈكى: ئەبائ] ئاتا، پەدەر:

«ئاتاڭ ئايۇ ئاناڭ خۇرشىد ئىدى ئەركىنكى سەن تۇغدۇڭ،
ۋەلې ھۇسنۇ لەتافەتدە نې ئەب ئوخشار ساڭانى ئۇمم.»

— نەۋائى «فەۋائىدۇل كىبار»

**ئەبا** عبا (ئە) دەرۋىش ۋە قەلەندەرلەر كىيىدىغان، يۇڭ ماتادىن تىكىلگەن كالتا، يەڭگىل تون چاپان، يەڭسىز ئۇستى كىيىم (يەپىنچا).

**ئەبابىل** ابابیل (ئە) تاغ قۇشى؛ ئۇزۇن قانات، قالىغاچلار.

**ئەباتىل** اباطیل (ئە) 1) ئىغۋا، ئۇششاق سۆز، پىتنە پاسات، پىتنە - ئىغۋا، مىش - مىش گەپ، ئۆسەك سۆز، سۆز - چۆچەك، قۇرۇق گەپ؛

2) «باتىل»غا قاراڭ.

**ئاباۋ** اباء (ئە) رەت قىلىش، باش تارتىش.

**ئەبەد** ابد (ئە) [كۆپلۈكى: ئاباد] پايانى يوق كېلەچەك زامان («ئەزەل» نىڭ قارشىسى)؛ مەڭگۈلۈك؛ ئەبەدىي، دائىمىي؛ ئەبەد؛ چەكسىزلىك، دائىملىق.

**ئەبەد نۇقتەسى** — يىگانە خال، گۈزەللىكنىڭ دائىمىي ۋە ئۆزگەرمەس بەلگىسى؛

**ئەبەد هەياتى** — تۈگىمەس، مەڭگۈ هايات؛
**ئەبەد ئۆمرى** — تۈگىمەس، باقىي ئۆمۈر.

**ئەبەدا** ابدا (ئە) دائىما، ھەمىشە.

**ئەبەدۇلئەبەد** ابدالاباد (ئە) دائىما، ھەمىشە، ئەبەدىي؛ ئاخىرى، پايانى يوق؛ ئۈزلۈكسىز، چەكسىز.

**ئەبەدىي** ابدى (ئە) دائىمىي، دائىملىق، مەڭگۈلۈك.

**ئەبەس** عبث (ئە) بىھۇدە، پايدىسىز، ئورۇنسىز، كېرەكسىز، بىكار، بىكارغا:
«ئەبەس بىرلە دىلنى بېرىپ دەھرىگە،
كىمە ئۈزرە چىقتۇق تۇشۇپ بەھرىگە.»
— ئا.نىزارى «مەسئۇد ۋە دىلئارا»

**ئەبەن** ابآ (ئە) **ئەبەن ئەن جەددەن** — ئاتا-بوۋىدىن تارتىپ، بوۋىدىن بوۋىغا، نەسلدىن نەسلگە (قالغان).

**ئەبەۋى** ابوى (ئە) ئاتا:
«رىزا بولسە فەرزەندلەردىن ئەبەۋى،
تۇغار باشىغە بەختىنىڭ كەۋكەبى.»
— ئا. نىزارى.

**ئەبىبەدەت** ابدت (ئە) **ئەبىبەدەت ئەھسانەھۇ** — ياخشىلىقنى (ئېھسانلىرىنى) ئەبەدىيلەشتۈرسۇن، ياخشىلىقى (ئېھسانى) ئەبەدىي بولسۇن! (دۇئا).

**ئەبتەر** ابتر (ئە) 1› كالتا، قىسقا، ئۈزۈلگەن؛ خۇنۇك؛ نۇقسانلىق؛ 2› ئەرزىمەس، كېرەكسىز، بىكار، پايدىسىز؛ 3› تىنچسىز، ۋەيران، خاراپ:
«ئۆلۈمغە چارە يوقدۇر ئەي بەرادەر،
ئۆلۈم ۋەھمىدە ھەرجان بولغاي ئەبتەر.»
— مەسنەۋى خەراباتى.
4› خەستە، ناتاۋان؛ 5› پەرىشان، بەختسىز:
«سۇنبۇل ئولسۇن يازىرە يا زەئفىران يا ئۇدكىم،
بارچەنى ئەبتەر قىلۇر ئول سۇنبۇلى ئەنبەر شىكەن.»
— گۇمنام.
6› ئارۇز ئىلمىدىكى بىر خىل ئاتالغۇ.

**ئەبتەرشىۋە** ابترشيوه (ئە + پ) ھەردەم خىيال.

**ئەبتەرۋەش** ابتروش (ئە + پ) بەختسىزراق، خارابسىمان، پەرىشانسىمان، پاراكەندەھال.

**ئەبتەرىي** ابترى (ئە) 1› ئەڭ بەختسىز؛ دىۋانە؛ 2› ئەخلاقسىز.

**ئەبتەھ** ابطح (ئە) مەككىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئىسمى.
**ئەبتەھىي** — ئەبتەھكە مەنسۇپ، ئەبتەھلىك (كىشى).

www.uyghurkitap.com



**ئەبجەد** ابجد (ئە) قەدىمكى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى سىرە (تەرتىپ) كۆرسەتكۈچى سەككىز ئويدۇرما سۆزنىڭ بىرىنچىسى ۋە شۇ ئويدۇرما سۆزلەر مەجمۇئەسىنىڭ نامى (بۇنىڭدىكى ھەربىر ھەرپ بەلگىلىك سان قىممىتىگە ئىگە)، ئەبجەد تەرتىپى، ئەبجەد ھېسابىغا ئوخشاش.

**تەختەئى ئەبجەد** ـــ ئەبجەد تاختىسى:

«ئەيلەر مېنى لەۋھى قەلەم سىرىدىن ئاگاھ،
ئىلكىمگە ھەنوز ئالمايىن ئول تەختەئى ئەبجەد.»

ـــ زەلىلى.

**ئەبجەدخان** ابجدخوان (ئە + پ) مەكتەپكە يېڭى كەلگەن بالا، ئېلىپبەنى ئۆگىنىشكە باشلىغان ئوقۇغۇچى.

**تىفلى ئەبجەدخان** ـــ ئەبجەد ئۆگەنگۈچى بالا.

**ئەبد** عبد (ئە) [كۆپلۈكى: **ئەبىد/ئىباد**] قۇل، بەندە.

**ئەبدال** ابدال (ئە) 1› ۋەلىلىكنىڭ (ئەۋلىيالىقنىڭ) بەلگىلىك بىر دەرىجىسىگە ئېرىشكەن گۇرۇھ؛ ئەۋلىيالار، خۇداغا يېقىنلار؛ 2› تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچىلار، دەرۋىش (لەر)؛ 3› قەلەندەر، دىۋانە.

**ئەبدالۋەش** ابدال وش (ئە + پ) ئەۋلىيا تىبىئەت؛ دەرۋىش سۈپەت؛ قەلەندەر سۈپەت.

**ئەبدان** ابدان (ئە) [بىرلىكى: **بەدەن**] بەدەنلەر، تەنلەر، كىشىنىڭ ھەممە ئەزاسى.

**ئەبر** ابر (پ) بۇلۇت.

**ئەبرى باران** ـــ يامغۇر بۇلۇتى، قاتتىق يامغۇر، **سەل يامغۇر**؛

«تۆكۈپ ئەشكىنى ئەبرى باران كەبى،
ئاقىپ ياشلارى لەئلى رۇممان كەبى».

ـــ ئا. نىزارى.

**ئەبرى بەلا** ـــ بالا بۇلۇتى، ئاپەتلىك بۇلۇت، پالاكەت بۇلۇتى؛

**ئەبرى بەھار** ـــ باھار بۇلۇتى؛ كۆكلەم بۇلۇتى:

«چۇ بىداد ئېتىپ چەرخى ناسازۋار،
بەلا ياغدۇرۇپ مىسلى ئەبرى بەھار».

ـــ ئا. نىزارى.

**ئەبرى بەھاران** ـــ «**ئەبرى بەھار**»غا قاراڭ؛

**ئەبرى بەھارىي** ـــ كۆك يېغىن بۇلۇتى؛

**ئەبرى پۇربار** ـــ «**ئەبرى بەھارىي**»غا قاراڭ؛

**ئەبرى خىرام** ـــ بۇلۇتقا سەكرەيدىغان؛ بۇلۇتتەك تېز چاپىدىغان؛

**ئەبرى رەھمەت** ـــ رەھمەت يېغىنىنى كەلتۈرۈدىغان، بەھرىمەن قىلىدىغان بۇلۇت؛

ئەبرى غۇرران ـ گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇت؛
ئەبرى قىيرمانەند ـ قارا بۇلۇت؛
ئەبرى كافۇربىز ـ قار ياغدۇرغۇچى بۇلۇت؛
ئەبرى كەرەم ـ كەرەم بۇلۇتى، ساخاۋەت بۇلۇتى؛
ئەبرى گەۋھەربار ـ 1) گۆھەر ياغدۇرغۇچى بۇلۇت؛ 2) ساخاۋەتلىك كىشى، مەنپەئەتدار ۋە بەھرىمەن قىلغۇچى شەخس؛
ئەبرى گەۋھەر سەنج ـ گۆھەر ياغدۇرغۇچى بۇلۇت؛
ئەبرى گىريان ـ ياش تۆككۈچى بۇلۇت:

«ئىشق بەھرىدىن ۋۇجۇدۇم قەترەلەر جەزب ئەتمەسە،
نې ئۈچۈن ئۇششاق ئىچىدە ئەبرى گىريان دۇر كۆزۈم».
— گۇمنام.

ئەبرى مۇتىر ـ يامغۇر بۇلۇتى؛ كۆپ يېغىنلىق بۇلۇت؛
ئەبرى نەۋبەھار ـ باھار مەۋسۇمىنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىكى كۆك يېغىن بۇلۇتى؛
ئەبرى نەيسان ـ «ئەبرى بەھار»غا قاراڭ؛
ئەبرى ھەسرەت ـ زەرەر يەتكۈزگۈچى، ھەسرەت بۇلۇتى؛
ئەبرى ئېھسان ـ كۆچمە م: سېخىلىق، مەرتلىك، ياخشىلىق، ئالىجاناپلىق بىلەن ساخاۋەت قىلغۇچى.

**ئەبرار** ابرار (ئە) ياخشىلار، ياخشىلىق بىلەن تونۇلغانلار، پاك كىشىلەر، ياخشىلىق ئىگىلىرى، ئەدەب ـ ئەخلاقلىقلار.

**ئەبر ئاسا** ابر آسا (پ) بۇلۇتقا ئوخشاش.

**ئەبرەس** ابرص (ئە) 1) بەدىنىدە ئاق چېقىشى بار؛ تېرىسى ئاقارغان؛ 2) پېسە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم.

**ئەبرەش** ابرش (ئە) 1) قىزىل ئالا ياكى قارا ئالا تۇس؛ ئاق ۋە قىزىل رەڭ ئارىلاش، رەڭگارەڭ؛ 2) ئالا ـ بۇلا ئات، خالدار ئات:

«تاڭ يوقكى ئۆزگە مەھۋەش ھەر نەچچە بولسە دىلكەش،
سەكرەتكەنىڭدە ئەبرەش گەر بولسە پايمالىڭ».
— مەھزۇن.

**ئەبرخىرام** ابرخرام (پ) بۇلۇتقا ئوخشاپ يۈرىدىغان (سەكرەيدىغان)، بۇلۇتتەك تېز چاپىدىغان.

**ئەبركەف** ابركف (پ) كۆچمە م: قولى ئوچۇقلۇق، سېخىلىق.

**ئەبر كىردار** ابركردار (پ) بۇلۇتقا ئوخشاش، بۇلۇتلۇق.

**ئەبرۇ** ابرو (پ) قاش.

«مۇھەببەت ياسىدىن كىرپىك ئوقىنى بەس بەلەند ئەتتى،
مېنىڭ جانىمنى قۇربان ئەتكەلى پەيۋەستە ئەبرۇيى».
— زەلىلى.

www.uyghurkitap.com

كەمان ئەبرۇ ـــ قېشى كاماندەك، ئەگمە قاش، قايرىلما قاش.

**ئەبرىشىم** ابريشم (پ) 1 › يىپەك؛ 2 › يىپەك گەزلىمە، شايى.

**ئەبكار** ابكار (ئە) [بىرلىكى: بىكر] قىزلار؛ يېڭى، تازا؛ نازۇك.

مەئنى ئەبكارى ـــ كۆچمە م: نازۇك پىكىرلەر، ساپ پىكىرلەر.

**ئەبكەم** ابكم (ئە) 1 › تىلسىز؛ كېكەچ؛ گاچا؛ 2 › لال (خىجالەتتىن تىلى تۇتۇلماق، دۇدۇقلىماق).

ئەبكەم قىلماق ـــ خىجالەت قىلماق، كېكەچلەندۈرمەك.

**ئەبكەملىق** ابكم‌لىق 1 › تىلسىزلىق؛ كېكەچلىك؛ لال بولماقلىق؛ ئاجىزلىق.

**ئەبلەغ** ابلغ (ئە) ئەڭ بالاغەتلىك؛ بالاغەتلىكراق، يېتۈكراق.

**ئەبلەق** ابلق (ئە) 1 › ئالا ـ بۇلا، ئاق ـ قارا تەرس؛ 2 › ئالا پوستىن؛ 3 › يۇڭلىرى ئالا يوللۇق ئات، ئالا ـ چىپار ئات، زىراپە؛ 4 › ئەبلەخ؛ كۆچمە م: كېچە ـ كۈندۈز، دەۋر.

زەمانە ئەبلەقى ـ كېچە ـ كۈندۈز:

«زەمانە ئەبلەقى قالغاي رەۋىشدىن،
ئول ئاشۇبى زەمان سەكرەتسە ئەبرەش».

ـــ نەۋائى «خەزايىنۇلمە ئانىي».

**ئەبلەھ** ابله (ئە) نادان، تەنتەك، ئەقىلسىز؛ پەمسىز، دۆت، ئەخمەق:

«خەلقىغە مەردۇد ئەبلەھدۇر بىلىڭ،
ھەق قاتىدە مەلئۇن گۇمرەھدۇر بىلىڭ».

ـــ خەراباتى.

**ئەبلۇك** ابلوک (ئە) پەسكەش؛ مۇناپىق؛ ئىككى يۈزلىمە.

**ئەبنا** ابنا (ئە) [بىرلىكى: ئىبن] ئوغۇللار، باللار، پەرزەنتلەر، ئەۋلاد.

ئەبنايى ئەمم ـــ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ پەرزەنتلىرى؛

ئەبنايى جىنس ـــ جىنسداشلار، تەڭتۇشلار؛ ئىنسانلار، ئادەملەر؛ پىكىرداشلار؛

ئەبنايى دەھرى ـ دۇنيا ئەھلى؛ «ئەبنايى دەۋران»غا قاراڭ؛

ئەبنايى دەۋران ـــ دەۋر پەرزەنتلىرى؛ زاماندداشلار، تەڭتۇشلار؛

ئەبنايى روزگار ـــ بىرگە كۈن كۆچۈرگۈچىلەر؛

ئەبنايى زەمان ـــ زامان ئەھلى؛ «ئەبنايى دەۋران»غا قاراڭ.

**ئەبھاس** ابحاث (ئە) [بىرلىكى: بەھس] 1 › تالاش ـ تارتىش، مۇنازىرە، بەس ـ مۇنازىرە، پىكىر يۈرگۈزۈش؛ 2 › ماۋزۇ، تېما.

**ئەبھەر** ابهر (ئە) 1 › بوتاكۆز گۈل، نەرگىس.

ئەبھەر شەمم ـــ نەرگىس پۇراقلىق، بوتاكۆز ھىدلىق، خۇشبۇي.

**ئەبۇ** ابو (ئە) ئاتا؛ ئادەتتە ئاتاقلىق ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ؛
**ئەبۇ بەكر** — بەكرىنىڭ ئاتىسى.

**ئەبۇتتۈرك** ابوالترک (ئە) 1› تۈرك ئاتىسى، تۈرك خەلقىنىڭ بوۋىسى، ئەجدادى؛ 2› يافەسنىڭ كونا ئىسمى، لەقىمى.

**ئەبۇس** عبوس (ئە) خۇنۈك، بەتبەشرە، كۆرۈمسىز.

**ئەبۇشقە** ابوشقه ئەر؛ قېرى ئەر (خوتۇنىنىڭ ئېرى)، بوۋاي:

«فەلەكدىن يېتىپ ئانچە بىتابلىق،
ئەبۇشقە بىلە قىلدى ھەمخابلىق».

— ئا.نىزارى.

«بىر ياندىن ئوغۇل غەمۇ شىكەنجى،
بىر ياندىن ئەبۇشقە دەردۇ رەنجى».

— نەۋائى.

**ئەبۇقۇبەيس** ابوقبيس (ئە) ئەرەبىستاندىكى بىر تاغنىڭ نامى.

**ئەبۇلبەشەر** ابولبشر (ئە) ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى، ئادەم ئەلەيھىسسالام.

**ئەبۇلغازى** ابوالغازی (ئە) سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ لەقىمى.

**ئەبۇلفورس** ابوالفرس (ئە) پارسلارنىڭ ئاتىسى؛ پارس خەلقىنىڭ بوۋىسى، ئەجدادى.

**ئەبۇلھىند** ابوالهند (ئە) ھىند ئاتىسى، ھىند خەلقىنىڭ بوۋىسى، ئەجدادى.

**ئەبۋاب** ابواب (ئە) [بىرلىكى: **باب**] 1› ئىشىكلەر؛ دەرۋازىلار، بۆلەكلەر، قىسىملار؛ 2› كىتاب بابلىرى، بۆلۈملىرى:

«ئاگا تاپشۇرۇپ بەردى ئاداب ئۈچۈن،
ئوقۇش ئىلمىغە فەتھى ئەبۋاب ئۈچۈن».

— ئا. نىزارى.

**ئەبۋابۇلمۇلۇك** — شاھلىق يوللانمىلىرىنىڭ يولباشچىسى.

**ئەبۋابۇلمەئانى** ابواب المعانی (ئە) مەنە ئىشىكلىرى، يوللىرى.

**ئەبىد** عبيد (ئە) [بىرلىكى: **ئەبد**] قۇللار، بەندىلەر.

**ئەبىر** عبير (ئە) خۇشبۇي ماددىلار بىرىكمىسى، خۇشبۇي ماددا (ھىد)، ئەنبەر، ئىپار.
**ئەبىرى جەننەت** — جەننەتكە مەنسۇپ ئەنبەر، خۇشبۇي ھىد.

**ئەبىرئاسا** عبيرآسا (ئە+پ) ئىپار ھىدلىق، خۇشبۇراق تارقاتقۇچى؛ خۇش ئىسلىق؛ تەبىئىي يېقىملىق، ئىپاردەك، ئىپارغا ئوخشاش؛ خۇشپۇراقتەك.

**ئەبىرەفشان** عبيرافشان (ئە+پ) 1› ئەبىر (ئىپار ياكى خۇشبۇي ماددىلار) چېچىلغان («ئەبىر»گە قاراڭ)، ئەبىر (ئىپار ياكى خۇشبۇي ماددى-

www.uyghurkitap.com

لار) بىلەن خۇشبۇي قىلىنغان؛ ئىپار بۇيلۇق؛ 2〉 يېقىمـلىق ھىد تارقاتقۇچى، خۇشبۇي ھىد تاراتقۇچى، ئەبىر چاچقۇچى.

ئەبىربىز عبير بيز (ئە + پ) «ئەبىر ئاسا»غا قاراڭ.

ئەبىر سىرىشت عبيرسرشت (ئە + پ) 1〉 ئىپار ئارىـلاش، خۇشبۇي؛ 2〉 كۆچمە م: ئەڭ قاراڭغۇ؛ «ئەبىر ئاسا»غا قاراڭ.

ئەبيات ابيات (ئە) [بىرلىكى: بەيت] بېيىتلار، شېئىرلار:
«ئەبياتىڭ ئەي زەلىلى بوستان ئىچىدە ئـەيتۇر،
سەرۋى بەلەندى ئۆزرە قۇمرىئى بى نەۋائى»
— زەلىلى.
ئەبيات ئەتمەك — بېيىت (شېئىر) ئىجاد قىلماق.

ئەبياز ابيض (ئە) ئاق، ئاپئاق.

ئەبياز پۇش ابيض پوش (ئە + پ) ئاق كىيگەن، ئاقفا ئورالغان، ئاقارغان.
سۇبھى ئەبيازپۇش — كۆچمە م: تاڭ، ئاپئاق تاڭ، ئاقارغان تاڭ.

ئەپپانى اپانى (ئە + پ) كاچاتلاش، مۇشت بىلەن ئۇرۇش؛ تۇرتكە.

ئەتا عطا (ئە) بېغىشلاش، ھەدىيە قىلىش؛ ئىنئام، ھەدىيە، ساخاۋەت.
ئەتا ئەتمەك — بېغىشلىماق، ئىنئام بەرمەك؛ تۆھپە قىلماق؛ ساخاـ ۋەت كۆرسەتمەك؛
ئەتا ئەيلەمەك — «ئەتا ئەتمەك»كە قاراڭ؛
ئەتا قىلماق — «ئەتا ئەتمەك»كە قاراڭ.

ئەتابېك اتابيك «ئاتابېك»كە قاراڭ.

ئەتارىد عطارد (ئە) مىركۇرى يۇلتۇزى (ئەپسانىلاردا بۇ يۇلتۇز يازغۇچىلارنىڭ ھامىيسى ھېسابلىنىدۇ. پارسچىسى: دەبىر).

ئەتاكىش عطاكيش (ئە + پ) ئاتا قىلغۇچى، بەخش ئەتكۈچى.

ئەتالىق اتاليق ئاتىلىق، ئاتا ۋەزىپىسىنى بېجىرىش.

ئەتايا عطايا (ئە) تۆھپىلەر، ھەدىيەلەر، ئىنئام ـ ئېھسانلار.

ئەتەش عطش (ئە) 1〉 تەشنالىق؛ 2〉 خۇمار، بىرەر نەرسىگە ھەۋەسلەنمەك:
«مەستى مەي مۇھەببەتىڭ بادەنى ئىچتى ھۇنۇز،
نالەئى ئەل ـ ئەتەش قىلۇر بولماسا بىر زەمان قەدەھ».
— زەلىلى.

ئەتەكە اتكه تەربىيەچى، مۇرەببىي.

ئەتباق اطباق (ئە) [بىرلىكى: تەبەق] تەبىقىلەر؛ قەۋەتلەر؛ قاتلاملار.

ئەتبائ اتباع عطار (ئە) تەۋەلەر، پۇخرالار،... قاراشلىق كىشىلەر؛ تەرەپدار ـ لار؛ ئەگەشكۈچىلەر.

ئەتتار (ئە) 1〉 ئۇپا ـ ئەڭلىك، دورا ـ دەرمان ۋە تۈرلۈك خۇشبۇي نەرسىلەرنى ساتقۇچى؛ تەدىرىكەش؛ 2〉 «مەنتىقۇتتەير»نىڭ

مۇئەللىپى ـــ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ لەقىمى:

«ئەھلى ئىرفان سالىكى ئەتتارى ئول،
مەئرىفەت بازارىنىڭ ئەتتارى ئول».

ـــ نەۋائى.

**ئەتتارلىق** عطارلق خۇشپۇراقلىق؛ خۇرسەن قىلغۇچى يېقىملىق سۆزلەر:

«تارتىبان گاھ ئىززەتۇ گاھ خارلىق،
ئەيلەبان ئاقشامغىچە ئەتتارلىق».

ـــ زەلىلى.

**ئەتر** عطر (ئە) ئەتىر، خۇشبۇي ماددا؛ خۇشبۇيلۇق.

**ئەتر ئەنگىز** ـــ ئەتىر ھىدلىق؛ خۇشپۇراق؛

**ئەترى رۇھ ئەفزا** ـــ جانلاندۇرغۇچى، روھلاندۇرغۇچى ئەتىر.

**ئەتراك** اتراك (ئە) [بىرلىكى: **تۈرك**] تۈركلەر (ئەرەبلەر تۈرك سۆزىنى ئەتراك قىلىپ، كۆپلۈك ئۈچۈن قوللىنىدۇ).

**ئەتراكى فەقىر** ـــ كەمبەغەل، بىچارە تۈركلەر.

**ئەترەفزاي** عطر فزاى «**ئەترفىزاي**»غا قاراڭ.

**ئەترفىزاي** عطر فيزاى خۇشبۇي ھىد تارقاتقۇچى.

**ئەتشان** عطشان (ئە) تەشنا.

**ئەتف** عطف (ئە) 1) گرامماتىكىلىق ئاتالغۇ، سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى؛ 2) يۈزلەنمەك، ئاغماق؛ بۇرۇلۇش.

**ئەتفال** اطفال (ئە) [بىرلىكى: **تىفل**] گۆدەكلەر، ياش بالىلار:

«بۇ ھەنگامەدە لەيلى رەنجۇر ئىدى،
كى ئەتفاللار سىلكىدىن دۇر ئىدى».

ـــ ئا. نىزارى.

**ئەتفالى جۇنۇن** ـــ بالىلىق ساراڭلىقى، ياشلىق تەلۋىلىكلىرى؛

**ئەتفالى غەم** ـــ كۆچمە م: تۈرلۈك ـ تۈمەن غەم ـ قايغۇلار؛

**ئەتفالى نۇجۇم** ـــ كىچىك يۇلتۇزلار.

**ئەتقىيا** اتقيا (ئە) تەقۋادارلار، يامان ئىشلاردىن ساقلانغۇچى كىشىلەر.

**ئەتكە** اتكه «**ئەتەكە**»گە قاراڭ.

**ئەتلال** اطلال (ئە) ئەسكى بىنا ۋە ۋەيرانىلىقلار (خارابىلىقلار)نىڭ نىشانىلىرى (ئىزلىرى).

**ئەتلەس I** اطلس 1) ئەتلەس، گەزلىمە؛ 2) پەردە، تۇسۇق، توسۇقتەكى نەرسە.

**ئەتلەس II** اطلس (ئە) كۆك، ئاسمان.

**ئەتلەسى چەرخ** ـــ ئاسمان؛

www.uyghurkitap.com

**ئەتلەسى فەلەك** — ئاسمان؛ ئاسمان رەڭدارلىقى؛
**ئەتلەسى گەردۇن** — ئاسمان، ئاسمان بىزدىكى، رەڭدارلىقى.

**ئەتناب** اطناب (ئە) چۇلۋۇرلار، ئارقانلار (ئاغامچىلار)؛ كەمەند؛ تۇزاق.

**ئەتۋار** اطوار (ئە) [بىرلىكى: تەۋر]
1 > يۈرۈش - تۇرۇش، خۇلىق، ھەرىكەت، قىلىقلار، پېئىللار؛
2 > يول، ئۇسۇل، تەرتىپ، ئادەت، يوسۇن؛ 3 > باب (بابىدا)، يول (يولىدا)، ساھە (ساھەسىدە).
**ئەتۋارى پىسەندىدە** — ياخشى، يېقىملىق خۇلق - ئەتۋار؛ يېقىملىق قىلىقلار؛
**سالىكى ئەتۋارلىق قىلماق** — سوپىلىق يولىنى تۇتماق.

**ئەتىبا** اطبا (ئە) [بىرلىكى: تەبىب]
تىۋىپلار، ھەكىملەر، داۋالىغۇچىلار:

«ھەكىمۇ ئەتىببانى جەمئ ئەتتى شاھ،
كى شەھزادە رەنجىگە بول چارە خاھ!»

— ئا. نىزارى.

**ئەتئىمە** اطعمه (ئە) [بىرلىكى: تەئام]
تائاملار؛ يېمىشلەر.

**ئەتىيە** عطيه (ئە) ھەدىيە، سوغا، تارتۇق قىلىنغان نەرسە.

**ئەجايىبول-مەخلۇقات** عجايب المخلوقات (ئە) 1 > ئاجايىپ مەخلۇقلار؛ 2 > تۈرلۈك مەخلۇقلار ھەققىدىكى بىر كىتاپنىڭ نامى.

**ئەجەب** عجب (ئە) قىزىق؛ تەئەججۇپ، ئاجايىپ - غارايىپ، ھەيرەتكە سالىدىغان.
**ئەجەب قالماق** — ھەيرەتتە قالماق، تەئەججۇپلەنمەك.

**ئەجەب - ئەجەب** عجب عجب (ئە) قىزىق - قىزىق؛ يېڭى - يېڭى؛ ئاجايىپ - ئاجايىپ؛ ھەيرەتلىك.

**ئەجەبلىق** عجبلق ئاجايىپلىق، تەئەججۇپلىك، چۈشەنمەسلىك.

**ئەجەبۋەشلىك** عجب وشليک ئەجەپلەنمەكلىك؛ تەئەججۇپلەندۈرمەكلىك.

**ئەجەل** اجل (ئە) ئەجەل، ئۆلۈم؛ ئۆلۈم پەيتى، ئۆلۈم مۆھلىتى.
**ئەجەل پەيكى** — ئۆلۈم ئەلچىسى؛
**ئەجەل پەيمانەسى** — ئەجەل مۇددىتى، ئۆلۈم پەيتى؛
**ئەجەل تاشى** — ئۆلۈم تېشى؛
**ئەجەل تىيغى** — ئۆلۈم خەنجىرى؛ ئۆلۈم تىغى؛
**ئەجەل جامى** — ئۆلۈم پەيتى؛ ئۆلۈم ھالىتى؛
**ئەجەل چابۇكى** — ئۆلۈم چەۋەندازى؛ ئۆلۈم ئالامەتلىرى؛
**ئەجەل خارى** — ئۆلۈم تىكىنى؛ ئۆلۈم ئازابى؛

**ئەجەل خەيلى** — ئۆلۈم لەشكىرى؛ ئۆلۈم غالىپلىقى؛
**ئەجەل دامى** — ئۆلۈم تۇزىقى، ھالاكەت تۇزىقى؛
**ئەجەل دەرۋازەسى** — ئۆلۈم دەرۋازىسى، ئىشىكى؛ ئۆلۈم يولى، ئۆلۈم ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىشى؛
**ئەجەل دەۋزەخى** — ئۆلۈم دوزىخى؛ ئازابلىق، مۇشەققەتلىك ئۆلۈم؛
**ئەجەل زەھرى** — ئۆلۈم ئوغىسى، زەھىرى؛
**ئەجەل سەررىشتەسى** — ئۆلۈم يىپىنىڭ ئۇچى؛ ئۆلۈم ۋاستىلىرى؛
**ئەجەل سەرسەرى** — ئەجەل شامىلى، ئۆلۈم قۇيۇنى؛
**ئەجەل شامى** — ئۆلۈم ئاخشىمى؛ ئۆلۈم قاراڭغۇلۇقى؛ ئۆمر تۈگىگەن پەيت؛
**ئەجەل قەسرى** — ئۆلۈم قورغىنى؛ يوقلۇق ئالىمى؛
**ئەجەل قەفەسى** — ئۆلۈم قەپىزى، گۆر؛
**ئەجەل قۇلابى** — ئۆلۈم تانىپى، ئۆلۈم چاڭگىلى؛
**ئەجەل گورى** — ئۆلۈم گۆرى؛
**ئەجەل مەيى** — ئۆلۈم شارابى؛
**ئەجەل نەخلى** — ئۆلۈم دەرىخى؛
**ئەجەل ئويقۇسى** — ئۆلۈم ئۇيقۇسى؛
**ئەجەل ئەلكى** — ئۆلۈم قولى؛
**ئەجەل يېلى** — ئۆلۈم شامىلى؛ ئاخىرقى نەپەس، ئۆلۈم نىشانىسى.

**ئەجەم** عجم (ئە) ئەرەب خەلقلىرى ۋە مەملىكەتلىرىدىن باشقىسى؛ ئىران (كۆپىنچە ئىران مەملىكىتى ۋە خەلقىگە ئىشلىتىلىدۇ):

«مەرھەبا سۇلتان ساتۇق بۇغرائى خانىم مەرھەبا،
مەشھەدىڭنى مەككەئى مۇلكى ئەجەم دەرلەر رەۋا».

— زەلىلى.

**ئەجەم تىلى** — پارس تىلى؛ ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل؛
**ئەجەم شۇئەراسى** — پارس شائىرلىرى؛
**ئەجەم مۇلۇكى** — ئىران پادىشاھلىرى.

**ئەجەمي** عجمى (ئە) پارسىي.

**ئەجداد** اجداد (ئە) [بىرلىكى: جەد(د)] ئاتا-بوۋىلار، بوۋا، ئەجداد.

**ئەجدەر** اجدر «ئەژدەر»گە قاراڭ.

**ئەجر** اجر (ئە) ئەجر، مۇكاپات.

**ئەجرام** اجرام (ئە) جىسىملار، ئاسمان جىسىملىرى.

**ئەجز** عجز (ئە) 1› كۈچسىزلىك، زەئىپلىك، ئاجىزلىق، بىچارىلىق، ئىقتىدارسىزلىق؛ 2› بىمارلىق؛ 3› ئاجىزلىقىنى، تۆۋەنلىكىنى تەن

www.uyghurkitap.com

ئېلىش:

«زىيارەت قىلىپمەن چۇ ئىدىلەپ دۇئا،
تۇمەن ئەجز ئىلە كۆرگۈزۈپ ئىلتىجا».

— ئا. نىزارى.

**ئەجز ئەتمەك** — ئاجىزلىق قىلماق؛
**ئەجز كېتۈرمەك** — زەئىپلىك كۆرسەتمەك؛
**ئەجزۇ تەھەييۇر** — ئاجىزلىق ۋە ھەيرەتلىنىش؛
**ئەجزۇنىياز** —ئاجىزلىق ۋە يالۋۇرۇش؛ ئىلتىجا.

**ئەجزا** اجزا (ئە) [بىرلىكى: **جۇزۇ/جۇز**]
1› بىر نەرسىنىڭ بۆلەكلىرى، بۆلەكلەر، پارچىلار؛ 2› مۇقاۋىلانمىغان كىتاب ياكى دەپتەرنىڭ بۆلەكلىرى، پارچىلىرى، كىچىك رسالە (بروشور).
**قوياش ئەجزاسى** — قۇياش زەررىلىرى.

**ئەجزپەيۋەند** اجزپیوند (ئە + پ) ئاجىزلىق، زەئىپلىككە مۇبتەلا؛ مادارسىز، ماغدۇرسىز.

**ئەجزكىش** عجزکیش (ئە + پ) ئاجىز، ئاجىزلىق؛ ئاجىزلىق كۆرسەتكۈچى.

**ئەجساد** اجساد (ئە) [بىرلىكى: **جەسەد**]
جەسەتلەر، گەۋدىلەر، ئۆلۈكلەر.

**ئەجلاف** اجلاف (ئە) ساددا ۋە گول كىشىلەر، بىلىمسىزلەر؛ قوپال كىشىلەر.

**ئەجلال** اجلال (ئە) ئېھتىرام، ھۆرمەت، ھۆرمەتلىك؛ ھۆرمەت قىلماق، ھۆرمەتلىمەك؛ قەدىرلىك.

**ئەجمەل** اجمل (ئە) ياخشى، گۈزەل، ئەڭ گۈزەل، بەك چىرايلىق.

**ئەجناس** اجناس (ئە) [بىرلىكى: **جىنس**]
1› جىنىسلار، تۈرلەر؛ 2› تاۋارلار، ماللار:

«قەزا كاتىبى چەكتى ئانداغ رەقەم،
ھەمە شەيئ ئەجناسىدۇر كەلئەدەم».

— ئا. نىزارى.

**ئەجناسۇتەقد** — مال ۋە مەبلەغ.

**ئەجنەبىي** اجنبی (ئە) باشقا، يېگانە، يات، يات كىشى.
**ئەجنەبىي سۆز** — باشقا سۆز، يات سۆز.

**ئەجنىھە** اجنحه قاناتلار.

**ئەجۇبە** عجوبه (ئە) ئاجايىپ؛ ئەجەپلەندۈرگۈچى؛ ھەيران قالدۇرىدىغان، ئاجايىپ - غارايىپلار.
**ئەجۇبە پەيكەر** — ئاجايىپ قامەتلىك، ئاجايىپ چىرايلىق، كىشىنى

ناهايىتى ھەيران قالدۇرغۇچى جامال.

**ئەجۇز** عجوز (ئە) 1› قېرى خوتۇن (ئايال)، كەمپىر؛ 2› كۆچمە م: كونا ئالەم؛ 3› جادۇگەر، مەككار.

**ئەجۇزە** عجوزە (ئە) «ئەجۇز»غا قاراڭ.

**ئەجۇبە** اجوبە (ئە) [بىرلىكى: **جەۋاب**] جاۋابلار.

**ئەجىب** عجيب (ئە) 1› ئاجايىپ، ھەيران قالارلىق؛ 2› ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇدىغان؛ ئاجايىپ ياخشى.

**ئەجىللە** اجلە (ئە) [بىرلىكى: **جەلىل**] ئۇلۇغلار، كاتتىلار، بۈيۈك زاتلار.

**ئەجىللەئى ئەسھاب** — ئۇلۇغ سۆھبەتداشلار؛

**ئەجىللەئى ئەھباب** — ئۇلۇغ دوستلار، مۆتىۋەر قەدىردانلار.

**ئەخا** اخا (ئە) تۇغقانلار، دوستلار.

**ئەخەسس I** اخص (ئە) خاسراق، مەخسۇسراق؛ ئەڭ خاس، ئەڭ مەخسۇس؛ ئەڭ خاسلار، ئالىي تەبىقىلەر، ئەڭ يېقىنلار:

«...... ئەگەرچەند ئۇلار ئەخەسسى ئەرباب ۋە ئەئەززى ئەھباب ئىردىلەر،.......»

— قىدىرى.

**ئەخەسسى ئەسھاب** — ئەڭ يېقىن سۆھبەتداشلار.

**ئەخەسس I** اخس (ئە) 1› ئەڭ پىخسىق، ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل؛ 2› پەس، خار - زار، كىچىك (كىشىلەر).

**ئەشرەف ئەخەسس** — چوڭ - كىچىكلەر.

**ئەخەۋىي** اخوى 1› ھەمىنەپەسلىك، بۇرادەرلىك، دوستلۇق؛ 2› ئەخەۋىي (تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇسى).

**ئەخبار** اخبار (ئە) خەۋەرلەر؛ مەلۇماتلار، ئۇچۇرلار.

**ئەخبار راۋىيلەرى** — خەۋەر بەرگۈچىلەر، ھېكايە قىلغۇچىلار.

**ئەخباس** اخباث (ئە) يامان خۇسۇسىيەتلەر، پەسكەشلەر، يارىماسلىقلار؛ ناپاكلىقلار.

**ئەخبەس** اخبث (ئە) ئەڭ ئىپلاس، يامان، پەسكەش، يارىماس؛ ناپاك.

**ئەختەچى** اختەچى 1› ئاتباقار، ئاتقا قارىغۇچى، ئاتلار بىلەن ھەپىلەشكۈچى؛ 2› خەۋەرچى، ئەلچى، خەت توشۇغۇچى؛ 3› كىشىلەرنىڭ لەقىمى.

**ئەختەر** اختر (پ) 1› يۇلتۇز؛ 2› تەقدىر، قىسمەت؛ بەخت؛ 3› يۈزە جامال، چىراي، ھۆسن؛ 4› بايراق، تۇغ؛ 5› مەنزىل، ماكان؛ شولا.

www.uyghurkitap.com

«تۇلۇئ ئەيلەدى چۇنكى ئەختەر كەبى،
كى سامىئ قۇلاقىدا گەۋھەر كەبى»
ئا. نىزارى.

**ئەختەر چېچەكلەرى** — چاقنىغان يۇلتۇزلار؛
**ئەختەر قەرا بولماق** — بەختسىزلىككە يولۇقماق؛
**ئەختەر يارۇتماق** — يۇلتۇز كۆلۈپ باقماق؛ نۇر تارتماق؛
**ئەختەرى بەخت** — بەخت يۇلتۇزى؛
**ئەختەرى بەلەند سايە** — كۆچمەم: شاھزادە، ئۇلۇغلار؛
**ئەختەرى پۇرتاب** — پارلاق يۇلتۇز؛ ئەڭ پارلاق يۇلتۇز؛
**ئەختەرى تابناك** — تاۋلىنىپ تۇرۇدىغان (يالتىراق) يۇلتۇز؛
**ئەختەرى تالىئ** — ئىقبال يۇلتۇزى؛
**ئەختەرى جەھانتاب** — جاھانغا نۇر بەرگۈچى يۇلتۇز؛ جاھاننى نۇرلاندۇرغۇچى يۇلتۇز؛
**ئەختەرى سەئد** — بەخت يۇلتۇزى.
**ئەختەرى سۇۋگە تۈشمەك** — بەختسىز بولماق، نابۇت بولماق؛
**ئەختەرى سۇھەيلى** — سۇھەيلى يۇلتۇزى؛
**ئەختەرى فەرخۇندە** — بەخت - سائادەت، ئىقبال يۇلتۇزى؛
**ئەختەرى مەسئۇد** — مۇبارەك يۇلتۇزى، بەختلىك يۇلتۇز؛
**ئەختەرى مۇنخەسىف** — تۇتۇلغان يۇلتۇز، قۇياش نۇرىغا يوشۇرۇلۇپ، ئۆز نۇرىنى يوقاتقان يۇلتۇز؛
**ئەختەرى نەھس** — شۇم يۇلتۇز، بەختسىزلىك يۇلتۇزى؛
**ئەختەرى ئىشق** — ئىشق - مۇھەببەت يۇلتۇزى.

**ئەختەر شۇناس** اخترشناس (پ) مۇنەججىم، ئاسترونوم.
**ئەختەر فىشان** اخترفشان (پ) كۆز يېشى؛ يىغا.
**ئەخرەب** اخرب (ئە) ئارزۇ ئۆلچەملىرىدىن بىرىنىڭ نامى.
**ئەخز** اخذ (ئە) ئېلىش.
**ئەخز ئەتمەك** — «ئەخز ئەيلەمەك»كە قاراڭ؛
**ئەخز ئەيلەمەك** — ئالماق، تارتىپ ئالماق؛
**ئەخزى مالى ھەرام** — ھارام، مەنى قىلىنغان مالنى ئېلىش.
**ئەخزەر** اخضر (ئە) كۆپكۆك، يېشىل، سەۋزە رەڭ؛

«كۆرۈنۈر سىپىھرى ئەخزەر، سەمەن چۇ سۇنبۇلە تەر،
كېچىلەردە ئاي ئەختەر، تاڭ ئېتىپ قايان قىلۇرسەن».
— زەلىلى.

**ئەخزەر بولماق** — كۆكەرمەك، كۆپكۆك بولماق؛
**ئەخزەر خىلئەت** — يېشىل تون؛
**ئەخزەر گىياھ** — يېشىل ئۆسۈملۈك؛

**سىپىھرى ئەخزەر** — كۆپكۆك ئاسمان.

**ئەخزەر پۇش** اخضرپوش (ئە + پ) يېشىل كىيىملىك، يېشىل كىيىنگەن؛ كۆك كە-يىم كىيگەن؛ دەرۋىش، سوپى.

**ئەخزەرگون** اخضرگون (ئە + پ) يېشىل رەڭلىك، يېشىل رەڭ.

**ئەخزەرۋەش** اخضروش (ئە + پ) يېشىل، يېشىلغا مايىل.

**ئەخزەرىي** اخضرى (ئە) يېشىل رەڭلىك، كۆپكۆك بويالغان؛ هاۋارەڭ.

**ئەخسۇم** اخسوم «**ئاخسوم**»غا قاراڭ.

**ئەخسۇملەماق** اخسوملاماق «**ئاقسۇملاماق**»قا قاراڭ.

**ئەخگەر** اخگر (پ) 1› يېنىپ تۇرغان ئوت؛ چوغ؛ 2› ئاشىق.

«داغى پەرزەنت جىسمىم ئارا جانىمنى ئۆرتەپ قىلدى كۆل،
نەچچە يىغلاپ ئۆچمىدى خاكىستەر ئىچرە ئەخگەرىم».
— مەھزۇن.

**ئەخگەر قىلماق** — ياندۇرماق، ئوتقا سالماق؛
**ئەخگەر كۆڭلى** — چوغدەك يېنىپ تۇرغان يۈرەك؛
**ئەخگەر ئولماق** — چوغلانماق، يانماق.

**ئەخگەر نىشىن** اخگرنشين (پ) چوغدا تۇرغۇچى؛ كۆيگەن، ئۆرتەنگەن؛ چوغقا چۈشكەن؛ ئوتقا ئۇرغان.

**ئەخلات** اخلاط (ئە) [بىرلىكى: **خىلىت**]
1› خىلىتلار؛ ئارىلاشمىلار؛ 2› ئەخلەتلەر؛ 3› كۆچمە م: ھەر خىل پىكىرلەر.

**ئەخلاق** اخلاق (ئە) خۇلق، قىلىق، پېئىل؛ ئەدەب، ئەخلاق.
**ئەخلاقى ھەمىدە** — ياخشى، ماختاشقا ئەرزىيدىغان خۇلق، ئەدەب.

**ئەخى I** اخى (ئە) «**ئەخىي**»گە قاراڭ.

**ئەخى I** اخى ئاخىر (ياردەمچى سۆز)؛ نەتىجە.

**ئەخىي** اخى (ئە) 1› ئالىي ساخاۋەت ئىگىسى، ئەڭ سېخى كىشى؛ 2› ئاكا - ئۇكا دوست، ئاغىنە، ھەمىنەپەس؛ 3› كىشى ئىسمى؛ لەقەم.

**ئەد (د)** عد (ئە) 1› سان، ساناق، ئەدەد؛ ھېساب. 2› قاتار؛ 3› باش، دانە، نەپەر؛ 4› بۆلەك، پارچە؛ 5› مەرتەم، قېتىم.

**بىھەددۇ ئەد (د)** — سان - ساناقسىز؛
**ھەددۇ ئەد** — سان - ساناق، چەك - چېگرا؛

**ئەدا I** ادا (ئە) 1› بايان، ئىپادىلەش؛ 2› ئۆتەش؛ تۆلەش، بىجىرىش؛ 3› تەلەپپۇز؛ مەنە؛ 4› سۆز؛ ئىبارە؛ 5› بىرەر ئىشنىڭ ئىجراسى ،بىجى-رىلىش يوسۇنى؛ تەلەپپۇزغا سېلىش؛ 6› سۆز ئاخىرى، قوشۇمچە.

**ئەدا ئەيلەمەك** — بىجىرمەك؛
**ئەدا بولماق** — بىجا كەلتۈرۈلمەك؛ ئەمەلگە ئاشماق؛ ئاخىرىغا يەت-

www.uyghurkitap.com



كۆزلىمەك، تۈگىمەك؛

**ئەدا تاپماق** — ئىپادىلەنمەك؛

**ئەدا قىلماق** — يېزىپ تۈگەتمەك؛

**ئەدا تۈزمەك** — 1› بىجا كەلتۈرمەك، بىجىرمەك، ئۆتىمەك؛ 2› ئورۇنلاشتۇرماق؛ 3› يەتكۈزمەك؛ 4› باشتىن ساقىت قىلماق؛ 5› بايان ئەتمەك، ئىپادىلىمەك؛

**ئەدا يەتمەك** — ئاخىرىغا يەتمەك، تۈگەللەنمەك، تامام بولماق؛

**ئەدائى فەرز قىلماق** — بۇرچىنى ئۆتىمەك؛

**ئەدائى مەئنەۋىي** — ئىچكى روھى، قەلبىنى سۆزسىز بايان قىلىش.

**ئەدا I** ادا (پ) ناز-كەرەشمە، گۈزەل قىلىقلار.

**ئەدالە** عداله (ئە) ئادىللىق.

**جامى ئەدالە** — ئادىللىق قەدەھى؛ ئىنساپ يۈزىسىدىن تۇتۇلغان جام.

**ئەدالەت** عدالت (ئە) ھەققانىيەت؛ ئىنسابلىق، شەپقەتلىك، ئادىللىق.

**ئەدالەت ئالەمى** — ئىنساب، رەھىمدىللىك دۇنياسى؛ دەۋرى؛

**ئەدالەت ئەۋجى** — ئادالەت ئاسمىنى؛ ياشاش يۈكسەكلىكى؛

**ئەدالەت پەرتەۋى** — ئادالەت نۇرى، شولىسى، يالقۇنى؛ نۇر تارقىتىشى؛

**ئەدالەت تەرىقى** — ئىنساب، ئادىللىق يولىيورۇقى، قانۇنى؛

**ئەدالەت جەھانى** — ئادىللىق دۇنياسى؛ ئالىمى، دەۋرى؛

**ئەدالەت چەمەنى** — ئادالەتنىڭ پەيتى؛

**ئەدالەت سىپېھرى** — ئادالەت ئاسمىنى، يۈكسەك ئادىللىق.

**ئەدالەت گۇستەر** — ئادالەتنى كېڭەيتكۈچى، يايغۇچى؛

**ئەدالەت ھەۋاسى** — ئىنساب يولىيورۇقى؛

**ئەدالەت ئۆيىن سەددى ئىسكەندەر ئەتمەك** — ھەققانىيلىق تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىمەك.

**ئەدالىق** ادالق 1› جاراڭلىق؛ 2› ئىپادىلىق.

**ئەدامە ئۆمرەھۇ** ادامه عمره (ئە) تەڭرى ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزاق قىلسۇن!

**ئەدانىي** ادانى (ئە) [بىرلىكى: **ئەدنا**] ناھايىتى تۆۋەن كىشىلەر، خارلار.

**ئەداۋەت** عداوت (ئە) دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، قارمۇ-قارشىلىق، ئۆزئارا زىددىيەت.

**ئەداۋەت ئەبۋابى** — ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ئىشىكى؛

**ئەداۋەت ئەييامى** — دۈشمەنلىك دەۋرى، مۇددىتى؛

**ئەداۋەت كۆرگۈزمەك** — قارشىلىق قىلماق.

**ئەداۋىي** اداوى (ئە) دورىلار، ئوق-دورىلار، پارتلاتقۇچ دورىلار؛ دورا-دەرمانلار.

**ئەدەب** ادب (ئە) 1› ياخشى تەربىيە؛ مۇۋاپىق ھەرىكەت، ياخشى خۇلق؛

2) ئىلىم، بىلىم، پەزىلەت ۋە كامالەت؛ 3) تەلىم - تەربىيە؛ 4) تەنبىھ؛ جازا.

**ئەدەب ئەتمەك** — جازاسىنى تارتماق؛

**ئەدەب ئەھلى** — ئەدەبلىكلەر؛ دانىشمەن كىشىلەر.

**ئەدەب بۇيرۇماق** — جازا بەلگىلىمەك؛

**ئەدەب بىناسى** — ئەدەب ۋە ئەخلاق چېگراسى، پەردىسى؛

**ئەدەب تەركى** — ئەدەبسىزلىك؛

**ئەدەب رەسمى** — ئەدەب - ئەخلاق قائىدىسى، تەرتىپى؛

**ئەدەب قىلماق** — 1) تەربىيە بەرمەك، ئەدەب ئۆگەتمەك؛ 2) جا- زا بەرمەك، جازالىماق؛ ئاگاھلاندۇرماق.

**ئەدەبگاھ** ادبگاه (ئە + پ) تەربىيە ئورنى، مەكتەپ.

**ئەدەد** عدد (ئە) 1) سان؛ مىقدار؛ ساناق، ھېساب؛ 2) قاتار؛ 3) باش، دانە، نەپەر؛ 4) بۆلەك، پارچە؛ 5) مەرتەم.

«قەدەمنى ئەدەد بىرلە باسقىل ساناپ،
كى ئاگاھلىق بىرلە ھەريان قاراپ».

— ئا. نىزارى.

**ئەدەددىن فۇزۇن** — ھەددىدىن زىيادە، سان - ساناقسىز؛

«ئەدەددىن فۇزۇنراق ئىدى لەشكەرى،
شۇجائەتدە يەكتا ئىدى ھەر بىرى».

— ئا. نىزارى.

**ئەدەد كەسرەتى** — ساننىڭ كۆپلۈكى؛

**ئەدەد مەخلەسى** — ھېساب، ساناش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان سان؛ يىغىندى.

**ئەدەدسىز** عددسيز سان - ساناقسىز، ھېسابسىز، كۆپ.

**ئەدەدلىغ** عددليغ ساناقلىق.

**ئەدەس** عدس (ئە) ماشنىڭ بىر خىلى، يېسىمۇق، ئاق ماش.

**ئەدەش** عدش (ئە) نامى ئوخشاش، ئىسمىداش.

**ئەدەم** عدم (ئە) 1) يوق، يوقلۇق؛ 2) نابۇت، ئۆلۈم.

**ئەدەم ئەتمەك** — يوقاتماق، يوق بولماق؛ ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرماق؛

**ئەدەم ئەيلەمەك** — يوق قىلماق، نابۇت قىلماق؛

**ئەدەم بولماق** — 1) يوقالماق، يوق بولماق؛ 2) ئۆلمەك، يەر يۈزىدىن يوقالماق؛ 3) يامان ئەھۋالغا قالماق؛

**ئەدەم تەرىقى** — يوقلۇق يولى؛

**ئەدەم تۈنى** — پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋالقى يوقلۇق؛

**ئەدەم خانەقاھى** — ئۆزلۈكنى، خۇدادىن ئۆزگىنى ئۇنتۇش جايى؛

www.uyghurkitap.com

ئەدەم دەرياسى ــ يوقلۇق دەرياسى؛ يوقلۇق ئېقىمى؛
ئەدەم دۇرجى ــ ئۆزلۈكىنى يوقىتىدىغان جاي؛
ئەدەم رىشتەسى ــ يوقلۇق يىپى، يوقلۇق تۇزىقى؛
ئەدەم سەھراسى ــ يوقلۇق سەھراسى؛
ئەدەم شامى ــ يوقلۇق قاراڭغۇلۇقى، يوقلۇق تۈنى؛
ئەدەم قىلماق ــ يوق قىلماق؛
ئەدەم كۇنجى ــ يوقلۇق بۇرجىكى؛
ئەدەم كۇيى ــ يوقلۇق كوچىسى، مەنزىلى؛
ئەدەم كىشۋەرى ــ يوقلۇق مەملىكىتى، ئۇ دۇنيا؛
ئەدەم مۇلكى ــ يوقلۇق مەملىكىتى؛
ئەدەم مىسرى ــ يوقلۇق شەھىرى؛ يوقلۇق مەملىكىتى؛
ئەدەم نىھانخانەسى ــ يوقلۇق، يۇشۇرۇنلۇق؛ كۆرۈنمەسلىك؛ يوقىتىن بار بولۇش؛ تۇغۇلۇش، دۇنياغا كېلىش؛
ئەدەم ۋىلايەتى ــ يوقلۇق، نابۇتلۇق ۋىلايىتى؛
ئەدەم ئىقلىمى ــ يوقلۇق مەملىكىتى؛
ئەدەم يولىن تۇتماق ــ يوقىتىشقا كىرىشمەك؛
ئەدەمى تەئەييۇن ــ تايىنى يوق؛ ئىشەنچسىزلىك؛ بەڭباشلىق؛
ئەدەمى تەربىيەت ــ تەربىيىلىمەسلىك؛
ئەدەمى تەمەئ ــ تەمەسىزلىك، تەمە قىلماسلىق؛
ئەدەمى مۇناسىبەت ــ باغلانمىغان، باغلانماي قالغان؛
ئەدەمى ئۇلفەت ــ كۆڭۈل يېقىنلىقىنىڭ بولماسلىقى، ئاشناسىزلىق، ئۆزئارا قەدىرسىزلىك.

**ئەدەمگام** عدم كام (ئە + پ) قەدەم قويمىغان؛ ئۇچرىمىغان؛ بار بولمىغان.

**ئەدەمۋار** عدموار (ئە + پ) يوققا ئوخشاش، يوقتەك، يوقلۇق.

ئەدەمۋار ئەيلەمەك ــ يوقاتماق؛ ئۇنتۇماق.

**ئەدەن** عدن (ئە) يەمەندە ئەڭ ياخشى مەرۋايىتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر ئارالنىڭ نامى.

دۇررى ئەدەن ــ ئەدەن ئۈنچىسى:

«مىڭ ساغەر ئىچىلسە ئۇيلەكىم ئابى ھەيات،
يەرنىڭ تېھىدا دۇررى ئەدەن بولسا كېرەك»

ــ قىدىرى.

**ئەدەۋات** ادوات (ئە) [بىرلىكى: ئەدات] ئەسۋابلار؛ قوراللار.

**ئەدل** عدل (ئە) 1› ئادالەت، ئادىللىق، توغرىلىق، ھەققانىيلىق؛ ھەقلىق؛
2› ئىنساب.

«ئەگەر ئەدل ئىلە چىقسە ئاتى ئانىڭ،
جەھان ئىچرە ياخشى سىفاتى ئانىڭ»
— ئا. نىزارى.

**ئەدل ئاياغى** — مۇرۇۋۋەت جامى؛ ياخشىلىق؛ مەرھەمەت؛
**ئەدل ئەمرى** — ئادىللىق يولىيورۇقى؛ ئادىللىق كۆرسەتمىسى؛
**ئەدل ئەھلى** — ئادالەتلىكلەر، ئادىللار؛
**ئەدل ئەۋزانى** — ھەقىقەت ئۆلچىمى، مىزانى؛
**ئەدل ئەيلەمەك** — ئىنساب، ھەققانىيلىق كۆرسەتمەك، ئادالەت يولىنى تۇتماق؛
**ئەدل بارۇسى** — ئادالەت قولى؛ ئىرادە؛
**ئەدل بوستانى** — ئادالەت بېغى؛ ئادالەتنىڭ گۈللىنىشى، ياشنىشى؛
**ئەدل بۇنيادى** — ھەققانىيلىقنى ئورنىغا قويۇش، ئادالەتنى تىكلەش؛
**ئەدل تەرىقى** — ئادالەت يولىيورۇقى؛
**ئەدل جويبارى** — ئادالەت، ئىنسابنىڭ يولغا قويۇلۇشى؛
**ئەدل زەنجىرى** — ئادالەت زەنجىرى؛
**ئەدل سازىنى تۈزمەك** — ئادالەت ئورناتماق؛
**ئەدل قانۇنى** — ئادالەت يولىيورۇقى؛
**ئەدل قوياشى** — ئادىللىق، ئادالەتچىلىكنىڭ پارلاق ئەنئەنىسى؛
**ئەدل قىلماق** — ئادالەت يۈرگۈزمەك؛
**ئەدلۇداد** — ئادالەت، ئىنساب، ھەققانىيلىق بىلەن ئىرز سوراش؛
**ئەدل ئۆيىنى مەئمۇر ئەيلەمەك** — ئادالەتلىك، ھەققانىيلىقنى ئورنىغا قويماق؛ ئادالەتلىك بۇرچىنى ئادا قىلماق.

**ئەدلچە** عدلچه ئادالەتكە ئوخشاش؛ ئادالەتچىلىك، ئادىللىقچە.

**ئەدن** ادن (ئە) جەننەت، باغ.

**ئەدنا** ادنا (ئە) 1) تۆۋەن، ئەڭ پەس؛ 2) ئازغىنا؛ 3) كىچىككىنە، ئەرزىمەسگەن؛ 4) تۆۋەن تەبىقە ئادەملىرى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن تەبىقىسى؛ خار-زار كىشىلەر:

«بۇ دېھقانچىلىق كەسىبى ئەئلا دۇرۇر،
كى ئاندىن بۆلەك بارچە ئەدنا دۇرۇر».
— غەرىبىي.

**ئەدنازادە** — تۆۋەن ئادەملەر پەرزەنتى، ئەۋلادى؛
**ئەدنا مەقام** — ئەڭ پەس ئورۇن؛ ئەڭ تۆۋەن ئورۇن؛
**ئەۋ ئەدنا** — پەسراق، يېقىنراق (قۇرئاندىكى بىر ئايەتكە ئىشارە).

**ئەدھان** ادهان (ئە) خۇشبۇي ماددا؛ ياغلار.

**ئەدھەم** ادهم (ئە) 1) قارا؛ قارا تورۇق ئات؛ 2) ئىسىم (پادىشاھلىقتىن

www.uyghurkitap.com

ۋاز كېچىپ، تەسەۋۋۇف (سۇپىلىق) يولىغا كىرگەن بەلخ پادشاسى ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى):

«چۇ ئىبراھىمى ئەدھەم تەختۇ تاجىدىن گۇزەر ئەيلەپ،
ئۆزىنى ئاجىزۇ بىچارەۋۇ بىخانىمان قىلماق».

— زەلىلى.

**ئەدۇ** عدو (ئە) «ئەدۇۋ»غا قاراڭ.

**ئەدۇۋ** عدو (ئە) دۈشمەن، ياۋ، رەقىب.

«يىقىلدى دەپ زەلىلنى ئەدۇۋ شاد ئولماغىل ھەرگىز،
مەدەدكارى ئانىڭ سۇلتان ساتۇق بۇغرا خانىم بار».

— زەلىلى.

**ئەدۇۋ دامى** — دۈشمەن تۇزىقى؛ دۈشمەننىڭ ھىيلىسىگە گىرىپتار بولۇش؛

**ئەدۇۋدىن مۇبەررا قىلماق** — دۈشمەندىن خالىي قىلماق، قۇتۇلدۇرماق؛

**ئەدۇۋ قەسدى قىلماق** — دۈشمەننى يوقىتىشقا بەل باغلىماق.

**ئەدۇۋ بەند** عدوبند (ئە + پ) دۈشمەننى ئەسىر قىلغۇچى، قولغا چۈشۈرگۈچى.

**ئەدۇۋەش** عدووش (ئە + پ) دۈشمەنلەرچە قىلىق، دۈشمەنلىك قىلىش؛ دۈشمەنگە ئوخشاش ئىش تۇتقۇچى، دۈشمەن سۈپەت.

**ئەدۋار** ادوار (ئە) بىرلىكى: [دەۋر]
1) دەۋرلەر، ئايلىنىشلار؛ 2) مۇزىكا ئىلمىنىڭ بىر ساھەسى؛ مۇزىكا نەزەرىيىسى، شەرق مۇزىكىسىنىڭ كونا نوتا ئۇسۇلى؛ 3) مۇزىكىشۇناسلىق؛ مۇزىكىغا ئائىت كىتابلار.

**ئەدۋار ئىلمى** — مۇزىكىشۇناسلىق ئىلمى، مۇزىكا نەزەرىيىسى.

**ئەدۋىيە** ادويه (ئە) [بىرلىكى: دەۋا] داۋالار، دورىلار.

**ئەدىب** اديب (ئە) 1) تەربىيىچى، مۇئەللىم (ئوقۇتقۇچى)؛ 2) ئەدەبىياتچى.

**ئەدىل** عديل (ئە) 1) قەدرى-قىممىتىدە بىر-بىرى بىلەن باراۋەر بولغان ئىككى نەرسە ياكى ئىككى ئادەمنىڭ ھەر بىرى؛ 2) تۆگە ئۈستىدە ئىككى كاجىۋىدا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ ھەر بىرى؛ 3) ئوخشاش، تەڭ؛ باراۋەر.

**ئەدىلسىز** عديل‌سيز (ئە) مىسلىسىز، ئوخشىشى يوق، تەڭداشسىز؛ يىگانە.

**ئەدىم** عديم (ئە) يوق، بولمىغان، تېپىلماس.

**مىسلىڭ ئەدىم** — ئوخشىشىڭ، تەڭدىشىڭ يوق.

**ئەدىمۇلمىسل** عديم‌المثل (ئە) تەڭدىشى يوق، ئوخشىشى يوق.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)


فی الحال سلطان سعید خان و بابا خان سلطان را فرمودند که از اسپ فرود
و زانو زده بمن دریابند اسپان خان همین دو سلطان آمده بودند درین

